

# گۇلىستان

(ئەدەبىي تەرجىمىلەر)

23

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# گۈلستان

## (ئەدەبىي تەرجىمىلەر)

(23)

مىللەتلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

ئەجىب مەھفۇز ھېكايىلىرىدىن
ئاللانىڭ دۇنىياسى .................................. ( 1 )
قاتىل .................................................. ( 26 )
زەينە .................................................. ( 49 )
پىكپوسنىڭ ئىمزاسى ..................... گ. سىمېنون ( 80 )

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# نەجىب مەھفۇز ھېكايىلىرىدىن

نەجىب مەھفۇز 1988 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن مەشھۇر مىسىر يازغۇچىسى. مەھفۇز ھېكايىلىرى مىسىردا ئىنتايىن ئالقىشلىنىدۇ. مەجمۇئەمىزنىڭ 22 ـ سانىدا يازغۇچىنىڭ «مۇستەبىت» ھېكايىسىنى بەرگەنىدۇق، بۇ سانىدا «ئاللانىڭ دۇنياسى»، «قاتىل»، «زەينە» ھېكايىلىرىنى كىتابخانلارغا سۇندۇق. مەجمۇئەمىزنىڭ كېيىنكى سانىدىمۇ مەھفۇز ھېكايىلىرى داۋاملىق بېرىلىدۇ.

## ئاللانىڭ دۇنياسى

تازىلىق ئىشچىسى ئىبراھىمنىڭ ئىشقا چۈشۈشى بىلەن كاتىباتباشقارمىسى جانلىنىپ كەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن دېرىزىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئاچتى، ئاندىن ئالدىرىماي يەرلەرنى سۈپۈرۈشكە باشلىدى. بۆلمە ناھايىتى چوڭ ئىدى، ئۇ ئېڭىشىپ تۇرۇپ، ئۇزۇن سۈپۈرگىنى بىر خىل ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بىر قەدەمدە بىر توختايتتى، ئۇنىڭ بېشى سۈپۈرگىنىڭ رىتىمىغا ئەگىشىپ ئاستا لىڭشىيتتى، گويا بىر نەرسىنى مەززە قىلىپ چايناۋاتقاندەك، ئىڭەكلىرىمۇ توختىماي مىدىرلايتتى. ئاق كىرگەن ساقاللىرىمۇ بېشىنىڭ ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ لەپپەڭشىيتتى. ئۇنىڭ تاقىر بېشى پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ ھەربىر ئىشخانىغا كىرىپ، شىرەدىكى تۇپىلارنى سۈرتتى، چېچىلىپ ياتقان دېلو، خەت ـ چەك، ئارخىپ خالتىلىرى، يېزىق قوراللىرىنى

رەتلىك تىزىپ قويدى، ئاندىن ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ، ئىشخانىغا تەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى ۋە قايتىدىن ھەربىر ئىشخانىغا كىرىپ تەكشۈرۈپ باقتى. ئۇنىڭ كۆزىگە چىرايىدىن تۇرۇپ مەمنۇنلۇق ئۇرغۇسا، تۇرۇپ غەم-قايغۇ ياغمىدىغان ئەپەندىلەرنىڭ ئىشلەۋاتقان قىياپىتى كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇ بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىگە ئۆزى: "ئەتىگەنلىك تاماق ئەكېلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قاپتۇ" دېدى.

بىرىنچى بولۇپ ئارخىپچى كاتىپ ئەخمەت ئەپەندى ئىشقا كەلدى، 50 ياشلارغا كىرگەن بۇ قىران ئادەمنىڭ قۇرۇپ قالغان قاخشال دەرەخنىڭ قوۋزىقىدەك يۈزىگە غەم-قايغۇلار ئىز قالدۇرۇپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ماشىنىست مۇستاپا ئەپەندى ئىشخانىغا كەلدى. بۇ ئادەم كۆلۈپلا يۈرەتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئەسەبىيلىك بىلەن تولغان كۆلكىسى ئىچىدىكى كۈنساناپ ئېغىرلىشىۋاتقان غەم-ئەندىشىنى يوشۇرۇپ قالالمايتتى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا يۈرۈش-تۇرۇشى سىرلىق، كىشىگە سىر بەرمەيدىغان سەمىر كەلدى، باشقارمىدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان بۇنداق قارىشىدا ئىختىلاپ يوق ئىدى. جۇندى چىرايىدىن قارىغاندا ئاغزىدىن ئانا سۈتى تېمىپ تۇرغان گۆدەك بالىدەك كۆرۈنەتتى. بۇ چاغدا سىپتا-سىپايى مۇستاپا ئەپەندىدىن كېلىۋاتقان ئەتىرە پۇرىقى ئىشخانىنى بىر ئالدى. ئۇنىڭ قولىدىكى ئۈزۈك ۋە سائىتى پارقىراپ تۇراتتى، گالستۇكىنى قىسىپ قويغان، ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن چىرايلىق بىر كەپتەرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلۈپ نەپىس ئىشلەنگەن قىسقۇچ ئالا ـدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئاخىرىدا، كاتىبات باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى پروفېسسور

كامل ئەپەندى كەلدى. ئۇ بەكمۇ سۇرلۇك ـ سالاپەتلىك بولۇپ، قولىدىكى تەسۋىيى پارقىراپ كۆزنى قاماشتۇراتتى.

كاتىبات باشقارمىسى قىزىپ كەتتى، كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى ۋە قەغەزلەرنىڭ شىتىرلاشلىرى ئۇزۇلمەي قۇلاققا كىرىپ تۇراتتى. لېكىن ئەمەلىيەتتە بولسا ھېچكىم ئىشقا كىرىشمەيگەندى. مۇدىر جانابلىرىمۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن تېلېفون بىرىۋاتاتتى. گېزىتلەر خۇددى شامالدا لەپىلدىگەن بايراقتەك شارت ـ شۇرت قىلىپ ۋاراقلىناتتى. لۇتفى ئىسىملىك بىرەيلەن گېزىتتىكى خەۋەردىن كۆزنى ئۈزمەي تۇرۇپ:

ـــ بۇ يىل ئاخىر زامان بولغۇدەك... ـــ دېدى.

مۇدىر تېلېفون تۇرۇپكىسىغا يۇقىرى ئاۋازدا خۇشاللىق بىلەن:

ـــ ئايمۇ ئۆچۈپ كېتەرمۇ، ـــ دېدى.

ـــ توي قىلىش، بالىلىق بولۇش دېگەنلەر ئۆزىگە ئۆزى ئاۋارىچىلىق تاپقانلىق ئىكەن، بىز نېمىشقا يەنە توي قىلىمىز، بالىلىق بولىمىز؟ ھەي، بىر ياش ئانىسىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ! ـــ دېدى سەمىر.

ـــ بۇ دورا بازاردا بولمىسا، بۇنداق رېتسېپنى يېزىپ بەرگەننىڭ نېمە پايدىسى؟ ـــ دېدى ئەخمەت ئەپەندى ھاسىراپ تۇرۇپ بوغۇق ئاۋازدا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ جۇندى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇلدىكى بىنادىكى ئامبۇلاتورىيىگە قارىدى، دېرىزە ئالدىدا ئۆزى ئاق پەشماق، مەڭزى قىزىل كەلگەن نېمىس ئايال سېستىرا پەيدا بولدى. بۇ چاغدا لۇتفى يەنە كەسكىنلىك بىلەن دېدى:

ـــ مېنىڭ گېپىمگە ئىشىنىڭلار، ئاخىر زامان يېقىنلىشىپ قاپتۇ،

سلەرنىڭ ئويلىغىنىڭلاردىكىدىنمۇ تېز بولغۇدەك!

مۇدىر تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولى بىلەن توسۇپ تۇرۇپ، ھەمامغا بۇيرۇق قىلىپ:

— 130 ـ نومۇرلۇق 1 ـ ، 2 ـ ئالاقىنى تەييارلاپ قويۇڭ! — دېدى ـ دە، يەنە تېلېفوندا قىلىشۋاتقان قىزىق پاراڭ بىلەن بولۇپ كەتتى. ھەمام بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويماي گېزىتكە تىكىلىپ ئولتۇرىۋەردى ۋە چىشىنى غۇچۇرلىتىپ:

— ئاناڭنى نەس باسسۇن! — دېدى.

بۇ چاغدا ئىبراھىم تاغا چولڭ بىر پەتنۇستا سەندۇۋىش، گۆشسىز قىيما، ئېرىمچىك، قەن ـ گېزەك ئېلىپ كىرىپ، كۆپچىلىككە تارقىتىپ بەردى. كىشىلەر بۇ ئېسىل يېمەكلىكلەرنى مەززە قىلىپ چايناپ، ئاغزىنى چاكىشتىپ يېيىشەتتى، لېكىن كۆزلىرىنى گېزىتتىن ئۈزمەيتتى. ئىبراھىم كاتىبات باشقارمىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ، ئىشتىھا بىلەن ناشتىلىق يەۋاتقان بۇ كىشىلەرگە ھارغىن، نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن قىزىقىپ قاراپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز، ئەخمەت ئاغزىغا لىق تىقىۋالغان يېمەكلىكنى مالاچلىتىپ چايناپ تۇرۇپ:

— ئىبراھىم تاغا، ماشىنى ئېلىپ كېلىڭ! — دېدى.

ئىبراھىم چىقىپ كەتتى. بىر سائەتتىن كېيىن گىرىم بۇيۇملىرى ساتىدىغان سېتىقچى كەلدى، ئۇ ھەر ئاينىڭ بېشىدا دېگۈدەك كېلەتتى ۋە ئىشخانىمۇ ـ ئىشخانا يۈرۈپ ماللىرىنى بازارغا سالاتتى. خادىملار كەينى ـ كەينىدىن چىقىشىپ ئۇنى ئورىۋېلىپ، ماللارنى تالىلاشقا باشلىدى. ئىبراھىمنىڭ قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى، كۆپچىلىك ئۇنىڭ ماشىنى تېزرەك ئېلىپ كېلىشىنى

كۈتەتتى. يەنە بىر سائەت ئۆتتى، سېرىق ماي ساتىدىغان سېتىقچىمۇ كەلدى. ئېھتىياجلىق بولغانلار ئۇنىڭدىنمۇ ئېلىشتى، سېتىقچى بىر ياندا كۆپچىلىكنىڭ پۇل تۆلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى، لېكىن ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ ئالدىرىغىنى بىلەن كارى يوق ئىدى. پەقەت مۇستاپالا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئىبراھىم تاغا كەلگەندە بىر نەرسە دەيلى...، — دېدى باشقىچىرەك تەلەپپۇزدا.

چىرايى تۇتۇلغان سېتىقچى بىرنېمىلەرنى دەپ غۇتۇلداپ ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى. ماشىنىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى، سەمىز بىرمۇنچە مۇھىم ماتېرىيالنى كۆتۈرۈپ ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا ھويلىدىن ئىشخانىغا كۈننىڭ ئازراق شولىسى چۈشتى، جۇندى يەنىلا دېرىزىدىن ئۇدۇلدىكى بىنادىكى ئامبولا-تورىيىنىڭ دېرىزىسىگە قاراپ تۇراتتى. مۇدىر بىر جىددىي ئىش چىقىپ قالغاندەك، ئىبراھىمنى تونۇلدى. مۇستاپا شۇ چاغدىلا ئىبراھىمنىڭ مالىيە بۆلۈمىدىن تېخى قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى، ئەخمەتمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— بۇ ئادەم ئەجەب كەلمەي كەتتىغۇ؟! — دېدى.

سېرىق ماي ساتىدىغان سېتىقچى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، باشقا ئىشخانىلارغا بېرىپ كېلىش ئۈچۈن كەتتى. ئەخمەت ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنىڭ يېنىغا كېلىپ، بېشىنى چىقىرىپ ئەتراپقا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— ئۇنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، نېمىشقا قايتىپ كەلمەيدىغاندۇ ئۇ ھاماقەت! — دېدى.

ئۈچىنچى سائەتمۇ ئۆتۈپ كەتتى، ئەخمەت تاقەت قىلىپ

تۇرالماي، مالىيە بۆلۈمگە بېرىپ ئىبراھىمنى تېپىپ كېلىشكە دەپ ۋارقىراپ چىقىپ كەتتى، لېكىن ھەش ـ پەش دېگۈچە يەنە قايتىپ كېلىپ، ئاچچىقلانغان ھالدا:

ــ ئۇ بىر سائەت بۇرۇن ماشىنى ئېلىپ كېتىپتۇ! شۇ چاققىچە نەدە يۈرۈيدىكىنە ئۇ سارالك؟! ــ دېدى.

ــ ئۇ ئۆزىنىڭ ماشىنى ئاپتۇمۇ؟ ــ دەپ سورىدى لۇتفى.

ــ ئاپتۇ! ئۇلار ماڭا ئۇنىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى، ــ دېدى ئۇ ئەلپازىنى بۇزۇپ.

ــ بەلكىم بازارغا كەتكەندۇ.

ــ ماشىنى بىزگە تارقىتىپ بەرمەيلا كېتەمدۇ؟!

ــ ئۇ يىراققا كەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىشقا كېلىدۇ ـ دە.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆپچىلىكنىڭ چىرايى ئازراق ئېچىلدى. مۇستاپا ئادىتى بويىچە كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ ئويلاپ بېقىڭلار، پۇلنى يولدا كەلگىچە ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويغان بولسىچۇ؟ ــ دېدى.

كۆپچىلىك كىشىنىڭ غەمنى كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە سوغۇققىلا كۈلۈپ قويۇشتى، روشەنكى، بۇ كۈلكىدىن ئۇنىڭ سۆزىنى ئىنكار قىلىش ئىپادىسى چىقىپ تۇراتتى. لۇتفى دېدى:

ــ ياكى باشقا چاتاق چىقىپ قالغان بولسىچۇ!

ئۇ باشقىلارنىڭ ئىشەنمەيۋاتقانلىقىنى سېزىپ:

ــ ئىبراھىمدىن چاتاق چىقىپ قالىدىغان بولسا، پۈتۈن كاتىبات باشقارمىسىدىكىلەرنى تازا نەس باسقىنى شۇ! ــ دەپ قوشۇپ قويدى.

— ئۇ ئۈز ئالدىغا ئايرىم ھېساب ئاچماقچى بولۇشىمۇ مۇمكىن، — دېدى ئەخمەت گەپنىڭ ئوچۇقىنىلا قىلىپ.

كۆپچىلىككە ئۇنىڭ بۇ گېپى ئىچى قارىلىق قىلىپ ئېيتىلغاندەك تۇيۇلدى. لېكىن، مۇدىر بولسا ئۈزىنىڭ بىر چاغلاردىكى بەختلىك مىنۇتلاردا ئېرىشكەن قەلىمى بىلەن شىرەنى قاتتىق چېكىپ، پۈتۈن باشقارمىنى تىنچلاندۇردى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كۆڭلى باشقىلارنىڭكىدىنمۇ پەرىشان ئىدى.

— بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالغان بولسا، بۇ پۇل قانداق بولۇپ كېتەر؟ — دېدى جۇندى.

— ئوغرى ئېلىۋالغان بولسا دېمەكچىمۇ-سىز؟

ھېچكىم كۈلمىدى. جۇندى يەنە دېدى:

— ھەر خىل ئىشلار يۈز بېرىشى مۇمكىن.

— بۇنىمۇ بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ، ئالايلى، ئادەم جىق، قىستى-قىستاڭچىلىق بولۇپ كەتكەن يەرلەردە بىرسىنىڭ قاپچۇقى يوقاپ كەتكەن، باشقىلار ئىبراھىمدىن گۇمان قىلىپ ئۇنى ساقچى ئىدارىسىگە ئاپىرىپ بەرگەن بولسا، ئىش ئېنىقلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن قويۇپ بېرىدۇ-دە؛ يا بىر يەردە ئۆلۈپ قالدىمىكىن بۇ ھارامزادە!

چاقچاق دەرھال توختاپ قالدى، كىشىلەرنىڭ چىرايلىرى بىر-بىرىدىن جىددىي تۈس ئېلىشقا باشلىدى، كەيپىياتمۇ سۈسلاشتى، ۋاقىت ئىنتايىن ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى، ھېچكىم گەپ قىلمىسىمۇ، ھەممەيلەننىڭ چىرايىدىن "بۈگۈن مەن نېمە بولدۇم؟" دېگەن سوئال چىقىپ تۇراتتى.

ئەخمەت ئىبراھىم تاغىنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ساقچى ئىدارى-

سىگە كەتتى. قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ چىرايى كىشىلەرنى تېخىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈردى. بۇ چاغدا مۇدىرنىڭ كاللىسىدا كىشىنىڭ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ئاجايىپ بىر خىيال پەيدا بولدى: ئۇ سارالڭ قېرى تۇيۇقسىزلا ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا قانداق بولار؟ ئەلۋەتتە ھېچكىم ئۇنى ئاياپ قويمايدۇ، ھەممەيلەن ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايدۇ، ئۇنىڭ باشقىلاردىن كەچۈرۈم سوراشتىن باشقا ئىلاجى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نېمە قىلالايدۇ؟ لۇتفىنىڭ خوتۇنى باي ئايال؛ سەمىز ئۇچىغا چىققان قۇلاق كەستى بىر نېمە، ھەرنېمە قىلىپ پۇل تاپالايدۇ؛ لېكىن نۇرغۇن بىچارىلەر بار، مەسىلەن، ئەخمەتنى ئالساق، ئۇ بۇ قېتىم تولگەشتى-دە!

سېرىق ماي ساتىدىغان سېتىقچى قايتىپ كەلدى، ئۇ بىرنېمە دېگۈچە مۇدىر ئالدىغا ئۆتۈۋالدى:

— ساقلاپ تۇرۇڭ، دەم ئېلىش ۋاقتى تېخى بولمىدى! بۇ يەر بازار ئەمەس، ھۆكۈمەت ئورگىنى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قالغان سېتىقچى ئىلاجسىزلىقتىن لام-جىم دېمەي كېتىشكە مەجبۇر بولدى. تەپسىلىي ئەھۋال ئىگەللەش ئۈچۈن ساقچى ئىدارىسىدىن ئادەم كەلدى، دەسلەپتە ئۇلار بۇلار چاقچاق قىلىۋاتقان بولسا كېرەك، دەپمۇ ئويلىغانىدى، لېكىن كېلىپ قارىسا كەيپىيات راستىنلا باشقىچە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چاقچاق-پاقچاق دېگەننى قويۇپ، بۇ ئىشقا جىددىي قاراپ، بىردىن-بىردىن ئەھۋال ئىگەللەشكە باشلىدى. ئەخمەت ئۆزىنى بېسىۋالالماي:

— مېنىڭ كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئىش خېلىلا چاتاق، پۇلنىڭ يۇتكىنى يۈتكەن بولدى، — دېدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن چىقىپ بۆلۈمىنىڭ ئىشىك باقىقۇچىسىدىن سوراپ باقاي! — ئۇ ئالدىراشلا چىقىپ كەتتى، قايتىپ كېلىپ كۆپچىلىككە:

— ئىشىك باقار ئىبراھىمنىڭ ئەتىگەن سائەت 9 لاردا چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ، — دەپ ۋارقىرىدى ئۆزىنى باسالماي. ئۇنىڭدىن كېيىن:

— بۇ بىر كېلىشمەسلىك بولدى، بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئىش بولدى! ئەمەلىيەتتە ئۇ قىزىنىڭ ئۆزىنى ساتسىمۇ بۇنچىلىك پۇلغا ئالالمايدۇ. ۋاي خۇدايىم، بۇ ئاينى قانداقمۇ ئۆتكۈزەرمىز؟! — دېدى كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا يىغلامسىراپ.

لۇتفى بەزىلەرنىڭ تۇرۇپ-تۇرۇپ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ، قاپىقىنى تۈرۈپ، روھى چۈشكەن ھالدا:

— بۇ راستىنلا بىر كېلىشمەسلىك بولدى، بەلكىم سىلەر مەندىن بۇ ئىش ساڭا تەسىر قىلامدۇ، قىلمامدۇ دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن، دۇرۇس، مېنىڭ باي خوتۇنۇم بار، لېكىن ئۇ بەكمۇ پىخسىق، ماڭا بىر تىيىنمۇ بەرمەيدۇ! — دېدى.

كۆپچىلىك: “ئۆزەڭنى كەمبەغەل كۆرسىتىۋاتقىنىڭنى تېخى!” دەپ ئويلىدى، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. ئەخمەت ئېغىز ئاچتى:

— سىلەر ئاللاغا ئىشىنەمسىلەر؟ ھەممىدىن ئۇلۇغ، رەھىم-شەپقەتلىك ئاللاغا ئىشىنەمسىلەر؟ مەن ھەر ئايدا مائاش ئېلىپ، ئىككىنچى كۈنىلا يانچۇقۇم قۇرۇقدىلىپ قالىدۇ، ھەر كۈنى ئىشقا كېلىمەن، كېتىمەن، بىر ئوتلام قەھۋە، بىر ئىستاكان چاي ئىچەلمەيمەن، بىرەر تال تاماكىمۇ چېكەلمەيمەن، ھېچقانداق قاتناش

قورالمىمۇ يوق، بالىلىرىم كۆپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوتتۇرا مەكتەپتە، بەزىلىرى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ، كىتاب-دەپتەر خىراجىتى مېنى قەرزگە بوغۇۋەتتى، ۋاي خۇدايىم، مەن نېمىمۇ قىلالايتتىم؟!

سائەت بىردىن ئەمدىلا ئاشقان ئىدى، مۇدىر روھسىز ھالدا ئورنىدىن تۇردى، ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ:

— باش تەپتىشكە خەۋەر قىلىش كېرەك، — دېدى.

باش تەپتىش خاپىلىق ئىچىدە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ سورىدى:

— نۇرغۇن پەرەزلەرنى قىپسىلەر، ئۇ ئەمدى قايتىپ كەلمەسمۇ؟

— راستىنى ئېيتقاندا، مەن ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىمنى ئۈزدۈم، ھازىر سائەت ئىككى بولاي دەپ قالدى!

باش تەپتىش تەنقىدىي تەلەپپۇزدا:

— سىزگە ئايان، سىلەرنىڭ ئۇسۇللىرىڭلار خاتا، مىنىستىرلىكنىڭ ئىزچىل تەلىپىگە خىلاپ...، — دېدى.

مۇدىر بېشىنى سالغىنىچە جىم ئولتۇرۇپ، باش تەپتىشنىڭ تەنبىھىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ دېدى:

— ھەممە ئورۇنلار مۇشۇنداق قىلىدۇ غۇ...

— ئۇبدان ئاڭلاڭ، تېزنى ياپسا مېزى چىقىپتۇ دېگەن شۇ-دە! سىز ماڭا بىر پارچە ماتېرىيال يېزىپ بېرىڭ، مەن ئۇنى مىنىستىر-نىڭ ياردەمچىسىگە تاپشۇرىمەن...

لېكىن، مۇدىر قىلچە تەۋرەنمىدى:

— ھازىر ھەممەيلەن مائاشنى ئېلىشقا بەكمۇ ئالدىراۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ئەھۋال بۇ چاغقىچە بولۇپ باقمىغان...

www.uyghurkitap.com

— سىزگە مەن قانداق قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟

— بىز مائاشىمىزنى ئالالمىدۇق، مائاش دەپتىرىگە قولىمۇ قويمىدۇق...

— پاكىتنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ، مەسئۇلىيەتتىنمۇ قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ...

كەيپىيات تېخىمۇ جىددىيلەشتى، ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ يۈرگەن مۇدىر لەسسىدە سولىشىپ قالدى، باش تەپتىش ئۇنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. مۇدىرنىڭ پوزىتسىيىسى يۇمشىدى، ئۇ ئېغىر قەدەم تاشلاپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى، باش تەپتىش زۇۋان سۈرمەستىن، شىرەدىكى خەت-چەكلەرگە تىكىلىپ تۇرىۋەردى، مۇدىر ئىشىكتىن چىقاي دېگەندە باش تەپتىشنىڭ ئىلاجىسىزلىقتىن ئېيتقان مۇنۇ سۆزى ئاڭلاندى:

— سىلەر ساقچىغا مەلۇم قىلىڭلار.

ئۇلار ساقچى ئىدارىسىگە كېلىپ، باشلىقنىڭ ئىشخانىسى تەرەپكە ماڭدى، كارىدوردا بىرمۇنچە ئاياللار ئولتۇراتتى؛ بىر ساقچى ئۇرۇشۇپ كىيىملىرى يىرتىلىپ ۋە قان بولۇپ كەتكەن بىرنەچچە ئەركىشىنى سىرتقا ھەيدەۋاتاتتى؛ ئىشىكى مەھكەم يېپىقلىق بىر ئۆيدىن ئېچىنىشلىق نالە-پەرياد ۋە يالۋۇرغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مۇدىر كامىل ئەپەندى ساقچى باشلىقىغا ئىشنىڭ جەريانىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. ئۇ مۇنۇلارنى ئېيتتى: ئىبراھىم 55 ياشلىق خىزمەتچى، ئۇ 10 ياشقا كىرگەن يىلىلا مىنىستىرلىككە كېلىپ، باسما زاۋۇتىدا ئىشلىگەن، كېيىن باشلىقنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلىقى ئۈچۈن قارا خىزمەتچىلىككە چۈشۈرۈپ قويۇلغان، ئاساسىي مائاشى ئالتە فوند ئىدى، باشقارمىدىكىلەرنىڭ

ھەممىسى ئۇنى ياخشى ئادەم دېيىشىدۇ، لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا باشقىچە ئەھۋاللارمۇ بولۇپ قالاتتى، بەزىدە ئۇ ئىگىز - پەس گەپلەرنىمۇ قىلىپ قوياتتى، ئۆزى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئىشلارنىمۇ قىلىپ قوياتتى، ئۆزىنىڭ سىياسىي قاراشلىرىنى ناموۋاپىق ئىپادىلەپ قوياتتى، ۋەھاكازالار. ئۇنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىغا كەلسەك، ئاڭلىشىمىزچە، ئۇ ھەللە كوچىسىدىكى 111 - ئۆيدە تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلىپ جازالانغانلىقىنى ياكى گۇمانلانغۇدەك ئەسكى ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق.

ساقچى باشلىقى بۇ ئەھۋاللارنى تەپسىلىي يېزىۋالغاندىن كېيىن:

— ئالدى بىلەن مۇنداق بىر نەرسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، ئۇ مەلۇم بىر ۋەقەنىڭ قۇربانى بولغان ئەمەس. باشقا ئەھۋاللارنى بولسا ئويلاپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇلار بۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇر بولدى ۋە خۇددى ھوشسىزلاندۇرۇش دورىسى ئىچكەندەك خۇدىنى يوقىتىپ قويۇشتى. ئۇلار ئىشكىتىن چىقىپلا ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشقا باشلىدى، ئۇلار ئۆيلىرىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن دۇچ كېلىدىغان ئېغىر سىناقتىن — تۈگىمەس سوراق ۋە تاپا - تەنىلەردىن ئەندىشە قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى كۆپچىلىك بىللە مەسلىھەتلىشىپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى تېپىش ئىدى. لېكىن ئاخىردا ھېچ ئامال تاپالماي بولدى قىلىشتى. مۇدىر مەيۇس ۋە ئۈمىدسىز ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدى - دە، دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، قارت ئويناش بىلەن بولۇپ كەتتى؛ ماشىنىست مۇستاپا شەئىدىيىيە دەرۋا-زىسى تەرەپكە كەتتى — ئۇ قولى سەل قىسقىراپ قالغان چاغلاردا

شۇ يەرگە بېرىپ گۆرۈخانىدىن جازانىگە پۇل ئالاتتى؛ لۇتفىغا كەلسەك، ئۇنىڭ خوتۇنى بار ـ دە! ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ تاپقان ـ تەرگىنى ئۆينىڭ خىراجىتىگە يېتىدۇ، لېكىن ئۇ ئازراق پەم ئىشلە ـ تىپ، ئۆزىنىڭ بىر ئايلىق خىراجىتىنى ئوندۇرۇۋېلىشى كېرەك؛ جۈندى بولسا بويتاق، دادىسىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ياشايدۇ. ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى دادىسىغا: "دادا، مېنى بىر ئوقۇغۇچى قاتارىدا كۆرۈپ، مېنىڭ مۇشۇ بىر ئايلىق تۇرمۇش خىرا ـ جىتىمنى ئۆزىڭىز چىقىرىڭ" دېيىش قارارىغا كەلدى. ھەمام قوشنىلار ئۇيۇشتۇرغان ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىغا قاتناشقان خوتۇنىنى گەپكە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ كىيىم ئالىدىغان پۇلىنى ئېلىپ ئىشلەتمەكچى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يالۋۇرۇشقا، ھەتتا تىل ئىشتىپ، تاياق يېيىشكە توغرا كەلسىمۇ، بۇنىڭدىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. سەمىر ئۈچۈن بولسا بۇ ئانچىمۇ چوڭ ئىش ھېسابلانمايتتى، ئۇ ئىشخانىدا ئۆزى يالغۇز قالغان چاغدا:

— ئەگەر پارا بەرمىگەن بولسام، ئالىلقاچان تۇرمىگە كىرىپ كەتكەن بولاتتىم ـ دە! — دەپ قويدى.

ئەمدى خىزمەتداشلىرى قاپقىدىن قار ياغدۇرغان ئادەم دەپ قارايدىغان ئارخىپچى كاتىپ ئەخمەتلا قالدى. ئۇ گاڭگىرىغان ھالدا، دەلدۈگۈنۈپ كېتىپ باراتتى، يولدا ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلارنىڭ گۈر ـ گۈرلىرى ۋە ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ ئېسىنى يوقاتقان بولۇپ، چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆيىگە كىرىپلا ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلىدى ـ دە، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى. ئۇنىڭ ئايالى تاماق كۆتۈرگەن پېتى ئالاقزادە بولۇپ

يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— نېمە بولدىڭىز؟

ئۇ باش - ئايىغى يوقلا قىلىپ دېدى:

— بۇ ئايلىق ماشىنىمىز يوق بولدى!

ئايال ئەجەبلىنىپ سورىدى:

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟! ئىبراھىم تاغا ماشىنىنى چۈشتىن بۇرۇن ئۆيگە ئەكىلىپ بەردىغۇ!

ئەخمەت بۇ گەپتىن ھەيران قېلىپ ئورنىدا ئىتتىك راۋرۇس ئولتۇردى. ئۇ خوتۇنىنىڭ بىر تاتازا پۇلىنى كۆتۈرۈپ كەلگىنىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى — چۈنكى ئۇنىڭ بىر ئايلىق ماشىنى ئالدىدا تۇراتتى! ئۇ خۇشاللىقىدىن خۇدىنى يوقىتىپ قويايلا دەپ قالدى ۋە ئىككى قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ:

— ئىبراھىم تاغا، ئاللا سىزگە شانۇ - شەرەپ ئاتا قىلسۇن! بەختىڭىزنى زىيادە قىلسۇن! — دەپ ئىبراھىمغا چىن كۆڭلىدىن بەخت تىلىدى.

مانا مۇشۇ ۋاقىتتا، ئىبراھىمنىڭ ئۆيىگە ساقچىلار تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئۆي ئىنتايىن كونا ۋە پاكار بولۇپ، ھويلىسىنىڭ تاملىرى ئۆرۈلۈپ چۈشەيلا دەپ قالغانىدى. ئۆيدىكى بىساتلار بەكمۇ ئاددىي بولۇپ، ئۆيدە بىر ئەبجەق ئورۇندۇق، بىر بورا، بىر مەش، بىر قۇر كىيىم ۋە يوغان بىر يوتقان بولغاندىن سىرت سىڭار كۆز بىر ئايال بار ئىدى. بۇ ئايال ئىبراھىمنىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن ئېرىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، ئۇ مىنىستىرلىككە كەتتى، دەپ جاۋاب بەردى. يەنىمۇ قىستاپ سورىغاندا بولسا، ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىغان-

لىقىنى ئېيتتى. ساقچىلار دەرھال ئۆيىنى ئاختۇرۇۋىدى، ئۆيىدىن بىر يەكتەكتىن باشقا ھېچنېمە تېپىلمىدى، ئۇلار يەكتەكنىڭ يانچۇقىدىن ئازغىنا تاماكا ئۇۋاقلىرىنى تاپتى. ھېچ ئامال قىلالماي، ئاخىرى ئۇ ئايالنى ساقچى ئىدارىسىغا مەجبۇرىي ئېلىپ كەتتى. خېلى ئۇزاق ۋاقىت سوراق قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئايال ئىبراھىمنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى ۋە ئوغرىلىق قىلىدى، دەپ ئەيىبلەنگەنلىكى توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئۇ توختىماي يىغلايتتى ۋە ئۇنى تىللايتتى. ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ يېڭى توي قىلغان ۋاقتىدىكى ئىشلارنى ھېكايە قىلاتتى: ئۇ چاغدا ئىبراھىم بىر ياخشى ئادەم ئىدى، ئىككەيلەن باللىق بولدى، كۆڭلى قىيىنراق بولسىمۇ، ئىناق ئۆتۈشتى. ئۇنىڭ بىر بالىسى قانال رايونىدا ئىشلەيتتى، نەچچە يىلدىن بۇيان ئوغلى بىلەن ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالدى؛ يەنە بىر بالىسى ئون ياش ۋاقتىدا تۇرام دېگەن يەردە يۇز بەرگەن ۋەقەدە قازا تاپقانىدى؛ قىزى بىر قۇرۇلۇش ئىشچىسى بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، ئېرى بىلەن بىللە مىسىرنىڭ ئەڭ يىراق بىر يېرىگە كەتكەنىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇمۇ چوڭ ئاكىسىغا ئوخشاش ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تۇرمۇشىدىن غايىب بولدى. ئۇ ئىبراھىمنىڭ يېقىنقى بىرنەچچە ئايدىن بۇيان ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، راستىنلا قېرىغانسېرى ھاماقەتلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. مانا قاراڭ، سىرتتا ئىبراھىم فۇئاد قەھۋەخانىسىدا لاتارىيە بېلىتى ساتىدىغان بىر قىز بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ كېتىپتۇ دېگەن گەپلەر تارقىلىپ يۈردى، مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى قوشنا ـ قولۇملار ئالدىدا نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇشقانىدى.

پايـىلاقچـىلار دەرھال فۇئاد قەھۋەخانىسـىنى ئاختۇرۇپ، بىر-نەچچە ياش بالىنى تۇتۇپ كەلدى، ھەتتا ئاياغ مايلايدىغان مايلام-چى باللارنىمۇ قالدۇرماي ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ئىبراھىمنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى ئەسلەشكە تىرىشتى. ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى مۇنۇلار ئىدى: ئېنىقنى بىرنەچچە ئايدىن بېرى، ئىبراھىم ھەمىشە يول بويىدىكى ئورۇندۇقلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدا ئولتۇرۇپ، قەھۋە ئىچكەچ ھېلىقى ئەنگلىيىلىك قىزغا ئاچكۆزلۈك بىلەن قارايتتى. قەھۋەخانىدىكىلەرمۇ لاتارىيە بېلىتى ساتىدىغان بۇ قىزغا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى، ئەمەلدىلا 17 ياشقا كىرگەن بۇ قىزنىڭ يوغان كۆزلىرى، يەلكىسىدە يېيىلىپ تۇرىدىغان ساپسېرىق چاچلىرى كىشىنى بەكمۇ مەھلىيا قىلاتتى. ئۇ قىز ئەسلىدە تاماكا كۆتىكىنى تېرىدىغان قىز ئىدى. ئېلىپ كېلىنگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ قىز بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋىتى بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى، قەھۋەخانىغا دائىم كېلىپ تۇرىدىغان بەزى ئاقكۆڭۈل كىشىلەرنىڭمۇ ئۇ قىز بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىبراھىم ئۇ قىزغا بەكمۇ دىققەت قىلاتتى. ئىبراھىم دەسلەپتە ئۇ قىزنى يولدا ئۇچراتتى، كېيىن ئۇنىڭ فۇئاد قەھۋەخانىسىدا ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ھەر كۈنى كەچتە شۇ يولنىڭ دوقمۇشىدا ساقلايدىغان بولدى. بەزىدە ئۇ لاتارىيە بېلىتى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇ قىزنى چاقىراتتى، ئەمەلىيەتتە، مەقسىتى ئۇ قىزنى بىردەم بولسىمۇ كۆپرەك كۆرۈۋېلىش ئىدى. قىز ئۆزىنىڭ سەزگۈرلۈكى بىلەن ئىبراھىمنىڭ ئۆزىگە شەيدا بولۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ، بۇ سىرنى شېرىكلىرىگىمۇ ئاشكارىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىبراھىمنى پايلاپ يۈرىدىغان بولدى ۋە چاقچاق قىلىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئوبيېكت

www.uyghurkitap.com

قىلىۋالدى، ئۇلاردىن خەۋىرى بولمىغان ئىبراھىم بىخارامان ھالدا ئۇ قىزغا ئاشىق بولۇپ يۈرىۋەردى.

بىركۈنى ئۇ قىز شېرىكلىرىگە تۇيۇقسىزلا ئىبراھىمنىڭ ئۆزىنى ئالماقچى بولغانلىقىنى، ئۇنى سەرگەردانلىق، ئىگە ـ چاقىسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، ئۇلار ئۇچىيى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشتى، ئۇ قىزنى قىزىقچىلىق قىلىپ، چاقچاق قىلىۋاتىدۇ دەپمۇ قىلىشتى، چۈنكى توي قىلىش ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىبراھىم ئۇنىڭ لايىقى ئەمەس ئىدى.

ئۇلاردىن بىرى مەسخىرە قىلىپ:

— ئۇ بەئەينى بىزگە ئوخشايدۇ، — دېدى.

ئۇ قىز خۇدىنى بىلەلمىگەن ھالدا:

— ئۇنىڭ دېگەن پۇلى كۆپ، — دېدى.

بۇ گەپتىن ئۇلار يەنە كۈلۈشۈپ كەتتى، بىراق كۈلكە ئۇزاققا بارمىدى. چۈنكى قىز غايىب بولۇپ كەتكەنىدى، قەھۋەخانىغىمۇ ئىككىنچى كەلمىدى، كېيىنچە ئۇ توغرىسىدا ھېچقانداق خەۋەرمۇ بولمىدى.

قانداقلا بولمىسۇن، ساقچىلارنىڭ كۆڭلى بىرئاز ئىزىغا چۈشتى، چۈنكى ئۇلار ئازراق بولسىمۇ يىپ ئۇچىغا ئىگە بولغانىدى، لېكىن ئۇلار بۇ يىپنىڭ يەنە بىر ئۇچىنىڭ ئەبۇقەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى — ئىبراھىم دەل شۇ يەردە ئىدى. ئۇ قىرغاقتا ئولتۇرۇپ بىردەم دېڭىزغا قارايتتى، بىردەم يېنىدىكى غۇنچە بوي جانانغا قارايتتى. قىزنىڭ سېرىق چاچلىرى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. چاچ ـ ساقاللىرىنى يېڭىلا ئالدۇرغان ئىبراھىمنىڭ تاقىر بېشىغا

كىيىۋالغان ئاق تەقىيىسى ئۇنىڭ يۈزىنى تېخىمۇ ئاق كۆرسەتتى. قىزنىڭ چىرايلىقلىقىنى كۆڭلىكى ئۆزىگە تولىمۇ ياراشقانىدى، گۈزەل ھۆسنى كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى. ئۇ ئىبراھىمنىڭ يېنىدا خۇددى ئۆيدە ئولتۇرغاندەك خاتىرجەم، بەھۇزۇر ئولتۇراتتى. 4-ئاي مەزگىللىرىدە ھاۋا تازا ئىسسىپ كېتەلمىگەچكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە دېڭىز بويىدا شامال كۈچلۈك بولغاچقا ئادەم ئاز ئىدى، سالقىنلىغىلى كېلىدىغانلار تېخى كەلمىگەنىدى، گىرىتسىيە ئاھالىلىرى تېخى دېڭىز بويىدىن يىراق يەرلەردە تۇراتتى. سۆيگۈ-مۇھەببەت بۇ گۈزەل ماكاندا جەۋلان قىلىپ ئۇچماقتا ئىدى. ئىبراھىم بىغۇبارلىقى بىلەن دۇنياغا تۇنجى قېتىم كەلگەندەك، كۆزلىرىدىن ئۈمىد ۋە خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. ئۇ ئىلگىرى دېڭىزنى كۆرۈپ باقمىغان، قاھىرە شەھىرىدىن چىقىپ باقمىغانىدى. ئۆركەشلەپ تۇرغان دېڭىز، ئۇزۇنغا سوزۇلغان دېڭىز قىرغاقلىرى، سۈپسۈزۈك ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتلار ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، كەيپىنى خۇش قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ يېنىچە ئولتۇرۇپ، بىردەم كۆتۈرۈلۈپ، بىردەم پەسىيىپ تۇرغان دولقۇن ئاۋازىغا دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى، خۇددى ئېغىر كىشەندىن ئەمدىلا قۇتۇلۇپ ئەركىنلىككە ئېرىشكەندەك، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان شېرىن مۇھەببەت قايىنىمىدا ئۈزۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭ چىرايىدىن خۇشاللىق ۋە بەخت كۈلكىسى كەتمەيتتى.

قىز ئىرىنچەكلىك بىلەن ئۇنىڭ يېنىدا ئۈن چىقماي ئولتۇراتتى، بۇنداق مەنىسىز كەيپىيات بارا-بارا ئۇنى زېرىكتۈرۈپ قويغاچقا، ئۇ ئولتۇرۇپ مۈگدەشكە باشلىدى. بىر قېتىم، كاتىبات باشقارمىسىنىڭ خىزمەتچىسى لۇتفى ئەپەندى گەپتىن گەپ چىقىپ ئۆزىنىڭ

ئەبۇقەير دېگەن بۇ يەرنى بىلىدىغانلىقىنى، ھەر يىلى يازدا بۇ يەرگە سەگىدەشكە بارىدىغانلىقىنى، بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل، مۇھىتى جىمجىت، راك، بېلىقلىرى مول جاي ئىكەنلىكىنى زوق-شوق بىلەن سۆزلەپ بەرگەنىدى. بۇ سۆزلەر ئىبراھىمنىڭ كاللىسىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغاچقا، ئۇنىڭدا بۇ يەرگە كېلىش خىيالى تۇغۇلۇشقا باشلىغانىدى. كېيىن ئۇ بۇ يەرگە قانداق بارىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى-دە، شېرىن ئاينى ئۆتكۈزۈشكە لازىم بولىدىغان كىيىم-كېچەك، گىرىم بۇيۇملىرى، سوۋغا-سالام ۋە باش ياغلىقى قاتارلىق ئاياللارغا ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى. ئۇ ئىنتايىن خۇشال ئىدى، كۈنبويى ئىجارىگە ئالغان ئۆيىدە ۋە دېڭىز بويىدا بولاتتى، بۇ يەردە ئۇنىڭغا مۇھەببەت ۋە خاتىرجەملىكلا ھەمراھ ئىدى، ئۇ بۇ يەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە قاراپ قانمايتتى؛ ئېسىل نازۇ-نېمەتلەرنى يەپ تويمايتتى، پۈتۈن كۈننى تاماكا چېكىش، چاي ئىچىش ۋە پاراڭلىشىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۇ بۇ يەردە بىر ھەپتىدىلا ئىلگىرىكى بىر يىللىق تۇرمۇشىغا يەتكۈدەك پۇلنى خەجلەپ بولدى! بۇ سۆيۈملۈك جانان ئېغىز ئاچسىلا، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەل قىلاتتى. قىزنىڭ ھەۋەس قىلىدىغان نەرسىلىرى كۆپ ئىدى، ئۇ ھەممە ئىشنى قىلاتتى، ھاراق ئىچەتتى، تاماكا چېكەتتى، بىر نەرسە دېمەكچى بولسا، گەپنى قىلچە يوشۇرۇپ ئولتۇرمايتتى.

— سىز بۇ پۇللارنى نەدىن تاپتىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ بىر كۈنى گەپنى ئەگىتمەستىن تۈزلا قىلىپ.

— مەن دېگەن ئېسىلزادىلەردىن، — دەپ جاۋاب بەردى ئىبراھىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

قىزنىڭ مەڭزى ھاراقتىن قىزىرىپ كەتكەنىدى، ئۇ گۇمانلىنىپ دېدى:

— مەن بىلمەن!

— ئاللا سىزنى كەچۈرگەي!

— سىزنىڭ ئاغزىڭىزدا نەچچە چىشىڭىز بارلىقىنىمۇ بىلمەن، نۆت چىشىڭىز بار، ئۈستىدە بىرى، ئاستىدا ئۈچى بار، — دېدى قىز زاڭلىق قىلىپ.

ئۇ بۇنداق مەسخىرىنى قىلچە پەسەنتىگە ئالماي، كۆلۈپلا ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇ ھەممە ۋاقىت غەم-قايغۇ ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، جاھىللىق بىلەن بەخت ئىزدەيتتى. بەختنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىتلىقلا نەرسە ئىكەنلىكىنى ئۇ ھەممىدىن ئوبدان بىلەتتى. ھازىر ئۇ تەستە ئېرىشكەن بۇ بەختنى ساقلاپ قېلىش كويىدىلا ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقىنى ئارزۇ قىلمايتتى؛ ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىغا بەخت قۇشى قونغان چاغدا، قوللىرىغا كويىزا سېلىنىپ تۈرمىگە ئېلىنىشتىن بۇرۇن، بەختتىن ئازراق بولسىمۇ بەھرىمەن بولۇۋېلىشنىلا ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭا ئۇ يېنىدىكى بۇ گۈزەل نازىنىن ئەلپازىنى بۇزۇپ، ھە دەپ چاتاق چىقىرىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا كۆز ئالدىدىكى مۇشۇ بەختتىن بەھرىمەن بولۇشقا تىرىشاتتى.

ئۇ قىزنىڭ ئىسكەندەرىيە پورتىنى بىر كۆرۈۋېلىش ئويى بولسىمۇ، ئىبراھىم بۇنىڭغا قوشۇلمىغانىدى. بۇنى ئويلىغاندا قىزنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، قەستەنگە مۇنداق دېدى:

— مەن سىزگە سىزنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلمەن دېگەنىدىم!

ئۇ بۇ سۆزگە بىۋاستە جاۋاب بەرمىدى، بەلكى چىرايلىق

www.uyghurkitap.com

زىننەت بۇيۇملىرىنى، مېۋە ـ چېۋە، سوغۇق ئىچىملىك ھەتتا سېتىش مەنئىي قىلىنغان تاماكىلارنى ئەكىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى، ئۇنىڭ قىزىلگۈلدەك يۈزلىرىگە سۆيدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ مېھرىبانلىق بىلەن دېدى:

ــ قاراڭ بۇ دېڭىزغا، بۇ مەنزىرە نېمىدېگەن گۈزەل. قاراڭ، مەن سىزگە شۇنداق كۆپ ياخشى نەرسىلەرنى ئېلىپ بەردىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنى يۇخادىن چىققۇچە ئوينىۋالسۇن دېگەندىلىكىم ئەمەسمۇ؟

ئۇ ھەقىقەتەن قىزنىڭمۇ ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە ”خوش ـ خوش“ دەپ، توققۇز تەزىم بىلەنلا ئۆتكەنىدى، ئۇنىڭ نەزىرىدىكى دۇنيا بىر پارچە لاي ـ تۇپراقتىنلا ئىبارەت ئىدى، ئۇ كۈنبويى ئۆلە ـ تىرىلىشكە قارىماي ئىشلەشنىلا بىلەتتى، ئۇنىڭ كۆڭلى ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن تولغانىدى. لېكىن ئۇ بۈگۈن بۇ يەردە ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان نەرسىلەرنى كۆردى. دېڭىز بويىدىكى قەھۋەخانىنىڭ رىشاتكىسىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئەتىگەنكى شەپەققە قاراپ تازا ھوزۇرلاندى.

كېيىن ئۇ دېڭىز بويىغا ساياھەت قىلىشقا كەلگەن بىرىنچى ئائىلىنى كۆردى ـ دە، كۆڭلى دەككە ـ دۈككىگە چۈشتى، ئۇنىڭغا ھازىرلا بالا ـ قازا كېلىدىغاندەك، بۇ ئائىلە ئۇ بەھرىمەن بولۇۋاتقان بەختنى پۈتۈنلەي تارتىۋالىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ بۇلارنى ئويلاپ، بەختتىن بەھرىمەن بولۇشنى تېزلەتتى، تاماكىنى تازا قاتتىق شوراپ ئۆزمەي چېكىشكە باشلىدى.

بىركۈنى ئۇ كۆكتات ساتىدىغان يەردە كاتىبات باشقارمىسىدىكى

لۇتفى ئەپەندىنىڭ ئۆي باشقۇرغۇچى بىلەن بىللە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى-دە، غىپپىدە ياندىكى كوچىغا كىرىپ كەتتى، كېيىن ئۇ كوچىدىن ئاستا چىقىپ ئىجارىگە ئالغان ئۆيىگە پەم بىلەن كېلىۋالدى. لۇتفى ھەر يىلى 7-، 8-ئايلاردا تۇرىدىغان ئۆيىنى ئالدىن تىزىملىتىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلەتتى، ئۇ بۇ يەردە نەچچە ھەپتىنى ئۆتكۈزۈپ، دېڭىز ساھىلىنى ئايلىناتتى، دېڭىز مەنزىرىسىنى تاماشا قىلاتتى.

ئىبراھىم مەيۈس ھالدا ئىشىكنى قاقتى. ئۇ ئۆزىنى يوشۇرىدىغان يەر تاپالماي قالغانىدى، ئۇنىڭ شېرىن خىيالى تېز سۇرۇلۇۋاتقان بۇلۇتتەك ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى، ئەمدى ئۇ گۈزەل جانان خۇددى نەپەس ئالغاندا چىققان ھاۋادەك ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كېتەتتى. گەرچە قىز شۇنداق چېچىلغاق، مىجەزى غەلىتە، بوينى قاتتىق، ئاغزى يامان بولسىمۇ يەنىلا ئوماق ئىدى، ئىبراھىم ئۇنى يەنىلا سۆيەتتى، قىزنىڭ ئۆزىگە بەخت ئېلىپ كەلگەنلىكىدىن بەكمۇ مىننەتدار ئىدى، ئۆز ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرگەن ياشلىق كۈچىدىن بەست بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاللادىن قىز ئۈچۈن كەچۈرۈم ۋە بەخت تىلىدى! ئۇ ئۆيىدە ئۆزىنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، قېپقالغان پۇلىنى ساناشقا باشلىدى، پۇلنى ساناپ بولۇپ چەك يۆگەپ مەيىدە يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. بۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۇ ئىشىك كەينىگە قارىغاندا قىز كىرىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ قىزدىن ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن-كۆرمىگەنلىكىنى سورىغانىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ھېيلىگەرلىك ئالامەتلىرى پەيدا بولدى. ئىبراھىمنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى، قىزنىڭ يېنىدا ياتقان بولسىمۇ كۆزىگە ھېچلا ئۇيقۇ كەلمىدى، پۈتۈن كېچىنى

www.uyghurkitap.com

ھەر خىل ئويلار بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭغا كۆڭلىنىڭ قات ـ قېتىدىن چىققان: ”پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۇنى كەتكۈزۈۋەتكىن“ دېگەن يېقىملىق بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى، ئۇ ئۆزىمۇ جاۋابەن: ”مەن يەنە بىرنەچچە كۈن ياخشى تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشۈم كېرەك!“ دېدى. ھېلىقى ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى: ”بولدىلا، پۇلنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۇنى تېزرەك يولغا سېلىۋەتكىن!“ بۇ گۈزەل سەرگەردان جانانىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى زادى كىمدۇ؟ بىر قېتىم ئۇ قىز ئادەتتىكىچە قىلىپلا ئۇنىڭغا: ”بۇ دۇنيادا مېنىڭ يېقىن ئادىمىم يوق“ دېگەنىدى.

ئىبراھىم مۇشۇلارنى ئويلاپ ياتاتتى، تۇيۇقسىز ئۇنىڭدا قاراڭغۇ كېچىدە بىر يىلان چىرمىشىۋالغاندەك غەلىتە بىر خىل تۇيغۇ پەيدا بولدى. ھە، بىر قول ئۇنىڭ مەيدىسىنى سىلاۋاتامدۇ! ئوغرى! ئىبراھىم ئۇخلاپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ پۇلىنى ئوغرىلىماقچى بوپتۇ ـ دە! نېمىدېگەن ھېيلىگەر نېمە بۇ ـ ھە! بۇ گۇناھكارنى دېمەمدىغان! ئىبراھىم كاپ قىلىپ قىزنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى، قاراڭغۇدا ئۇ قىزنىڭ ھاسىراپ تىنىۋاتقان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. ھەر ئىككىسى جىم بولۇپ قالدى، ئاخىر ئىبراھىم ئېچىنغان ھالدا:

— نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىسەن؟ مەن سېنىڭ قايسى تەلىپىڭگە ماقۇل بولمىغان، — دېدى.

قىز كاپ قىلىپ ئىبراھىمنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ تازا قاتتىق بىرنى چىشلىدى. ئىبراھىم ”ۋايجان“ دەپ ۋارقىرىدى ـ دە، ئۇنى كۆچەپ ئىتتىرىۋەتتى. بۇ ئۇنىڭ قىزغا بىرىنچى قېتىم قاتتىق قوللۇق قىلىشى ئىدى. ئىبراھىم چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ،

چىراغنى ياندۇرغاندىن كېيىن قولىنىڭ بىغىشى قىپقىزىل قانغا بويال-غانلىقىنى كۆرۈپ:

— هۇي، شۇمتەك، مانا سېنىڭ قىلغان ياخشى ئىشىڭ! — دېدى.

قىز خىجىل بولغان هالدا كۆزىنىڭ قىرىدا ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. ئىبراهىم يەنە:

— سەن نېمە ئۈچۈن ئۆزەڭنىڭ پۇلنى ئۆزەڭ ئوغرىلايسەن؟ — دېدى.

ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئىزاغا چىدىماي ئاچچىقلىنىپ، قاپىقىنى تۈرگىنىچە گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋالدى. ئىبراهىم يەنە:

— مۇشۇ كەمگە كەلگىچە، مەن ئېرىشكىنىمدىن باشقا نەرسىنى تەلەپ قىلغىنىم يوق، — دېدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ: — ئاللا مەن ئۈچۈن ئوبدان جاجاڭنى بەرسۇن! — دېدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئىبراهىم پۇلنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇنىڭغا بەردى، يۇك - تاقلىرىنى تېڭىشىپ، ئۇنى ماشىنا بېكىتىگە ئۇزىتىپ كەلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئەبۇقەير تېخىمۇ جىمىپ كەتتى. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەي ئەھۋال ئۆزگەردى، يازلىق دەم ئېلىشقا كېلىدىغانلار ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىشكە باشلىدى. تېخىمۇ ياخشىراق دەم ئېلىش ئۈچۈن، ئىبراهىم ئەتراپىدىكى ھەممە نېمىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئىسكەندەرىيە پورتىغا كەتتى. بىركۈنى ئۇ ئەبى ئاباباس مەسچىتىگە كەلدى، مەسچىتكە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ئاندىن يۈزىنى تامغا قىلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. ئۇ قاتتىق ئازاب

ۋە ئېغىر ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئاللاغا مۇنداق دەپ شىكايەت قىلدى:

"مېنىڭ ئېرىشكىنىم سېنى رازى قىلالمايدۇ، ھەرقانداق يەردە ئېرىشكەن نەرسەمۇ كىشىنى خۇش قىلىۋەرمەيدۇ. كىچىككىنە بىر قىز — گۈزەل ئەمما يامان نىيەتلىك بىر قىز سېنى رازى قىلالامدۇ؟ مېنىڭ باللىرىمچۇ؟ ئۇلار ھازىر قەيەردە؟ دۇنيا مېنى قوغلىماقتا، مېنىڭ پەقەت ساڭا بولغان مۇھەببىتىملا سېنى رازى قىلالامدۇ؟ مەن مىليونلىغان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتقان بولسامۇ، بەك يالغۇزسىرايمەن، بۇنىڭدىن سەن رازى بولامسەن؟" ئۇ مۇشۇ گەپلەرنى قىلىپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

ئۇ مەسچىتتىن چىقىپ ئازراق مېڭىپلا بىرسىنىڭ "ئىبراھىم!" دەپ توۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ ئىتتىك كەينىگە قاراپ، بەستلىك بىر ئادەمنىڭ مەغرۇر قىياپەتتە ئۆزى تەرەپكە ئىلدام كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ بىر قاراپلا بۇ ئادەمنىڭ پايلاقچى ئىكەنلىكىنى بىلدى-دە، تىك تۇرۇپ ئىككى قولىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. ئۇ ئادەم ئۇنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى، ئۇ دېدى:

— سەن بىزنى ئەجەبمۇ ئىزدەتتىڭا! ئېيتقىنا، قېرىنغاندا سېنىڭ بۇنداق ئىشنى قىلىشىڭغا نېمە سەۋەب بولدى؟

ئىبراھىم مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى، ئاندىن ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىگە ئۆزى: "ئاللا" دېدى.

ئارقىدىنلا ئۇ قاتتىق بىر ئۇھ تارتتى.

تەرجىمە قىلغۇچى: نۇربىيە ئەزىز

**تەرجىمە مۇھەررىرى: ئەخمەتجان ھوشۇر**

## قاتىل

بۇنداق نەسلىك، شور پېشانىلىكتىن قانداق قۇتۇلغىلى بولار؟

ئۇ تۇرمىدىن چىققانىدىن بىرى، بۇنىڭدىن پۇل ـ پىچەك، ئۇنىڭدىن نان ـ پان تىلەپ، ئاچ ـ يالىڭاچلىقتا كوچىمۇ كوچا سەرسان بولۇپ يۈردى. بىرەر ئىش تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن، دۇنيادىن ئۈمىدىنى ئۈزدى.

ئۇ تۈرمىگە بىرىنچى بولۇپ كىرگەن ئادەم ئەمەس، تۈرمىدىن ئەڭ ئاخىردا چىققان ئادەممۇ ئەمەس. لېكىن ئۇ قانچە ئويلانسىمۇ، خۇدانىڭ ئۆزىنى بۇنداق يەكلىشىنى ئەقلىگە زادىلا سىغدۇرالمايتتى، دۇكان خوجايىنلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنى قارشى ئالمايتتى، تونۇش ـ بىلىشلىرىدىن بىرەرسىمۇ ئۇنىڭغا قاراپ قويمايتتى، ئەقەللىسى پايدىنى كۆرسە بەش كۈنلۈك يەردىن ئۆزىنى ئاتىدىغان ئاشۇ ئەپيۇن ـ نەشە سودىگەرلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۈنى بارغانسىرى تەسلىشىپ، ئۆزى كۈندىن كۈنگە ئەبگاللىشىپ، ساراڭ بولۇپ كېتەيلا دەپ قالدى، ئۇ ھالسىزلىنىپ ھېچ ئامال قىلالماي، بۇرۇندىن تارتسا يىقىلغۇدەك ھالغا كەلگەندە، كونا تونۇش ـ بىلىشلىرىم ئۇچراپ قالسا، ئۇلاردىن ئانچە ـ مۇنچە بىرنەرسە ئالارمەن دەپ قەھۋىخانىغا باراتتى. بىراق، ئۇ نەگە بېرىپ ئولتۇرسا، شۇ يەر بىتىم ئارالغا، كىشلەرنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كەتكەن بۇلۇڭ ـ پۇشقاققا ئايلىنىپ قالاتتى؛ كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن گەپلىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى، كۈتكۈچىلەرمۇ ئۇنى كۆرمەسكە سالاتتى، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا بىر خىل ئۆچمەنلىك ھەم يىرگىنىش

www.uyghurkitap.com

نەزىرى بىلەن يىراقتىن كەمستىپ قارىشاتتى.

ئاق كۆكۈل، سەبىي بىر بالا ئۇنىڭغا قىزىقسىنىپ ھەم ئىچ ئاغرىتىپ، كىشىلەرگە سەزدۈرمەي بىر قاچا قىزىلچا شورپىسى ئەكىلىپ بەردى. ئۇ خۇددى بىباھا نەرسىگە ئېرىشكەندەك، قاچىنى ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا قۇرۇقدىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن چىرايىغا بىردىنلا قان يۈگۈرۈپ، خېلى تېتىكلىشىپ قالدى. ئېلىگىرى ھېچقا - چان مۇنداق تاتلىق چۈش كۆرۈپ باقمىغاندەك، ئۇنى شۇ ھامان شېرىن خىياللار ئېلىپ كەتكەندەك. ئاللىقاچان ئىسلام ئىمپېرىيە - سىنىڭ ئىمپېراتورى خۇلەفا ۋە ھەسسان ھەرەم لەززىتىنى تېتىغان ئېسىل تائاملار، ناھايىتى كۆپ نازۇ نېمەتلەر تىزىلىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئۇ كۆزلىرىنى يېرىم يۇمغىنىچە، 25 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى خان جەئفەر قەھۋەخانىسىدا كىشىلەردىن ئاڭلىغان ھېكايىلەردىكى ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان قىزىقارلىق كۆرۈنۈشلەرنى بىر - بىرلەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

ئۇنىڭ باشلىرى گاراڭ بولۇپ، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ، چاچلىرى پاخپىيىپ، تۈگۈر - تۈگۈر چىگىشلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئىششىپ كەتكەن قاسماق تېنىنى جۇل - جۇل ماتا كۆڭلەكنى ئارانلا يېپىپ تۇراتتى. كۆڭلەك ھەر خىل قۇرت - قوڭغۇز ۋە باكتېرىيە - مىكرۇبلارغىمۇ ئۇۋا بولغانىدى. ئۇ بۇرۇن ھۇسەينىينىڭ دەبەس كوچىسىدىكى بىر كونا كەپىدە تۇراتتى. ئۇنىڭ يېرىم پالەچ، ئەما ئانىسى ئۇ يەردە قولۇم - قوشنىلارنىڭ سەدىقە - پىترىلىرىگە تايىنىپ كۈنىنى ئاران ئۆتكۈزەتتى. ئۇ تۈرمىگە كىرىشتىن ئىلگىرىكى كۈنگىچە شۇ يەردە تۇرغانىدى. ئانىسى دۇنيادا ياشاۋاتقان بىر ئوغلىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئاللىقاچان بىلمەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالغانىدى، ئۇ بەلكىم

ئوغلىنى مەڭگۈ ئىسىگە ئالالماسلىقىمۇ مۇمكىن.

ئۇ ھېلىھەم شېرىن چۈشىنىڭ پەيزىنى سۆرمەكتە ئىدى: ئەنە، چەكسىز كەتكەن دېڭىز، ھەيۋەتلىك ئېگىز چوققىلار، بۈك-باراقسان ئورمانلار، خىلۋەت، يالغۇز ئاياغ يوللار، پەرىزاتتەك چىرايلىق مەلىكىلەر... ئەپسۇسكى، رېئال تۇرمۇش نەدىمۇ بۇنداق راھەتبەخش بولسۇن! شېرىن ئارزۇلار ئۇنىڭ كەيپىگە ھېچقانچە خۇشلۇق ئاتا قىلالمىدى. ئۇنىڭ تاتلىق خىياللىرىمۇ ھېچقانداق پايدا بەرمىدى. ئۇ بۇنداق نەسلىك، شور پېشانىلىكتىن قانداق قىلسا قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە دائىم خىيال سۈرۈپ، ئۆزى: نەگە بېرىشىم كېرەك؟ نېمە قىلىشىم كېرەك؟ دەپ سوئال قوياتتى. ئۇنىڭ ئۆتمۈشى ”جاھاندارچىلىق“، ”مۇساپىرچىلىق“ بىلەن ئۆتكەنىدى، ئۇ ھاممال، زەھەرلىك بۇيۇم ئەتكەسچىسى، ئوغرى بولغانىدى، جېدەلخورلۇق ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم تۈرمىگە چۈشۈشىگە سەۋەب بولغانىدى. ئەمدى ئۇ 40 ياشلارغا كىرىپ قالدى، ئۇنىڭ تىرىكچىلىكى تەۋەككۈلچىلىك ۋە جەبىر-جاپا بىلەن ئۆتمەكتە. ئۇنىڭ بىرەر ئۆيىنى ئىشتىرىپ ئۆرۈۋەتكۈچىلىك كۈچى بولسىمۇ، ئۇ ياخشى ئىش قىلىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايتتى.

بۇ ئۇنىڭ ئۈچىنچى قېتىم تۈرمىگە كىرىشى ئىدى، لېكىن ئۇ دۇنيانىڭ ئۆزىگە مۇنداق تارلىق قىلغانلىقىنى ھازىرقىدەك ھېس قىلمىغانىدى، ھەتتا بەزىدە ئۇمىدسىزلىنىپ: بۇنىڭدىن كۆرە تۈرمىگە كىرىپ، كېيىنكى ئۆمرۈمنى شۇ يەردە ”خاتىرجەم“ ئۆتكۈزگىنىم ياخشى ئىكەن، دەيتتى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى.

ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە: بىرىنچى قېتىم تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ ئوغلى دارىلئېتامدا ئۆلۈپ كەتكەنىدى؛

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى قېتىم تۇرمىگە كىرگەندە خوتۇنى يوقاپ كەتكەنىدى، ئۇ تا هازىرغىچە خوتۇنىنىڭ كىم بىلەن، نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. لېكىن، بۇنىڭدىنمۇ ئەجەبلىنىشكە بولمايدۇ، ھە دېسىلا تۇرمىگە كىرىپلا يۈرىدىغان ئەرگە كۆنۈكۈپ، سادىق بولۇپ ئۆتۈۋېرىدىغان ئايال دۇنيادا ھەقىقەتەن ئاز ـ دە. ئۇنى ”ئەقىللىق“ كىشىگە ئايلاندۇ-رالايدىغان قانداقتۇر بىر مۆجىزىنىڭ قەيەردە بارلىقىنى كىم بىلسۇن؟ ئۇ كىشىنى گوللايدىغان ساختا شېرىن خىيال بىلەن مەست ئىدى، قارىغاندا، دۇنيا ئەمدى ئۇنىڭ دېۋىدەك كۈچتۈكىگۈر بەستىگە موھتاج ئەمەستەك قىلاتتى. ھەي ـ ي، جاھان راستلا ئۇنى ئۇنتۇپ كەتكەنمىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۆمىدى پۈتۈنلەي كۆپۈككە ئايلىنىپ كەتكەنمىدۇ؟

ئۇ گاڭگىرىغان ھالدا قىستا ـ قىستاڭ ئادەملەر ئىچىدە كېتىۋېتىپ، توساتتىن بىر كىمنىڭ ئۆزىنى قاتتىق ئاۋازدا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى.

— بېيۇمى!

ئۇ بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، گويا بىر كىم ئۇنى قامچا بىلەن يۆگەش-تۈرۈپ بىرنى سالغاندەك، قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئۇ شۇ ھامان ھېلىقى كىشىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، يېقىملىق كۈلۈمسى-رىدى، ھەر ھالدا ئۇنى چاقىرىدىغانمۇ ئادەم چىقتى ـ دە! بۇ ئاۋاز ئۇنى قالتىس سۆيۈندۈرۈۋەتتى. ئۇ ھېلىقى كىشىنىڭ قولىنى تارتىپ تۇرۇپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! مۇدەررىس! ئۇزاق بولدى كۆرۈنمەي-لىغۇ، قانداق تۇرۇۋاتىسلا؟ ھەممە ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك كېتىۋات-قاندۇ؟ — دېدى.

مۇدەررىس قولىنى غاچچىدە تارتىۋېلىپ، گويا يىرگەنگەندەك، چاپىنىنىڭ پېشىگە سۈرتتى ۋە:

— قارىغاندا تۇرمىدىن، تۇرمىدىكى راھەتلىك تۇرمۇشۇڭدىن ئايرىلغىنىڭغا كۆڭلۈڭ يېرىم ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى.

— دۇنيادا سىزدەك ئادەم بولمايدىغان بولسا، ھەقىقەتەن كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى!

— بەللى، سەن تەنتەك گەپكە ئۇستا ئىكەنسەنغۇ، ساڭا ئوردېن لېنتىسى ئېسىپ قويىدىغان گەپ ئىكەن!

مۇدەررىس ئۇنىڭغا ماڭا ئەگىشىپ ماڭ دەپ ئىشارەت قىلدى. ئۇلار ھارۋا توختايدىغان مەيدانغا كەلدى، مەيداندا خۇددى ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا بىر ھارۋا تۇراتتى، ئىككىسى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ھارۋىغا چىقىپ ئولتۇردى. مۇدەررىس ھارۋىنى ئۆزى ھەيدىمەكچى بولۇپ، تىزگىننى سىلكىۋىدى، ئات شۇ ھامان تۇياقلىرىنى تاقىراقشىتىپ تاغ تەرەپكە ئۇچقاندەك چاپقىلىدى. مۇدەررىسنىڭ تۇرقىدىن ۋە سۆزىنىڭ ئورانىدىن مۇدەررىسنىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىنى، يەنە كېلىپ پەقەت بىيۇمىلا ئورۇندىيالايدىغان مۇھىم ۋەزىپىنى تاپشۇرماقچى ئىكەنلىكىنى بىيۇمى شۇ تاپتا ناھايىتى ئېنىق بىلىپ تۇراتتى. ھارۋا كىشلەر كەمدىن كەم ئاياغ باسىدىغان تاغلارنىڭ يان باغرىدا سىلىق يورغىلاپ كېتىۋاتاتتى، ھارۋىنىڭ كەينىدىن چاڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. قوشۇمىسى چىڭ تۈرۈلگەن، يۈزىنىڭ گۆشلىرى چىڭ تارتىشقان مۇدەررىس يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ ئولتۇراتتى، بىر چاغدا ئۇ پەرۋاسىزلارچە بۇيرۇق ئاھاڭدا ئېيتتى:

— سەن بېرىپ ھاجى ئابدۇسەمەت ھەبانىنى جايلىۋەت!

بىيۇمى بىردىنلا دىڭگىدە چۆچۈپ، تۇرۇپلا قالدى، مۇدەررىس-نىڭ پەرۋاسىزلارچە قىلغان سۆزى ئۇنىڭغا گويا تىنىق ئاسماندا چاقماق چېقىلغاندەك تۇيۇلدى! ئۇ ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىۋاتقاندەك:

— سىلە مېنى ئادەم ئۆلتۈر دەۋاتاملا! — دېدى.

— ھەئە! — ئادەم ئۆلتۈرۈش ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق كىچىك-كىنە ئىشتەك، بۇ سۆزمۇ مۇدەررىسنىڭ ئاغزىدىن شۇنداق پەرۋا-سىزلارچە چىقتى.

— بىراق، مەن ئەزەلدىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ باقمىغانمەن.

مۇدەررىس تېزگىنىنى تارتىپ قويۇپ، ئاۋۋالقىدەكلا توڭلۇق بىلەن دېدى:

— ئۇنداق بولسا يولۇڭغا ماڭ، ئەمدى مېنى ئىككىنچى ئىزدەپ كەلمە!

بۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەن بىيۇمىنىڭ بېشى چۈشۈپلا كەتتى، ئۇ غەمكىن ھالدا سورىدى:

— ئەمىسە بۇ سىلىگە ھېساب بولامدۇ؟

مۇدەررىس تېزگىنىنى تارتىپ تۇرغان قولىنى بوشاتتى، چىرايىدا بىر خىل ئاچچىق مەسخىرە ئەكس ئەتتى.

— ماڭا ھېسابمۇ ياكى باش مۇدەررىسكە ھېسابمۇ، بۇنىڭ بىلەن سېنىڭ نېمە ئىشىڭ؟ — دېدى ئۇ.

باش مۇدەررىس! دەھلى مەھمۇد! كاناپ ۋەكالەت سودا كارخا-نىسىنىڭ باشلىقى — كاناپ ھايانكەشلىرىنىڭ باش كاتتىبېشى! ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بۇ باش مۇدەررىسنىڭ ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ، تۇگىشەيلا دەپ قالغان بىر كىشىنى تاللىشىنى ئۇ خىيالىغىمۇ

كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ دۇدۇقلاپ:

— مەن باش مۇدەررىسنىڭ چاكىرى، ئۆزلىرىنىڭمۇ چاكىرىمەن! — دېيىشكە مەجبۇر بولدى قورقۇمسىراپ.

— ئەزمەگىنى ئەزمەي، بېرىپ ھېلىقى ئادەمنى جايلىۋەت، قانداق، زادى قانداق قىلىسەن؟

بېيۇمى بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ، نائىلاج زورمۇزور كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— بولىدۇ، ئۇنىداق بولسا، ئۇنى راھەت كۆرگىلى جەننەتكە يولغا سېلىپ قوياي!

— ھە، مۇنداق دېمەمسەن، ئاللا ئۇنىڭغىمۇ، ساڭىمۇ نەزەرىنى تىكىپ تۇرۇپتۇ.

بېيۇمى بۇ گەپنى ئۆزىگە بىلدۈرۈلگەن سەممىي قىزغىنلىق دەپ بىلىپ، ئۆزىچە كۈلۈپ قويىدى. مۇدەررىس بولسا ياقتۇرمىغان تەرىزدە:

— قارىغاندا، سەن تۈزۈك پۇل كۆرۈپ باقماپتىكەنسەن ـ دە! — دېدى.

— تۇرمىدىن چىققىنىمدىن ئىلگىرىمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدىم...

— 50 فوند بولامدۇ؟

— 50؟

— گېپىمىز گەپ.

— بۇ دېگەن ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ئىش تۇرسا! ئاران مۇشۇنچىلىك پۇلمۇ؟

— قەدىناس بۇرادەر، مەن بىر گەپنى ئىككى قىلمايمەن، سودىلىشىپ ئۆلتۈرىدىغان ئادەم ئەمەسمەن.

بىيۇمى ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ دېدى:

— ماڭىسا نۇرغۇن پۇل لازىم. مېنىڭ ياشىنىپ قالغان ئانام بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا، ئىش ئۇچىغا تارتىماي چاتاق چىقىپ قالسا، ئانام پېقىر ئوغلىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدۇ!

— ئاناڭىنمۇ؟ — دېدى ئۇ ئەسەبىيلەرچە كۈلۈپ ۋە يانچۇقىدىن بەش فوند پۇلنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا سۇنۇپ تۇرۇپ:

— مە، بۇ ئۆزى زاكالەت... — دېدى.

ئىككى كۆزىدىن ئوت چاقناپ كەتكەن بىيۇمى ۋارقىراپ ئېيتتى:

— ياق، ئەپەندىم، مەن ئۈچۈن سىلىنىڭ ئابرويىلىرىنى ساقلاش مۇھىم!

مۇدەررىس ئۇنىڭغا بىردەم سوغۇق تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاخىرىدا يۇمشاپ مەيۈسلۈك بىلەن:

— ئۇنداق بولسا، زاكالەت پۇل ئون فوند بولسۇن! ئەمدىغۇ بولغاندۇ، يەنە بىزدىن گۇمانلىنامسەن؟ — دېدى.

— نەدىكىنى، ئۇنداق ئەمەس، مۇدەررىس، ئېھتىمال بۇ مېنىڭ بۇ جاھاندىكى ھەققىمدۇ!

— سەن ئۇنى قاچان ئۆلتۈرىسەن؟

بىيۇمى بىردەم ئويدان ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئېيتتى:

— بىر ھەپتىلىك ۋاقىت بەرسىلە، شەنبە كۈنى قول سالاي.

— ياق، بولمايدۇ، شەنبە كۈنى مۇۋاپىق ئەمەس.

— ئەپەندىم، مەن نائىلاج ھوسەينىسىگە قېچىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن مەقسەت ئەتراپتىكىلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق. ئىشنى ئۆزەم ئورۇنلاشتۇرۇشۇم، پىلانىنى ئۆزەم تۈزۈشۈم كېرەك. مەن بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە خاتىرجەم، خۇشال - خورام، پۇخادىن

چىققۇدەك ياشىشىم كېرەك، چۈنكى ھەپتىنىڭ ئاخىرى مېنىڭ ئەجىلىم توشقان كۈن بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن...

مۇدەررىس ئەنسىدىشە قىلىپ، ئۈنىدىمەستىن يانچۇقىدىن بەش فوند چىقىرىپ، ئۇنىڭغا سۇنۇپ تۇرۇپ سورىدى:

— ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈپ قويىدىغان بولساڭ، سېنى قانداق ئاقىۋەت كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

بىيۇمى پۇلنى قوش قوللاپ مەھكەم سىقىمدىغىنىچە كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— كېچىكتۈرۈپ قويسام ئاللانىڭ دەرگاھىدىن مەھرۇم قالىمەن شۇ.

مۇدەررىس تېزگىنىنى تارتىپ ھارۋىنى توختاتتى، ئۇ بىيۇمىغا ئېيتتى:

— ماڭ ئەمدى! ھازىردىن باشلاپ قاچان، نەدە بولسۇن، ماڭا ياكى بىزنىڭ ھەرقانداق ئادىمىمىزگە يېقىن يولىما!

بىيۇمى "ھىم" دەپ قويۇپ، ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى. ھېلىقى ئادەم ھارۋا بىلەن يۈرۈپ كەتتى. بىيۇمى ھېلىقى ئادەمنى شۇ تاپتا مەندىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرىۋاتىدىغۇ دەپ ئويلاپ، ئارقىسىغا قايرىلىپ قولىنى پۇلاڭلىتىۋىدى، ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭغا پىسەنتمۇ قىلىپ قويمىدى. بىيۇمى قولىدىكى پۇلنى مەھكەم سىقىمدىغىنىچە توۋت ئەتراپقا قارايتتى. ئۇ خېلى زېرەك، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئىلگىرى بىر فوندلىق پۈتۈن پۇلنى سىقىمداش ئانچە نېسىپ بولمىغانىدى. ئۇ ھېچقاچان ئادەم ئۆلتۈرۈپ باقمىغانىدى، دۇرۇس، ئۇ ئادەم ئۇرغان، ئوغرىلىق قىلغان، ئەمما ئادەم ئۆلتۈرۈپ باقمىغان، كىشىلەرنى ئۆلگۈدەك

ئۇرغىنى راست، لېكىن ئۆلتۈرۈپ قويغىنى يوق.

ئۇمۇ ئوبدان كۈن ئۆتكۈزۈشنى ئويلىغان، بەزىدە ئۆلۈمگە نەپرەتلىنىپ، ئادەم ئاسىدىغان داردىن بىزار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈش مەقسىتىگە يېتەلمىسە، ئۆزىنىڭمۇ ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالىشى تەس ئىدى، ئۇ چاغدا ھەرقانچە قىلغىنى بىلەنمۇ پايدىسىز ئىدى. ئۇ ناھايىتى ھوشيار بولۇپ، ھەربىر قەدەمنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلىنىپ باسمىسا بولمايدۇ. كەلگۈسىدە كۆتۈلمىگەن قانداق ئىشلار يۈز بەرگىنى بىلەنمۇ بەربىر، ئىشقىلىپ ئۇ خەقتىن 40 فونت پۇل غەملىۋالدى. بۇ پۇل ئۇنىڭ خېلى ۋاقىتلىق خىراجىتىگە كەڭتاشا يېتىدۇ. ئۇ راستلا بۇنچىۋالا كۆپ پۇلۇم بولار دەپ ئويلاپ باقمىغانىدى! بەلكىم مۇدەررىس دەھلى ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، پۇللىرىنى بانكىغا ئامانەتكە قويۇپ بېرىشى، ئۇ پۇللىرىنىڭ ئۆسۈمىنى ئېلىپ خەجلىشىمۇ مۇمكىن! راستىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ راھەتتىنىڭ قەنتىنى چېقىش شېرىن خىيالى رېئاللىققا ئايلاندى دېگەن گەپ.

ئۇ قەھۋەخانىغا كىلىپ، ئەل-جامائەتكە ھۆسەينىيىدىن ئايرىلىپ، باشقا ياققا پۇل تاپقىلى بارىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن:

— بۇرادەرلەر، ئۆزەڭلەرنى ئوبدان ئاسرىغايسىلەر، خوش ئەمسە! — دېدى.

كۆپچىلىك ئۇنىڭ كېتىمەن دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىچىدە بۇ كاساپەتتىن قۇتۇلدىغان بولدۇق! دەپ خۇشال بولۇشتى.

ئۇ قەھۋەخانىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، ئۆزىگە ئۆزى: "ھوي سەنلەرنىڭ مۇشۇ ئەپتىڭنى، بىر-بىرلەپ بوغۇزلاپ تاشلايدىغان

نەرسلەر سەنلەر!“ دېدى.

ئۇ بازاردىكى مۇنچىنىڭ ئالدىغا كەلدى، مۇنچىغا توپا ـ تەرەت، كۆرۈمسىز ئەپتى بىلەن كىرىپ، يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ پاكپاكىز بولۇپ، رەتلىك كىيىنىپ چىقتى — ئۇچىسىغا يېڭى پەرىجە، كۆڭلەك، كالاچپاي پۇتلىرىغا لايىق كېلىدىغان باشقا ئاياغ كىيىم ئالالمىغاچقا ئۆتۈك كىيگەنىدى. ئۇ كۆرەڭلىك بىلەن سەييىد ھەممىتى ئاشپۇزۇلىغا كىردى، ئۇنىڭ ئاچ قالغان بۆرىدەك تاماق يېيىشىدىن كۇتكۇچىلەرمۇ ھەيران قېلىشتى. ئۇ پۇتۇن ئىشتىياقى بىلەن تاماقنىڭ پەيزىنى سۈرمەكتە ئىدى، ئۆزىگە ئۆزى: ”ئادەم ئۆلتۈرمەي، خاتىرجەم ياشاپ، مەڭگۈ مۇشۇنداق راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزسەمتىم“ دەيتتى.

ئۇ خەقنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئۆلتۈرمەكچى بولغان ھاجى ئابدۇسەمەت ھەبابنىنى بىرئازمۇ چۈشەنمەيتتى، پەقەت ئۇنى ئىلگىرى بىرنەچچە قېتىملا كۆرگەن، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باققان ئەمەس، خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمىغان، ئەمدى ئۇنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى تولۇق ئىگەللەپ، قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشى كېرەك. ئۇ ھاجىنىڭ جەمامىز كوچىسىدىكى كونا ئۆيىگە بېرىپ چارلاپ باققىنى تۇزۇك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆيىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى ۋە ئۇ يەرگە بارىدىغان يولىنى پەملىدى ھەمدە بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭ مۇبىيىزىدىكى ۋەكالەت سودا كارخانىسىغا بېرىپ، پۇتۇن زېھنىنى يىغىپ تاكى ئۇنىڭ سىياقىنى كاللىسىغا چوڭقۇر ئورناشتۇرۇۋالغىچە ئۇنى كۆزەتتى. ئۇ ئۇنىڭ ھاياتلىق كۈچىگە تولۇپ تاشقان يۈزلىرىگە ۋە ئۇنى سالاپەتلىك كۆرسىتىپ تۇرغان شەرقچە پەرىجىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدى. بىركۈنى، ئۇ

ئىككىسىنىڭ كۆزى ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇ شۇ ھامان كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى ھەم بېشىنى بىر تەرەپكە قىيسايتىۋالدى. ئۇ ئۆزىگە ئۆزى: مۇدەررىس دەھلى نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن سىغىشالمايدىغاندۇ؟ نېمىشقا ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدىغاندۇ؟ دەپ سوئال قوياتتى. ئەجەبا، ئۇنىڭ بۇ ئادەمنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىشقا ھەققى يوقمۇ؟ بىراق، ئۇ مۇدەررىستىن بۇلارنى سورايدىغان بولسا، ئۇنىڭ تويغۇدەك تىل-ئاھانەت ئاڭلايدىغانلىقى تۇرغان گەپ. ئۇ ئەبلەخلەرنى بىرنېمە دەپ بولمايدۇ، خۇددى ئۆزلىرىلا مۇشۇ دۇنيانىڭ بىردىنبىر خوجايىنىدەك كۆرەڭلىشىدۇ. ئۇ ئەمدىلا ئورۇن تېپىپ ئولتۇرۇشىغا، ھېلىقىلارنىڭ خۇددى كۆكۈيۈن چاقچان بايتالدەك تېپىرلىشىپ، بىردەم ئورنىدىن تۇرسا، بىردەم تالاغا چىقىپ، بىردەمدە يەنە قايتىپ كىرىپ، بىرىنىڭمۇ قىسىپ ئورنىدا ئولتۇرالمىغانلىقىنى كۆردى.

كەچقۇرۇنلۇقى ئۇ غەرق مەس ھالەتتە ھەملاۋى ماشىنا بېكىتىگە كېلىپ قالدى، كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ، ھېچنېمىنى سەزمەستىنلا ئۇخلاپ قالدى. ئۇ ئۇيقۇلۇقتا: ئادەم ئۆلتۈرمەي، مۇشۇنداق ياشىسام نېمىدېگەن ياخشى-ھە! دەيتتى. شۇنداق ئەمەسمۇ، ئۇ ئۆيلىنىشى، ئۆي-ئوچاقلىق بولۇشى، پۇل تېپىشى لازىم-دە. ئۇ چاغدا، ئۇ ھەر ۋاقىت ئېھتىياتچان بولۇشى، پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشتىن ساقلىنىشى لازىم. لېكىن ئۇنى يەنە نېمىلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ ئۇ ھەۋەس-نىيىدىكى قىينچىلىقتا نومۇسسىزلارچە پەسكەش رولنى ئالغاندىن كېيىن يەنە نېمىلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ ئۇ ھېلىقى جىنايەتكار گۇرۇھقا كىرىپ، مەشققە قاتناشقاندىن كېيىن — تاغدا ۋە



www.uyghurkitap.com

يايلىيىدا مەشىق قىلغانلىقىدىن كېيىن، كېچىلەردە دوقمۇشتا ئادەم توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ، قەھۋەخانىلاردا زەھەرلىك بۇيۇمنى قانداق بۇلۇشنى پىلانلىغانلىقىدىن كېيىن ئۇنى يەنە نېمىلەر كۈتۈپ تۇرغاندۇ؟

كۈتكەن شەنبە ئاخىر كەلدى، ئۇ ئورنىدىن قاق سەھەردىلا تۇرۇپ كەتتى، بۇ كۈن ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ خەۋپلىك كۈن ئىدى، ئۇ بىر يانچۇققا توڭلىتىلغان گۆش، يەنە بىر يانچۇققا بىر بوتۇلكا ئالىي ھاراق سالدى، مەيدە يانچۇقىغا كىشىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان بىر ئۆتكۈر خەنجەرنى سالدى. مۇدەررىس دەھلى ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى بولسا دۇكاندىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى، كۆزگە چېلىقىپ قالماسلىق ئۈچۈن خەقلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغانىدى. بۇنداق ھىيلە ـ مىكىرلەر ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئېنىق ئىدى. بۇ جىنايەتكار ئەبلەخلەرنى دېمەمدىغان! ئۇلاردىن يەنە 40 فوند ئۇندۇرۇۋېلىش كېرەك، بۇ ھەرگىز ۋەدىسىگە خىلاپ ھالدا ئۈچ ئېلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس.

ئۇ ھاجى ئابدۇسەمەت ھەبابنىڭ ئۆيىدىن بىرنەچچە مېترلا نېرىدىكى دەرەخنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنۈپ، ھاجىنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ ماراپ تۇردى، دەرۋازىدىن قولتۇقىغا بىردىن كىتاب سومكىسى قىستۇرۇۋالغان ئىككى يىگىت ۋە بىر قىز چىقتى. بۇ ئۈچەيلەننىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ يىگىت ھاجى ئابدۇسەمەت ھەبابقا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. بۇ ھال ئۇنىڭغا ئۆز ئوغلىنى ئەسلەتتى. ئوغلى ئۆلگەندە ئۇ ئوغلىنىڭ قېشىدا ئەمەس ئىدى، بۇ سەۋەبتىن ئۇ تولىمۇ ئازابلىنىپ، ئۇزاققىچە ئۆكۈنگەنىدى. ئۇنىڭ ھاياتىدا يۈرەكنى سەدىپارە قىلىدىغان ئىشلار ھەقىقەتەن بەك كۆپ

بولدى!

ھاجى ئابدۇسەمەت ئاخىرى ئۆيىدىن چىقتى. ئۇ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە بۇرۇتىنى تولغاپ قويۇپ، ھاسىسىغا تايىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ بىردەمدە يەنە كېيىنكە بۇرۇلۇپ بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ، كىمدۇ بىرى بىلەن پاراڭلاشتى. ئۆيدىكى ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولمىدى. ھاجى ئابدۇسەمەت ئۆيىگە قاراپ بىرنېمىلەرنى دەپ قولىنى پۇلاڭلاتقاندىن كېيىن يەنە دەرۋازا ئالدىغا بىمالال مېڭىپ كەلدى. ئۇنىڭ گۆشلۈك يۈزىدە تەبەسسۇم ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇنى بۇنچىۋالا خۇشال قىلغان قانداق ئىش؟ ئۇ نېمىشقا باشقىلارغا ئوخشىمايدىغاندۇ؟ بىرمۇنچە ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئىشىدىن رازى بولغاندىلا مۇشۇنداق كۈلۈمسىرەيدۇ، مەسىلەن: تۆرمە باشلىقى شۇنداق ئىدى، دەپ غودۇڭشىدى ئۇ ئىچىدە. توۋا، بىيۇمى ئۇ ئادەمنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ كېتەلىسۇن؟ بىركۈنى، تۆرمە باشلىقى بىيۇمنى بۆلمىسىگە چاقىرتتى، ئۇ تۆرمە باشلىقىنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن بالىسى بىلەن چاقچاق قىلىشىپ ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. دائىم قاپىقىدىن قار ياغدۇرۇپ يۈرىدىغان تۆرمە باشلىقى شۇ تاپتا بىردىنلا ئادەتتىكى ئادەملەردەك بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇمۇ ئادەم ـ دە!

بىيۇمى ھاجى ئابدۇسەمەتكە يىراقتىن ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇنىڭ كۆڭلى دەككە ـ دۈككە بولۇپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئىككىسى بىللە، بىر ماكاندا ياشاۋاتىدۇ، لېكىن، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئىككىسى مەڭگۈلۈككە خوشلىشىدۇ. قىزىق ئىش، ھاجىم تېخىچە ھېچنېمىدىن غېمى يوق يۈرىدۇ، ئۇ بىردەمدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئائىلىسى ۋە

خوتۇن ـ بالىلىرىنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ يىتەلەمتى، بۇگۈن ئۇنىڭ ئەجىلى توشقان كۈن! نىمىدىگەن بىچارە ـ ھە! ئۇ بىر كىمنىڭ ئۆزىنى پايلاپ ئارقىسىغا چۈشۈۋالغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن، ئۇنى بىر كىمنىڭ ئۇجۇقتۇرماقچى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ ـ دە. بۇ ئادەم ئۇنىڭ تەقدىرىدىن ئالدىن بىشارەت بېرەلەيدىغان بىردىنبىر ئادەم، 50 فوند ئۇچۈن ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەم، لېكىن ئۇنىڭ ئىلكىدىكى مال ـ دۇنيانىڭ ئۇنىڭ 50 فوندلىق جېنىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى!

ئۇ خىيالىنى شۇ يەردە توختىتىپ، ئالدىدىكى يولغا قارىدى، ھاجىم نەگە بارىدىكىنە؟ بۇ يول مۇبىيزەگە بارىدىغان يول ئەمەسقۇ! بەلكىم ئۇ بەخت كوچىسىغا بارسا كېرەك، بىراق ئۇ نىمىشقا ۋەكالەت سودا كارخانىسىغا بارمايدىغاندۇ؟ ھۇي، ئۇ ئىشىكى ئالدىغا كەپە تىكىلگەن بىر ئۆيگە كەلدىغۇ، ھە، ئۇ مىيت نامىزىغا قاتناشماقچى ئىكەن ـ دە، بۇ شۇنداق ئېنىق تۇرمامدۇ!

دۇرۇس، ھاجى ئابدۇسەمەت ھازىدار ئائىلىگە پەتە ئوقۇش ئۈچۈن كەلگەنىدى، ئۇ ئىشىك ئالدىدىكى ھازىدارلارغا بىرقۇر تەسەللىي بەرگەندىن كېيىن، بوسۇغىدا غايىب بولدى.

بىيۇمى داۋاملىق ئالدىغا مېڭىۋەردى، ھاجى ئابدۇسەمەت غايىب بولغان تەرەپكە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قاراپ قوياتتى. ئۇ توڭلىتىلغان گۆش بار يانچۇقىغا قولىنى سالدى، گۆش خۇددى ئەبنۇس قېقىدەك تۇراتتى، ئۇ گۆشتىن بىر پارچە ئېلىپ ئاغزىغا سېلىپ چايناشقا باشلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بىر يۇتۇم ئالىي دەرىجىلىك براندى ئىچكۈسى كېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، نەپسىنى يىغدى، ھالقىلىق پەيتتە ئىچمىسۇنمۇ!

ئۈزۈلۈپ ـ ئۈزۈلۈپ قىلىنغان قىرائەت ئاۋازى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالاتتى. بۇ ئاۋاز گاھ كۆتۈرۈلۈپ، گاھ تۆۋەنلەپ دولقۇنلۇق چىقاتتى، قىرائەت تاكى سائەت 11 گىچە ئوقۇلدى. ئۇ ئۆزىگە ئۆزى ھاجى ئابدۇسەمەتنى بۇ دۇنيادىن ئۈن ـ تىنسىزلا يوق قىلىۋەتمەسلىك ھەققىدە ئاگاھ بېرىپ تۇراتتى. كىشىلەر تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ چىقىشتى، ھاجى ئابدۇسەمەت ئالدىنقى قاتارنىڭ كەينى تەرىپىدە پەيدا بولدى، ئۇ كېتىۋېتىپ قول ياغلىقى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتەتتى. بىيۇمى جايىدا تۇرغىنىچە خىيالغا پاتتى، يۈرەكنى ئەزگۈدەك ئەلەملىك يىغا ئاۋازى، تارام ـ تارام ياشلار ئېقىپ تۇرغان قايغۇلۇق يۈزلەر، كىشىگە يىغا ئۇلاشتۇرىدىغان تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەردىن ئۇنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى.

ئۇ يەنە بىرنەچچە قەدەم ئالدىغا ماڭدى، ئۆزىنىڭ ساراسىمىلىكىنى بېسىشقا تىرىشتى. ئۇ ئۇچۇقتۇرماقچى بولغان كىشىنىڭ ھېلىھەم كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ يەنە ئۆزىگە سوئال قويدى: ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشىدۇ؟ ئۆلتۈرۈلىدىغان ئادەم مۇشۇنداق بىر ئادەم بولسا، ئۇنىڭغا قول سېلىشنى ئۇ ھەقىقەتەنمۇ خالىمايتتى. لېكىن، ئۇنىداقتا 40 فوند قولىدىن كېتەتتى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ھېلىقى 10 فوند زاكالەتنىمۇ قايتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ مېيىت ئۇزاتقۇچىلار بىلەن قەبرىستانلىققا بارغۇسى كەلمەي، كوچىنىڭ ئاغزىدا توختاپ قالدى.

بۇ چاغدا ئۇنىڭدا ئاجايىپ بىر ئوي ــ گۆركار بولۇش ئويى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ تازا پۇل تاپقىلى بولىدىغان ئىش ئىدى، چوقۇم كۆپ پۇل تاپقىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەرگە ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرىدىغان ئادەم

كەلـمەيتتى، بۇ ئىشنى قىلغاندا خالىغىنىچە سودىلاشقىلى بولاتتى، قەبرىستانلىقتا ئىشلىگەندە بىپىشقا گەپ كەتمەيدۇ! ئۇ بۇ يەرگە ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەنىدى، كۈتۈلمىگەندە بۇنىڭدىن مۇشۇنداق بىر يېڭى چارە تېپىلىپ قالدى.

هاجى ئابدۇسەمەت قايتىپ كەلدى، بىيۇمى يەنە ئىختىيارسىز هالدا ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ، تاكى ئۇ مۇبىيزە ۋەكالەت سودا كارخانىسىغا كىرىپ كەتكۈچە پايلاپ ماڭدى ۋە دوقمۇشتىكى بىر قەهۋەخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچتى، بىرنەچچە قېتىم چىلىم چەكتى، ئازراق گۆشمۇ يېدى، لېكىن باشتىن ئاخىر دېگۈدەك ۋەكالەت سودا كارخانىسىنىڭ ئىشىكىدىن كۆزىنى ئۈزمىدى. توساتتىن، سودا كارخانىسىدىن بىر ئادەم چىقىپ كەلدى، بۇنىڭغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كېلەمدۇ؟ بۇ ئادەم مۇدەررىس دەھلى ئەمەسمۇ؟ مانا مۇشۇ قورقۇنچلۇق ئادەم ئۇنىڭغا هاجى ئابدۇسەمەتنى ئۆلتۈر دەپ پۇل بەرگەنىغۇ؟ نېمە ئىش بۇ؟ ئۇ تېخى هاجى ئابدۇسەمەتنىڭ مۇدەررىسنى ئۇزىتىپ چىققانلىقىنىمۇ كۆردى، ئىككىسى هېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈشەتتى، شۇنداق تەمكىن، سالماق كۆرۈنەتتى، مۇدەررىس هارۋىغا چىقىپ خېلى يەرگە ئۇزاپ كەتكۈچە هاجى ئارقىسىدىن قاراپ تۇردى.

دېمەك، ئىككىسىنىڭ "دوستانە مۇناسىۋىتى" ئۈزۈلمىگەنىكەن-دە! بۇ بەدنىيەت قاراقچىنىڭ ئىپلاسلىقىنى دېمەمدىغان! ئۇنىڭ بىر قاراقچى ئىكەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن پالاقلاپ يۈرگەنلىكىگىمۇ قىل سىغمايدۇ. بۇ بىچارە بايقۇش ئۇزاققىچە خىيالغا پاتتى، ئۇ ئىشنىڭ قانداق نەتىجىلىنىدىغانلىقىنى نەشۋىشلىنىپ كۈتەتتى، ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ

ھېلقى ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي قايتا ـ قايتا تەكرارلايتتى، كاللىسىدا شۇ ئادەمنىلا ئويلايتتى. ھەي بىيۇمى، بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى سەن دەككە ـ دۈككىدىلا ئۆتتۇڭ، بۈگۈن ئەڭ خەۋپلىك كۈن، شۇنداقلا مۆھلەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قەرەلى. ئەتە قانداق بولۇپ كېتەر؟ ئۇ مەيدىسىگە قاتتىق مۇشتلاپ قويۇپ، خىيالىنى داۋاملاشتۇردى: ئەتە نېمە بولار؟ بەلكىم ھېچقانداق ئىشمۇ بولماس! ئاۋادا پاش بولۇپ قالسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ئۇ زادى قىساس ئوبيېكتى بولۇپ قېلىپ، چىقاي دېسە ئاسمان يىراق، كىرەي دېسە يەر قاتتىق بولۇپ كېتىدىغان گەپ. مەسىلىنىڭ ماھىيىتى ئۇ ئۆزى قىلچە بىلمەيدىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىدا، ئۇنىڭ بىلەن ھاجى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئاداۋەت ياكى ئۆچمەنلىك يوق، ئۇ ئۆزى بىلەن ھېچقانداق ئۆچمەنلىكى بولمىغان بىر ئادەمنى قىلچە سەۋەبسىزلا ئۆلتۈرۈۋەتسە، كىشىلەر ئۇنى ساراڭ بىرنېمە ئىكەن دەپ نەپرەت بىلەن تىللىمامدۇ!

ئۇ قەھۋەخانىدا چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتكىچە ئولتۇردى، ۋەكالەت سودا كارخانىسىنىڭ ئىشىكى تاقىلىدىغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى: كارخانىغا قول ھارۋىلىرى ئەكىرىپ كېتىلدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر كارخانىدىن كەينى ـ كەينىدىن چىقىشقا باشلىدى، دېرىزىلەر تاقالدى. ئەڭ ئاخىرىدا ھاجى ئابدۇسەمەت تۆت خىزمەتچى بىلەن بىللە چىقتى. بىيۇمى ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، ئۇلار قەھۋەخانىغا كىرىپ، ئۇنىڭدىن سەللا نېرى جايغا كېلىپ ئولتۇردى. ھاجى ئابدۇسەمەت:

— مەن بۇ يەردە بىردەم ئارام ئېلىۋېلىپ، ئاندىن ئۆيگە قايتاي، — دېدى.

ئۇلارغا قەھۋە بىلەن چاي كەلتۈرۈلدى.
— ياسى، ئاللا ساقىلا رەھىم قىلغاي! سىزنىڭ بۈگۈن يەر قوينىغا كىرىشىڭ كىمنىڭمۇ خىيالىغا كەلسۇن، — دېدى ھاجى يەنە ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ.
— تۈنۈگۈن مانا مۇشۇ چاغدا، ئۇ تېخى بىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ شېركىتىمىزنى قانداق ياخشىلاش توغرىسىدا پاراڭلاشقانىدى! — دېدى بىرەيلەن چاي ئىچىۋېتىپ.
— ئۇ ھەر كۈنى شۇنداق ئىدى...
بىيۇمى ئۇنىڭغا ئوغرىلىقچە نەزەر تاشلىدى، ئۇنىڭ چىرايى تولىمۇ غەمكىن، ھەسرەتلىك ئىدى، لېكىن قارىماققا ناھايىتى ساغلام، ئۆزىگە ئىشىنىشچان، ھەرقانداق دەرد ـ ئەلەمگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ يۈزى گۆشلۈك، بويىنى بۇقىنىڭ پاتىقىدەك تۈرۈلگەن، خېلى قۇرساق سالغانىدى. ئۇنى جايلىۋېتىش ھېچقانچە گەپ ئەمەس ئىدى، ھەممە ئىش يېرىم كېچىدىن كېيىن تامام بولاتتى، ئۇ ئۆيىگە قايتىشىدا بىيۇمى ئۆزى ئوبدان پەملەپ قويغان يېرىدە قول سالىدۇ.
— ئەتە "يۇقىرىقى مىسىر"غا بارامدىمەن؟ — دەپ سورىدى ھاجى ئابدۇسەمەتتىن بىرەيلەن.
— شۇنداق، — دېدى ھاجى ئابدۇسەمەت، — بۇ ئۇخلاپ چۈشىمىزدىمۇ كۆرەلمەيدىغان ئالتۇندەك بەلەن سودا.
— مەن قانچە پۇل بېرىمەن؟
— دېيىشكىنىمىز بويىچە بولسۇن، ھە، راست، يەنە بىرئاز قوشساقمۇ بولىدۇ، 100 فونت قوشايلى، بۇ دېگەن ئىشەنچلىك سودا.
ئۇ خۇددى كۆڭۈلسىز ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇغاندەك

مۆزۈرلىنىپ كۆلۈپ قويدى. بۇ چاغدا بىرەيلەن ئۇرنىدىن تۇرۇپ، خىجىللىق بىلەن دېدى:

— كەچ كىرىپ قالدى، مەن ئەمدى قايتاي، تويدىن ئىلگىرى يېتىپ بارمىسام بولماس!

— خوش ئەمىسە، ئەتە پۈتتۈشۈپ قويغان ۋاقىتنى ئۇنتۇپ قالمىغىن! — دېدى ھاجى ئابدۇسەمەت ئۇنىڭغا.

— سائەت بەشتىغۇ؟

— ھەئە، سائەت بەشتە، كېچىكىپ قالسام، سەن بەك ئالدىراپ كەتمىگىن، مەن چوقۇم ئۈلگۈرۈپ كېلىمەن.

ھاجى ئابدۇسەمەتنىڭ خەق بىلەن ۋاقىتنى پۈتتۈشۈپ قويۇشى بىيۇمنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلدى. ئۇ ھاجى ئابدۇسەمەتنىڭ ئىشەنچكە تولغان ئوتلۇق كۆزلىرىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ بىئارام بولدى. ئۇ يەنە ئۆزىگە سوئال قويدى: مەن بۇ ئادەمنى نېمىشقا ئۆلتۈردىمەن؟ مەن ئۇنى تونۇمايدىغان تۇرسام؟ ھاجىنىڭ ئوبرازى ئۇنىڭ كاللىسىغا ئانچە چوڭقۇر ئورناشمىغان، ئىككىسىنىڭ ئەزەلدىن تونۇشلۇقى يوق، پېتىشالمايدىغان ئاداۋىتىمۇ يوق، يەنە كېلىپ ھاجىنىڭ ئۇنىڭغا ھېچقانداق زىيىنى يەتمەيدۇ. شۇنداق تۇرسا، ئۇ نېمە ئۈچۈن ھاجىنى ئۆلتۈرىدىكەن؟ بىراق، ئۆلتۈرمىسە، ئۆزى ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايدۇ، ئۆلتۈرسە، ئاۋۋال كېلىشكىنىدەك، كۈنى ئوبدان ئۆتۈشى مۇمكىن، ئەڭ ياخشىسى، ئىرادىنى سۇسلاشتۇرىدىغان خىياللار ئالدىدا بوشاشمىغىنى، تەسلىم بولمىغىنى تۈزۈك، ئۆزى خاتىرجەم بولۇشى كېرەككى، كېيىن قىلچىمۇ ئەيىبكە قالمايدۇ، ئۇنىڭدىن گۇمانلانغۇدەك نېمە بار ئىكەن؟ ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشتىكى مەقسىتى نېمە؟ ئىش يۈزىدە، ئۇ پۇلغا ئېھتىياجلىق بولغانلىقى



www.uyghurkitap.com

ئۇچۇنلا ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئۇنى تاللىۋالغان، بۇنداق قىلىشنى ئۇ ئۆزى خالىغان، مانا بۇ ئۇنىڭ ئەنزە تۇغدۇرۇشتىكى مەقسىتى.

بۇ چاغدا ھاجى ئابدۇسەمەت:

— روزى ھېيت كېلىپ قالدى، سىلەرگە قۇت ۋە شادلىق يار بولغاي، بەخت يۇلتۇزىمىز نۇرلىنىپ تۇرغاي، — دېدى.

روزى ھېيت! ھاجى ئابدۇسەمەتنىڭ ئاۋازى ئۇنى تەمتىرىتىپ قويىدى. ئۇ ھاجى ئابدۇسەمەت ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئاۋازى قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇرۇۋالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلاتتى.

ھاجى ئابدۇسەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن ئەمدى قايتاي، خەيىر ئەمىسە! — دېدى.

بىيۇمى يىراقتىن ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ، ئۇ تاكى بەخت كوچىسىدىكى ھېلىقى ئۆلۈملۈك چېدىر ئۆيىگە كىرىپ كەتكۈچە ئەگىشىپ كەلدى، ئاندىن قاراڭغۇ بىر بۇلۇڭغا كېلىپ يوشۇرۇندى، ئۇ كۆڭلىدە ھاجى ئابدۇسەمەتنى چوقۇم چېدىردىن ھەممىدىن كېيىن چىقىدۇ دەپ ئويلايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خاتىرجەم بولۇپ، يەنە بىرنەچچە پارچە گۆش يەپ، بىرانىدى ھارىقىدىن بىرنەچچە يۇتۇم ئىچتى. ئۇنىڭ نېرۋىسى قىزىپ، يۈرىكىنىڭ سوقۇشى تېزلەپ، قانلىرى ئۇرغۇماقتا ئىدى. ئوقۇلۇۋاتقان سۈرە ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ ھە دەپ يەيتتى، ئىچەتتى، ئۇنىڭ ئىچى ئوتتەك قىزىپ كەتتى. بىر ساقچىنىڭ بۇ تەرەپكە غادىيىپ تەكەببۇرلارچە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىردىنلا ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. كۆزى، قۇلىقى، بۇرنى...سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ناھايىتى سەزگۈرلىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ دىمىقىغا ئاجايىپ بىر خىل تېرە پۇرىقى ئۇرۇلغاندەك بولدى، بۇ پۇراق ئۇنىڭغا ساقچى ئىدارىسىنى ئەسلەتتى. ئۇ ئۆزى

ئېرىشكەن كاچات، تىل ـ ھاقارەت، قاماق، چېلەك، بورا، قامچا، گۇندىخانا قاتارلىق "ئالاھىدە غەمخورلۇق" لارنى ئېسكە ئالدى. بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان ساقچى مۇرىسىدىكى مىلتىقنى تۇزەشتۈرۈپ قويۇپ يۈرۈلۈپ كېتىپ قالدى. يەنە بىرئاز ۋاقىت ئۆتتى، چېدىر ئۆيدە پەقەت پاتىھە ئوقۇۋاتقان كىشىلا قالغانىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ بەخت يولى تەرەپكە كېتىۋېتىپ ئىختىيارسىز ھالدا قويىندىكى خەنجەرنى سىلاپ قويدى، خەنجەر ئۇنىڭغا ئىنتايىن قاتتىق بىلىنىپ كەتتى.

ھاجى ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆيىدىكىلەر ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرى ئۇخلاپ بولغانىدى، بۇ يەردە دۇكان يوق ئىدى، يولۇچىمۇ كۆرۈنمەيتتى؛ سەمەھەرى كوچىسى بىلەن بۇ كوچىنىڭ ئارىلىقىدا قاپقاراڭغۇ، سۇرلۇك بىر تار كوچا بار ئىدى، ئۇ سەمەھەرى كوچىسىنى ۋە كوچىدا كېتىۋاتقان ئادەمنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدىغان بىر قاراڭغۇ جايغا كېلىپ يوشۇرۇندى؛ شۇ تاپتا ئۇ يەرمۇ قاراڭغۇ ئىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇردى، قولى خەنجەرنىڭ سېپىدىن نېرى ئەمەس ئىدى، ۋاقىتنىڭ تولىمۇ ئاستا ئۆتۈشى ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئېغىر ئازاب بولۇپ تۇيۇلماقتا ئىدى.

كونا قوڭغۇراق جاراڭلاپ، كىشىلەرگە كېچە سائەت بىر بولغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇ ھاجى ئابدۇسەمەتنىڭ بۇ يەردە پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، بىراق ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ ھولۇقۇپ، ئۆزىگە ئۆزى: "ئەمدى قول سالمىسام، ئىككىنچىلەپ پۇرسەت كەلمەيدۇ، مېنىڭ ھايات ياشىيالىشىممۇ تەس، ئۆلۈم مەڭگۈ مېنى قوغلىشىپلا يۈرىدۇ" دېدى. ھېلىقى ئىككىيلەن سەمەھەرى كوچىسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كەلدى، ھېلىھەم ئايرىلماي،

يانمۇيان كېتىۋاتاتتى، بىۋۇدى ئۇمىدسىزلىنىپ قالدى. ئۇ روھىي ھالىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىشكە تاسلا قالدى.

ئىككىيلەن توختاپ، ئۆزئارا قول ئېلىشىپ خوشلاشقاندىن كېيىن، ھاجىنىڭ ھەمراھى قايرىلىپ بىر خالتا كوچىغا كىرىپ كەتتى.

ئەمدى ھاجى ئابدۇسەمەت ئۆزى يالغۇز كېتىۋاتاتتى. ئۇ بۇ تەرەپكە قاراپ قويىدى، بىۋۇمىنىڭ يۈرىكى دۇپۇلدەپ كەتتى، ئۇ جۇر ئەتلىنىشكە تىرىشتى.

ھاجى ئابدۇسەمەت بىر قولدا ھاسىغا تايىنىپ، بىر قولدا سائىتىنىڭ بېغىنى تۇتۇپ بېشىنى سىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايى گاھ خاتىرجەم، گاھ سۇلغۇن ھەم تەشۋىشلىك كۆرۈنەتتى، مانا، ئۇ قاراڭغۇ تار كوچىغىمۇ كىردى، ئەمدى قاراڭغۇلۇقتا بىر قارا نەرسىنىڭ مىدىراۋاتقانلىقىنىلا ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. بىۋۇمىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن مۇنۇلار كەچتى: ئۇ پەم بىلەن يورغىلاپ بېرىپ ھاجى ئابدۇسەمەتكە يېتىشىۋالدى، ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى بىر قەدەمچىلا كېلەتتى، ئۇ خەنجىرىنى چىقاردى، شۇ تاپتا ئۇ غاچچىدە تىقىدىغانلا بولسا، يالتىراپ تۇرغان ئۆتكۈر خەنجەر ھاجى ئابدۇسەمەتنىڭ ئەجەللىك يېرىگىلا پاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىش تامام، ۋەسسالام بولۇپ، كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان 50 فوند ئۇنىڭ چۆنتىكىگە كىرىدۇ، ئۇ بۇ پۇلنى ئېلىپ پىنھان بىر جايغا قېچىپ بېرىپ، كېيىنكى ئۆمرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزسە بولۇۋېرىدۇ.

لېكىن ئۇ نېمىشقىدۇر خەنجەر سېپىنى سىقىمدىغىنىچە، تاكى ھاجى ئابدۇسەمەت ئۆيىگە كىرىپ كەتكۈچە ئەسلىدىكى ئورنىدا بۇتتەك قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن رەھىم

تەرجىمە مۇھەررىرى: ئەخمەتجان ھوشۇر

www.uyghurkitap.com

## زەينە

رەمسس كوچىسىدىكى 115 ـ بىنا كەسپىي ئىشلىرى ئىنتايىن ئالدىراش هەر خىل شىركەتلەرگە پۈتۈنلەي ئىجارىگە بېرىۋېتىلگەن بولغاچقا، بىنانىڭ ئىشىكىدە ئادەملەر تىقما ـ تىقماق بولۇشۇپ كەتكەنىدى، لىفت ئىشىكىنىڭ يېنىدا بىناغا چىقىش ئۈچۈن ساقلاپ تۇرغان ئادەملەر تېخىمۇ كۆپ ئىدى. بۇ بىنانىڭ ئىشىك ئالدى ئادەمدىن هېچقاچان خالىي بولۇپ باقمىغانىدى.

بىناغا چىقىشنى كۈتۈپ تۇرغانلار ئىچىدە ئىككى ئەر بىلەن بىر قىز بىنانىڭ ئىشىكىگە تەڭلا دېگۈدەك كېلىشكەنىدى. بۇ يەرگە كەلگەن كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىلىرىگە ئوخشاشلا، هېلىقى ئۈچەيلەنمۇ بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشمايتتى. بۇنداق چاغلاردا، هېچكىممۇ هېلىقى ئىككى ئەركىشىگە دىققەت قىلىپ كەتمەيتتى، ئەلۋەتتە، هەممىنىڭ كۆزى تەبىئىيلا هېلىقى قىزغا چۈشەتتى. ئۇ قىز ناهايىتى چىرايلىق، سىپايە ۋە بەكلا ياش ئىدى. هايال ئۆتمەي، هېلىقى ئىككى ئەرنىڭ بىرى ئۆزىچە ئارامسىزلىنىپ جىم تۇرالماي قالدى، گويا ئىچكى دۇنياسىدا قاتتىق داۋالغۇش بولۇۋاتقاندەك، بىر تۇرۇپ قولىنىڭ تىرنىقىنى چىشلەيتتى، بىر تۇرۇپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئەتراپقا قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئىختىيارسىز ئۇچرىشىپ قالغاندا، قىزنىڭ كۆزلىرىدىكى جۇلالىق گۈلدەك كۆز قاماشتۇرىدىغان نۇر ۋە جۇشقۇنلۇق ئەرنىڭ كۆزلىرىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس هەسرەت پەيدا قىلىپ، ئۇنى چوڭقۇر خىيالغا سالدى.

بۇ ئۇچەيلەننىڭ بىرىنچىسى 3 ـ قەۋەتكە چىقتى ـ دە، 18 ـ ئۆينىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ كونۇپكىسىنى بېسىپ، كاتىبات باشقارمىسىغا كىردى، ئاندىن قىزىقچى ئايال كاتىپقا سالام بەرگەندىن كېيىن، ئۆزىگە ئىشەنچ قىلغان تەرىزدە سىپايىلىق بىلەن ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

— مۇھەممەت بەدران بولىمەن...

ئايال كاتىپ مۇدىر ئىشخانىسىغا غىپپىدە كىرىپ كەتتى ـ دە، هايالسىزلا قايتىپ چىقىپ:

— مەرھەمەت! — دېدى.

مۇھەممەت بەدران مۇدىر ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلگىنىدە، مۇدىر تېلېفون تۇرۇپكىسىغا ھاياجان بىلەن بىر نەرسىلەرنى دەۋاتاتتى. ئۇ ئىش شىرەسىنىڭ ئارقىسىدىن بىر قولىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ قويۇپ، ئۆزى يەنە شىرەنىڭ ئالدىدىكى يوغان خورۇم ئورۇندۇققا چۆكتى. ھاۋا تەڭشىگۈچتىن چىقىۋاتقان سوغۇق شامال ئۇنىڭغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭ بەدەنلىرى خېلى سالقىنلاپ قالغانىدى. يولدا كەلگۈچە ۋە لىفىتتىكى قىستا ـ قىستاڭچىلىقتا پەيدا بولغان تەر تامچىلىرىمۇ ئاستا ـ ئاستا غايىب بولدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى ناھايىتى راھەت ئىلكىدە ھېس قىلىپ، بەجايىكى بۆشۈكتىكى بوۋاققا ئوخشاش لەززەتلىك ئۇيقۇغا كېتىۋاتاتتى. ئۇ دەرھاللا ئۆزىگە ۋەدە قىلىپ، ھەممە ئەھۋال ياخشىلانغاندىن كېيىن ئۆز ئىشخانىسىغىمۇ مۇشۇنىڭدەك بىر ھاۋا تەڭشىگۈچ ئورنىتىشنى، كېيىنچە باللىرى بىلەن پاراڭلاشقاندىمۇ، تومۇز ئىسسىقى پەيتىدە ئايالى بىلەن دەم ئېلىپ ئولتۇرغان چاغلىرىدىمۇ ھاۋا تەڭشىگۈچ ئورنىتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. ئۇ يەنە ئادەتتىكى

www.uyghurkitap.com

چاغلاردىكىگە ئوخشاش يوقىلاك خىياللارغا بەند بولۇپ، بايلىق-دۆلەت ھەققىدە ئۇخلىمايلا چۈش كۆرگىلى تۇردى. بۇ چاغدا، چۈش ئىلاھى ئۇنىڭغا ئائىلىگە لازىمەتلىك بولغان جىمىكى زامانىۋى ئۆي جاھازلىرىنى تەييار قىلىپ بەردى: بىر يۈرۈش يېڭى ئۆي توخۇ فېرمىسىدىن يىراق پاكىز جايغا سېلىنىدۇ؛ ئۆي جاھازلىرى كۆركەم، ھەشەمەتلىك ھەم مودىغا لايىق بولىدۇ، ئاشخانا ئامېرىكا پوسۇنىدا، ھاجەتخانا فرانسىيە پوسۇنىدا بولىدۇ، پارقازىنى، پار ئۇسكۇنىلىرى چوڭراق بولىدۇ، ماشىنىمۇ يېڭىچە ۋە ھەشەمەتلىك بولىدۇ، ھە راست، ئىسكەندەرىيە پورتىغا يازلىقى ئىسسىقتىن پاناھلىنىشقا، باشقا چاغلاردا دەم ئېلىشقا بولىدىغان بىر داچا سېلىش كېرەك.

ئۇشتۇمتۇتلا ئۇنىڭ خىيالىغا بىنانىڭ ئىشىكى يېنىدىكى لىفت ئالدىدا ئۇچرىغان ھېلىقى گۈزەل قىز ناھايىتى روشەن كېلىپ قالدى. ناۋادا ئاشۇ قىز بىلەن تونۇشۇپ، دوستلىشىپ قالالىسا نېمە-دېگەن ياخشى بولاتتى-ھە! ئۇ قىز ھەقىقەتەن تولىمۇ گۈزەل ئىدى، قىزنىڭ ھۆسىن-جامالى ئەر زاتىنىڭ مەجنۇنلارچە ئىشقى-مۇھەببىتىنى قوزغىيالايدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، كىشىنىڭ ئىشقى-زوقىنى تارتىپلا تۇراتتى. ئۇ مۇراد-مەقسىتىگە راستلا يېتەلىسە، ھېچ بولمىسا گۈزەل تەسىراتىنى ئەبەدىلئەبەد ساقلاپ قالالىسىمۇ، كۆڭلى قانائەت ھاسىل قىلغان بولار ئىدى. ئەپسۇسكى، مۇدىرنىڭ ئاۋازى ئۇنى خىيال دۇنياسىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، دەرھاللا رېئاللىققا ئېلىپ كەلدى:

— پروفېسسور مۇھەممەت، قانداق تۇرۇۋاتىسىز؟

— ئوبدان، ناھايىتى ئوبدان، مۇدىر جانابلىرى! — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ.

ئىككەيلەن تەڭلا كۈلۈپ كېتىشتى، ئەمما ئۇلارنىڭ كۈلكىسى بىر ـ بىرىگە پەقەتلا ماسلاشمايتتى. مۇدىرنىڭ ياڭراق كۈلكىسى ئۇنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ مۇدىرغا ئەگىشىپ زورىغا كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن، "بىرەر ئىش بارمىدى؟" دېگەندەك مۇدىرغا قارىدى.

— مېنىڭ ئەھۋالىمنىڭ قانداقلىقىنى سوراۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟ مەن ناھايىتى ئوبدان تۇرىۋاتىمەن، ھازىر كاللامدا پىلانلار كۆپ. سىزنىڭ پىلانلىرىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغانلىقىڭىزغا قول باغلىشالايمەن. مېنى ئادەم ئىشلىتىشتە مۇتەخەسسىس دېسىمۇ بولىدۇ.

— بىزنىڭ بىر خىزمەتدىشىمىز بار، ئۇنى سىزمۇ تونۇيدىغانسىز، بىر گېزىتخانىدا ئىشلەيدۇ، ئايلىق مائاشى 30 فوند، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— سىزگىمۇ ياخشى پۇرسەتلەر كېلىدۇ. بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى مەن قانداق ئىدىم؟

ئىككىسى يەنە كۈلۈشۈپ كەتتى. مۇدىر بىردىنلا ئۆزىگە سالاپەت بېرىپ چوڭ سۈپەت ئولتۇرۇپ، ئىشنىڭ ئۆزىگە ئۆتتى:

— مەن بىر ئامال تاپتىم، بىراق بۇ ئامال بويىچە بولغاندا سىز خېلى جاپا چېكىسىز...

مۇھەممەت دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن كۆز تىكمەكتە ئىدى؛ ئۇ: جاپا چەكسەمغۇ مەيلى، ئىش ھەقلىمنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتمىسىلا بولاتتىغۇ، دەپ ئەندىشە قىلىۋاتاتتى. شۇڭا دەرھاللا:

— مەن جاپا چېكىش، ھېرىپ چارچاش دېگەنلەردىن قورقۇپ

كەتمەيمەن. مەن تاللاپ قويغان بىرقانچە تېما بار. ئۇلارنى ئوقۇغانلىكى كىشى، ئەسەرلەرنىڭ مەشھۇر يازغۇچىنىڭ قولىدىن چىققانلىقىغا گۇماندا بولمايدۇ.

مۇدىرنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈلمىدى، ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن ئىش شىرەسىنىڭ تارتمىسىدىن بىرقانچە ۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ، بىردىنلا ھەيرانلىق تەلەپپۇزىدا سورىدى:

— نېمە، بۇلار سىزنىڭ ئەسىرىڭىزمۇ؟

— كۆڭۈلدىكىدەك يېزىلماي قالدى. بىراق، ھازىر پەقەت سىزنىڭ ئىمزايىڭىزلا كەم.

— لېكىن، — دېدى مۇدىر ۋەزمىن ئاھاڭدا.

ئۇنىڭچە بولغاندا، مۇدىرنى ئاز-تولا قىزىقتۇرۇپ قويۇش لازىم بولغاندەك قىلاتتى، شۇڭا:

— سەۋرچان بولۇپ، ئالدىراش ۋاقتىڭىزدىن كىچىككىنە چىقىرىپ بىرەر قۇر ئوقۇپ كۆرگەيسىز، مېنىڭ تار قورساقلىق قىلغان، قان-تەر ئاققۇزۇشنى خالىمىغان يەرلىرىمنى قاچان كۆرگەنىدىڭىز؟

مۇدىرنىڭ چىرايى سەل ئېچىلغاندەك بولدى، ئۇ يېنىككىنە بىر تىنىۋېلىپ، نارازى بولغاندەك كەيپىياتتا:

— خوپ، ئاسان گەپ. شۇغىنىسى...، — دېدى.

مۇھەممەت مۇدىرنىڭ قولىدىكى ماقالىنى ئىتتىك ئالدى-دە، ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن دېدى:

— سىز ئولتۇرۇڭ، ماقالىنى ئۆزەم ئوقۇپ بېرەي، ئىلتىپاتلىق ئېتىبارىڭىزنى قاچۇرماسلىقىڭىزنى سورايمەن، — ئۇ سۆزلەپ بولۇپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدى: "قەدىرلىك ژۇرنالخان، سىز C، A، B دېگەن يېڭى دورىنى ئاڭلاپ باقمىغان بولغىيدىڭىز؟ بەلكىم

ئۇنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقاندۇرسىز، سىزگە شۇنداق دەپ كېسىپ
ئېيتالايمەنكى، شۇ تاپتا بۇ دورىنىڭ پۈتۈن دۇنياغا داڭقى كەتكەن-
لىكىدىن سىزنىڭ خەۋىرىڭىز يوق، ئۇرغۇنلىغان مەشھۇر ئالىملار بۇ
دورا توغرىسىدا مەخسۇس ماقالە، ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۇنى كەڭرى
تەشۋىق قىلماقتا. ژۇرنىلىمىزنىڭ ئەزەلدىن ئىلمىيلىكىنى، دەۋر
خۇسۇسىيىتىنى ۋە چىنلىقنى گەۋدىلەندۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىدەك ئالا-
ھىدىلىكىنى ئەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ ژۇرنالخانلارغا قىياس-تەسە-
ۋۋۇر بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىشىنى خالىمايمەن؛ ژۇرنالخانلار
شۇنىڭدىن خاتىرجەم بولغايكى، مەزكۇر دورىنىڭ ئۆز ئىستېمالچى-
لىرىنى قايتىدىن ياشارتالايدىغانلىقىنىڭ ھېچقانچە ئىش ئەمەسلى-
كىگە، ھېچ بولمىغاندىمۇ كىشىنىڭ قېرىشىنى 10 يىلدىن 15 يىلغىچە
كەينىگە سۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىنى كامىل قىلغاي...“

ئۇ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ئوقۇيتتى، مۇدىر كۆزلىرىنى يېرىم
يۇمۇپ ئاڭلىدى دېسە ئاڭلىمايۋاتقاندەك، ئاڭلىمىدى دېسە ئاڭلاۋات-
قاندەك قىياپەتتە ئولتۇراتتى، مېيىقىدىن مەسخىرە ئالامىتى بىلىنىپ
تۇراتتى. ئۇ ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىيلەن بىر ھازاغىچە
ئۈندىمەستىن بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى.

— قانداق ئاقىلانە پىكرىڭىز بار ئىكەن مۇدىر؟ — دېدى ئۇ ئاۋا-
زىنى پەسەيتىپ ئېھتىيات بىلەن.

— قالتىس ياخشى بوپتۇ، تولىمۇ ھەيران قالارلىق بوپتۇ! يېزىق ۋە
گىراماتىكا جەھەتتىكى بەزى خاتالىقلارنى ئىخلاس بىلەن تۈزىتىشكە
توغرا كېلىدىكەن، ئەلۋەتتە. ئېمىلا دېگەن بىلەن بۇ ئەسەر كىشىنى
جەلپ قىلارلىق مۇھىم ئەسەر ئىكەن! باش بەتنىڭ بىرىنچى
ماقالىسى قىلىپ ئېلان قىلسا بولىدىكەن.

www.uyghurkitap.com

مۇھەممەت بەدران غەلىتە يوسۇندا مۇنداق دېدى:

— سىز مېنى خېلى بۇرۇندىن ئوبدان چۈشىنىسىز. لېكىن، بەزى نەرسىلەر مېنىڭ بىلىم ـ مەلۇماتىمنى ئىسپاتلىشىڭىزغا ياكى ئەڭ كەم بولغاندىمۇ بەزى جەھەتلەردە مۇۋاپىقراق يوسۇندا تەڭشەپ قويۇشىڭىزدا پايدىلىنىشىڭىز ئۈچۈن ئەسقېتىپ قالار، چۈنكى ژۇرنىلىمىزنىڭ ھازىرقى زامان پەنلىرى ھەققىدىكى ژۇرنال ئىكەنلىكى ھەممەيلەنگە ئايان.

مۇدىرنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىدى، ئۇ:

— توختامنى تۈزۈپ بولغان بىز، ئەمدى بىرتىيىنىمۇ قوشمايمەن! — دېدى سوغۇققىنا.

— ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن.

— ياق، سىز شۇنداق دېمەكچى! ئادەم دېگەن ئۇنچىۋالا نائىنساپ بولۇپ كەتسە بولمايدۇ! ژۇرنال چىقىرىش ھەققىڭىز ئانچە تۆۋەن ئەمەس، سىز يەنىلا توختام بويىچە مۇكاپات ئېلىۋېرىسىز، سىز ئەمدى يەنە مەندىن قۇسۇر چىقىرىپ چاتاق تېرىۋەرمەڭ!

مۇھەممەت مۇدىرنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ قاتتىق بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تەلەپپۇزىنى سەل يۇمشىتىپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ، بۇ كىچىككىنە مەغلۇبىيىتىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ مۇنداق دېدى:

— مېنىڭ ئەندىشە قىلىۋاتقىنىم، سىزگە مەلۇم، بۇنداق دورا كۆپ ئىچىۋېتىلسە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى...

— نېمىدېگەن چىرايلىق ئىنسانپەرۋەرلىك مەدھىيىسى ـ ھە! ئاڭلاپ قويۇڭ، مېنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ھېسسىياتىم سىزنىڭكىدىن كۆپ كۈچلۈك. بۇ دورىنىڭ قىلچە پايدىسى بولمىغان تەقدىردىمۇ،

ئۇنى زىيانلىق دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى تىلغا ئېلىپ كەلسەك، سىزگە مەلۇمكى، ئۇ دورا كىشىلەرنى خىيالىي تۇيغۇ ئىلكىدە ياشايدىغان، بىر مەزگىل بەختىنىڭ قەنتىنى چاقىدىغان، كىشىلىك ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرىدىغان قىلالايدۇ.

مۇدىر سۆزلەۋېتىپ، ئۆزىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاشنىڭ لەززىتىگە مەستانە بولۇپ كېتىشكە ئازلا قالغانىدى. ئۇ يانچۇقىدىن كىچىككىنە بىر كونۋېرتنى چىقىرىپ، ئىش شىرەسىنىڭ ئۈستىگە قويدى. كونۋېرتنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقى مۇھەممەتكە مەلۇم ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بالىسىنىڭ ئۇماق چىرايىنى قانداق ئوبدان بىلسە، كونۋېرت ئىچىدىكى نەرسىنىمۇ شۇنداق ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا ئۇ كونۋېرتنى تەمكىنلىك بىلەن خۇشال ھالدا قولىغا ئېلىپ، ئىچ كىيىمىنىڭ يانچۇقىغا سالدى-دە، ئۈستىدىن بوشقىنا بېسىپ قويدى ۋە:

— سىزگە كۆپ رەھمەت، خۇداغا ئامانەت ئەمسە! — دېدى.

— خۇداغا ئامانەت!

ئىككىيلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، قول ئېلىشىپ خوشلاشتى.

مۇھەممەت سىرتقا قاراپ ماڭدى، ئۇنىڭ قەدەملىرى ناھايىتى مەزمۇت، كەيپىياتى جۇشقۇن بولۇپ، مەغرۇر كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۇدۇل تەھرىر بۆلۈمى تەرەپكە ماڭدى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس-يادى ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ھەرقايسى جايلاردىن ئۆزىگە ئۇچۇپ كېلىدىغان تۈتام-تۈتام پۇلدا ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا سىرلىق بىر خىل كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى، ئۇ خىيالىدىن، بۈگۈنكى بۇ دۇنيادا يەر-زېمىننى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىغۇدەك چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كېتىپتۇ، ھەممە ئادەم پۇلغا دۇم چۈشىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ،

دېگەن پىكىر كەچتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەكتەپنى يېڭىلا پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە قاتناشقان چېغىدا قەلبىگە يۈكسەك غايە ۋە گۈزەل ئارزۇ-ئىستەكلەرنى پۈككەنلىكىنى ھەيرانلىق بىلەن ئەسلىدى؛ مانا ئەمدى بۈگۈنكى كۈندە ئەتراپتىكى نەرسىلەر ئۆز قىممىتىنى يوقاتقان، ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى پەقەت قانداق قىلىپ كۆپلەپ پۇل تېپىش، ماشىنا، ھاۋا تەڭشىگۈچ سېتىۋېلىش، قانداق قىلىپ ئوغلىنى ئامېرىكىغا ئوقۇشقا چىقىرىشنىڭ ئامالىنى قىلىشلا ئىدى.

*　　　*　　　*

ھېلىقى قىز يېنىك قەدەملەر بىلەن تولغىنىپ مېڭىپ، 5-قەۋەتتىكى 33-ئۆيگە كىردى. ئۇنىڭ شەھلا كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى. ئۇ گويا لەرزان لەيلەپ يۈرگەن رەڭدار بۇلۇتتەك، نازۇك بەدەنلىرىنى نازلىق تولغاپ، كاتىپ ئەپەندىنىڭ شىرەسى يېنىغا كەلدى. كاتىپ ھەم خۇشال بولغان، ھەم چۆچۈگەن ھالدا خۇرۇم ئورۇندۇقىدىن شاققىدە تۇرۇپ كەتتى-دە، قىزغىنلىق بىلەن قوللىرىنى سوزۇپ:

— مەرھابا، مەرھابا! مۇدىرنىڭ ئىشى بىرئاز ئالدىراش، مۇشۇ جايدا ئولتۇرۇپ سەل كۈتۈپ تۇرسىڭىز، بەش مىنۇتلا! — دېدى.

ئۇ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، كاتىپ ئەپەندى كۆرسەتكەن ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇ قىلچە تەمتىرىمەيتتى، ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ كۈلۈمسىرەيتتى. ياشقىنا كاتىپ پۈرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئۇنىڭغا بېشىدىن ئايىغىچە چالا قويماي، يېنىش-يېنىشلاپ سەپسېلىپ چىقتى، ئۇ شۇ تاپتا بەئەينى مۇھىم بىر ئەرباب ياكى مىليونېرنى كۈتۈۋېلىشقا ئاتاپ راسلانغان ئاجايىپ سەلتەنەتلىك بىر داچىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. قىزنىڭ كۆزلىرى بولسا

مودېرنىزم ئۇسلۇبىدىكى بىر بەدىئىي رەسىمگە ئەسىر بولغانىدى، رەسىم ئانچە ئېنىق ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ كۆزىگە بىر دانە ئالما كۆرۈنگىنىدىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئەندىشىگە تولغان كۆزلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئەتراپ تامامەن كىشىلەرنىڭ قالايمىقان ھالەتتىكى بەدەنلىرىنىڭ رەڭدار بوياقلار بىلەن سىزىلغان بەزى ئەزالىرى ئىدى. قىسقىسى، ئۇ ھېلىقى رەسىمنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، گويا لىق ئادەم بار بىر ئۆينىڭ ھالاكەتلىك قاتتىق يەر تەۋرەشتىن كېيىنكى بۇلۇڭمىنى كۆرۈۋاتقاندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس مىدىرلىتىپ قويۇشلىرىدىن، ئىنچىكە ئەگمە قاشلىرىنى يېنىك سەكرىتىشلىرىدىن ۋە ئاغزىنى ئۆمەللىشىدىن قانداقتۇر بىر خىل مەنىسىمەسلىك ۋە بىر قاراپ قويۇشقىمۇ ئەرزىمەيدىكەن دېگەندەك كەمسىتىش ئىپادىسى چىقىپ تۇراتتى.

ياش كاتىپ قولى بىلەن ئۆزى ئولتۇرغان ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى:

— بىرقانچە كۈندىن كېيىن سىز مۇشۇ يەردە ئولتۇرىسىز.

— سىزنى گېرمانىيىگە بارىدىكەن دەپ ئاڭلىدىم، قاچان ماڭاي دەيسىز؟

— كېچىككەندىمۇ مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرى، سىز بىلەن يەنە قاچان كۆرۈشكىلى نېسىپ بولار؟

بۇ گەپ قىزنى تەڭلىكتە قالدۇردى. ئۇ تازا خىجىللىقتا تۇرغىنىدا، مۇدىرنىڭ مەخسۇس تېلېفونى جىرىڭلاپ قالدى، كاتىپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئېلىپ بىردەم ئاڭلاپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى قويۇپ قويدى ـ دە، مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن، ئۇ ياشنىپ قالغان بىر چەت ئەللىككە ھەمراھ

بولۇپ چىقتى، مېھماننى ئىشكتىن ئۇزىتىپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، قىزغا بۇرۇلۇپ:

— قېنى، مەرھەمەت زەينە قىز! — دېدى.

قىز مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى، كاتىپنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، كاتىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا بوش ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— ماقۇل بولسىڭىز، ئىككىمىز بۈگۈن ئاخشاملىققا ئۇچراشساق...

قىزنىڭ مېيىقىدا چۈشىنىپ بولالمايدىغان بىر خىل تەبەسسۇم ئىپادىلەندى، ئۇ بېشىنى تىك تۇتۇپ، ئۇ يان - بۇ يانغىمۇ كۆز سالماستىن، ئۇدۇللا مۇدىر ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

مۇدىر قىزنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، لۆم - لۆم كارىۋاتقا ئوخشاش كەڭ كرېسلو ئورۇندۇقتىن ئالدىراپ - تېنەپ تۇرۇپ، پالاقلاپ يۈگۈرگەن پېتى ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ئۇنى قارشى ئالدى. مۇدىرنىڭ تېنى تولىمۇ كېلەڭسىز، روھىي ھالىتى بەكمۇ چۈشكۈن ئىدى، چاچ قالمىغان ئاپپاق بېشى مايلاپ قويغاندەك پارقىراپ كۆرۈنەتتى. لېكىن شۇ ھامان ئۇنىڭ چوققۇر يۈزى بىردىنلا نۇرلىنىپ كەتتى، ئۇ قىزغا ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، ئىككى قولىنى ئۇزاتتى، ئۇنىڭ كوۋا بۇرنى خۇددى پۇرژىنا ئورنىتىلغاندەك بىر كېرىلىپ، بىر يىپىلىپ تۇراتتى. ئۇ قىزنىڭ بىر قولىنى قىزغىن تۇتۇپ، ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، كىشىنى بىئارام قىلغۇدەك دەرىجىدە ئۇۋۇلىدى، ئاندىن قىزنى قولىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ كېلىپ، ئىش شىرەسىنىڭ يېنىدىكى يۇمشاق بىر كرېسلو ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزىمۇ ئولتۇردى، ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزنىڭ ئۇماقىنە يۈزىدىن زادىلا يۆتكەلمەيتتى.

— سىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىڭىز تولىمۇ ئوبدان بولدى، ئۆي

ئىچى ئامانمۇ؟ — دېدى ئۇ خۇشامەتكويلۇق قىلىپ.

— ناھايىتى ياخشى، رەھمەت سىزگە!

كرېسلو ئورۇندۇق ناھايىتى ئالىي بولسىمۇ، قىز كۆڭلى ئارامسىزلىنىپ، زادىلا ئولتۇرالماي قالدى. چېكە چاچلىرى ئاقارغان بولسىمۇ، قېرىغىنىنى تۇيىماي مازلىشىۋاتقان قېرىغا قاراپ، قىزنىڭ قۇسقۇسى كېلىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ مۇشۇ پەيتتە زورىغا بولسىمۇ كۈلۈمسىرەپ، قېرىنىڭ كۈلەرەڭ ھالەتكە كىرىپ قالغان قاشلىرى تېگىدىكى قاتتىق ئاچكۆزلۈك ئىپادىلىرى چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىگە قاراشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇ كۆڭلىدىكى يىرگىنچ تۇيغۇسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن بېسىپ، باياتىن يولدا كەلگىچە، لىفت ئىشىكىدە، ئىشخانىدا پەيدا بولغان خامۇخىل تەشۋىشلىرىنى پەسكويىغا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ، مۇمكىنقەدەر ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى گۆھەردەك چاقناپ تۇرىدىغان شېرىن چۈشكە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشاتتى.

— مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرى سىز مېنىڭ كاتىپىم بولۇپ قالدىسىز! — چۈشىدە ئاڭلانغاندەك بىر سادا ئاڭلاندى قىزغا.

قىزنىڭ مېيىسىدا زورمۇزور پەيدا بولغان كۈلكە ئالامەتلىرى كېڭىيىپ باردى، ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا كۈچلۈك ھاراق ئىچكەندەك قىزىرىپ كەتتى، كۆڭلىنى شادلىق چۇلغىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەنە مۇدىرنىڭ قىزغىنلىق بىلەن داۋام قىلىۋاتقان سۆزلىرى ئاڭلاندى:

— سىز بەئەينى ھاياتلىق نۇرىغا ئوخشاش مېنىڭ زۇلمەت باسقان قەلبىمنى يورۇتۇپ، ماڭا كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ يىللىقلىقىنى ۋە بەختلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردىڭىز. بۇ يەرگە كەلسىڭىز، سىز ۋە پۈتۈن ئائىلىڭىزگە پۈتمەس-تۈگىمەس بايلىق-

www.uyghurkitap.com

دۆلەت مۇشەررەپ بولغۇسى.

قىز تېخى يېقىندىلا ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنىڭ ئۆز ئۆيىدىكى سۆزلەي دېسە ئاغزى يوق، ئاڭلاي دېسە قۇلىقى يوق تۆت تامدا قىلچە خىجالەت بولماي ئەكس سادا چىقىرىپ ياڭرىغانلىقىنى ۋە قانچە - قانچە قېتىملاپ ئانىسىنىڭ قۇلىقىغىمۇ ئاڭلانغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئانىسى بەزى چاغلاردا گويا چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ تۇرغان ۋەھشىي يولۋاستەك كۆرۈنسە، بەزىدە كۆزىدىن زورمۇزور بىر - قانچە تامچە ياش ئاققۇزۇپ قويۇپ، كىچىككىنە بىچارە ئاسلانغا ئايلىنىپ قالاتتى... قىز بۇلارنى ئويلىغىنىدا، كۆڭلى غەش بولۇپ كەيپى ئۇچتى ۋە پىچىرلاپ:

— مېنىڭ ئۇبدان ئىشلىگەنلىكىمنى كۆرەرسىز! — دېدى.

مۇدىر ئاغزىدىكى ساپسېرىق چىشلىرىنى چىقىرىپ تەكەببۇرلارچە كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى قىزنىڭ بەدەنلىرىنى تىكەنلەشتۈرۈۋەتتى. قىز قايسى گەپلىرىم تازا جايىدا بولماي قالغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالدى.

— ھېلىقى يىگىتىڭىزچۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى ئۇ تۇساتتىنلا.

— ئايرىلىپ كەتتۇق، نىكاھ توختىمىمىزنى بىكار قىلىۋەتتۇق...، — دېدى ئۇ ئامالسىز جاۋاب بېرىپ.

— ئۆتۈپ كەتكەن ئىش دېگەنگە، — تەلەپپۇزىدىن ئۇنىڭ ناھايىتى خۇشال ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى، — پۇشايمان يەپ يۈرگۈلۈك ئەمەس، سىزنىڭ ئاپىڭىز ئاجايىپ دانا ئايال ئىكەن، سىزمۇ شۇنداق ئىكەنسىز. بىرمۇنچىلىغان گېزىت - ژۇرناللارنىڭ بەت - بەت ئۆتكۈر ماقالىلىرىدا ئېيتىلغانىدەك، تۇرمۇشتىكى ئاۋارىچىلىق كەلتۈرىدىغان ئىشلارنى تۈپ - يىلتىزىدىن يوقىتىۋېتىش تەسكە

چۈشىدۇ، لېكىن، مېنىڭچە، سىزگە ئوخشاش ئەقىللىق ھەم جۇشقۇن ئادەملەرلا يېنىمدا بولىدىكەن، ھەرقانداق ئاۋارىچىلىق كەلتۈرىدىغان ئىشلارمۇ مەن ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك، ئوڭۇشلۇق ئىش بولۇپ كېتىدۇ.

قىزنىڭ ئىچى تىتىلدايتتى. ئۇ نومۇستىن چىشىنى چىشلەپ ئاران تۇراتتى، ئەتراپتىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇ قەدەر ئىپلاس، يىرگىنىشلىك كۆرۈنەتتى. ئۇ نىكاھ توختىمىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىدىن پۇشايمان قىلمايتتى، چۈنكى ھېلىقى يىگىتمۇ ئەسلىدە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى يىگىت ئەمەس ئىدى. نىكاھ ئىشى توغرىسىدا جېدەل ـ ماجىرا بولغاندا، ھەممىلا يەردە توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، ئۇنىڭ ئىشى ئوڭغا تارتمىدى، ھەتتا تۈزۈكرەك خىزمەتمۇ تاپالمىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئاخىرى خىزمەت تاپتى، باشقا ئىشلار بولسا ئانچە مۇھىم ئەمەستەك ئىدى.

ــ كېيىنچە نېمە گەپلەر بار ئىكەن؟ ــ سورىدى قىز پەرۋاسىز ھالدا.

ــ خۇددى «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىدەك ئايىغى چىقماس قۇرۇق گەپلەر. بەزىلىرى تېخى ئىجتىمائىي ئىسلاھاتتىن گەپ ئېچىپ، بۈگۈنكى جەمئىيەت بارغانسېرى قالايمىقانلىشىپ، قالغىلى تۇردى، دېيىشىپتۇ!

قىز مۇدىرنىڭ ھېچبىر مەنىسىزلا قىستاپ قويۇپ، مۇدىرنىڭ سۆزىگە داۋاملىق قۇلاق سالدى:

ــ بۈگۈنكى جەمئىيەتتىكى جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمىنى دېمەيدىغان بولسام، قىلچە ئىككىلەنمەستىنلا سىزنى ئالغان بولاتتىم... ــ قىز يەرگە قارىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن مۇدىر بۇ ھەقتە ئاز ـ تولا

ئىزاھ بېرىپ ئۆتۈشىنىڭ زۆرۈرىيىتى باردەك ھېس قىلىپ، يەنە گەپ باشلىدى، — جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى مېنىڭ ئابرويۇمغا ۋە مەرتىۋەمگە تەھدىت سالماقتا، شۇنداقلا سىزنى بەختلىك قىلىش خىيالىمنى يوققا چىقارماقتا... — قىزنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا بىر خىل يوشۇرۇن شادلىق تارىدى. ئەمما ئۇ ھېسداشلىق تەلەپپۇزى بىلەن:

— بۇ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان، ناھايىتى ئاقىلانە ئىش، ئۇنى چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ، — دېدى.

ئارىنى ئېغىر سۈكۈت باستى. مۇدىر ئۆزىنى قىزغىن كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، مۇنداق دېدى:

— ناۋادا مەن سىزگە ئاشۇ نامدا بىر يۈرۈشلۈك داچا بەرسەم، سىزنى خىجالەتكە سېلىپ قويارمەن بەلكىم، لېكىن ئۇنى ئۆزەمنىڭ ئايال كاتىپىمغا تەقدىم قىلسام، كىشىلەر بەلكىم دوستلۇقنىڭ ئىپادىسىغۇ، دەپ چۈشىنىشى مۇمكىن. سىز دۇنيادىكى ھەرقانداق راھەت-پاراغەتتىن بەھرىمەن بولالايسىز، كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغاپ تۇرىدىغان جىمىكى ناز-نېمەتلەر سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ھازىر بولىدۇ، سىز مېنىڭ مۇنۇ گېپىمگە ئىشىنىڭىز: پۇل دېگەن كىشىلىك تۇرمۇشتا لەززەت كۆرۈشنىڭ سىرى. مەن سىزنى دۇنيادىكى ئەڭ شاد-خۇرام، ئەڭ بەختلىك ئادەم قىلىشقا بەل باغلىدىم.

— سىزدىن بەكمۇ مىننەتدار مەن!

مۇدىر ھاياجانلانغان ھالدا، بېشىنى مۇغەمبەرلەرچە لىڭشىتىپ تۇرۇپ دېدى:

— سىزنى يەنە ئىشخانىدىكى ھەممىدىن رەجەپنىڭ يېنىغا ماڭدۇرىمەن. سىزدىن ئىمتىھان ئېلىپ باقسۇن. لېكىن سىز ئەنسىرەپ كەتمەڭ، بۇمۇ سۆز-چۆچەك قىلىشقا ئامراق غەيۋەتخورلارنىڭ

ئاغزىنى تۇۋاقلاش ئۈچۈن شەكلەن قىلىپ قويۇلىدىغانلا بىر ئىش.
— رەھمەت! رەھمەت!
— يەنە بىر گەپ، ئانىڭىزغا ئېيتىپ قويۇڭ، پايتەختكە كېلىشكە تەرەددۇتلىنىپ تۇرسۇن.
— ئۇ ۋاقتىدا كېلىدۇ.
بۇنداق چاققان، تۈزلا جاۋاب بېرىۋېتىشى قىزنى سەل پۇشاي-مانغا سېلىپ قويدى. گەپنى بەك تېز ئېيتىۋەتكەندە، بەزى نۇقسان-لاردىن خالىي بولۇش قىيىن بولىدۇ. قىز مۇدىرغا تاسادىپىلا قاراپ سېلىپ، چىرايىغا زورلاپ بىر خىل سىپايە كۈلكە يۈگۈرتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ سەۋر-تاقىتى چەكلىك ئىدى. ئۇ مۇدىرنىڭ بۇنداق ئاغزى بېسىلماي ئەزمىلىك بىلەن سۆزلەۋېرىشىگە چىدىماي، سۆزنىڭ بېلىگە تېپىپلا:
— مەن ھازىرلا ئىشخانا مۇدىرىنىڭ يېنىغا باراي! — دېدى.
مۇدىرمۇ لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىش شىرەسىنىڭ ئارقى-سىدىن ئايلىنىپ كەلدى؛ ئەمما قىز بولسا چاققانلىق بىلەن يورغىلاپ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ بولغانىدى. مۇدىرمۇ كېيىن قالماي ئارقى-سىدىن قوغلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ زىلۋا بويىغا ئاچكۆزلۈك بىلەن تىكىلدى ۋە تاتىراڭغۇ ئەمما پىششىپ كەتكەن قولى بىلەن كاپپىدە ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىغا ئېسىلىپ ئۆلگۈردى. ئىككىيلەن ئىشىكنىڭ يېنىدا بىر-بىرىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل قاراشقىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى. مۇدىر قىزنىڭ گويا قاشتېشىدەك سۈزۈك كەلگەن كىچىك قوللىرىدىن تۇتۇپ، ئۆزى ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئاغزىنى قىزنىڭ ئېڭىكىگە توغرىلاپ كېلىشتۈرۈپ بىرنى شورىۋالدى. قىزنىڭ يۈزى گويا ئوتتا كۆيگەن-دەك قىزىپ، تارتىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ تىنىقى تېزلىشىپ، ئۆزۈن

www.uyghurkitap.com

كىرپىكلىرى تولىمۇ تېز لىپىلدايتتى، تولغان كۆكسى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان يېپەك كۆڭلەكنىڭ رەڭدار چىلتەكلىرى بەئەينى كېپىنەك قانىتىدەك لەپىلدەيتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا مۇدىرنىڭ:

— مېنى سۆيۈپ قويامسىز؟ — دېگىنىلا ئاڭلاندى،

— نېمىشقا؟

— سىز ئېرىشمەكچى بولغان ھەممە نەرسە ئۇچۇن - دە!

— ...

— سۆيۈڭە، ئايال كىشى ئەركىشىنى سۆيىدۇ!

— مۇنداق قىلامدۇ؟ — ئۇ قىپقىزىل ئەڭلىك سۇرۇلگەن لەۋلىرىنى سوزۇپ، مۇدىرنىڭ باياتىنقى قىلىقىنى دوراپ سورىدى.

— ھە، بۇمۇ بولىدۇ!

قىز نائىلاج ئۆزىنىڭ مەڭزىنى ئۇنىڭ سېمىز مەڭزىگە يېقىپ قويۇپلا غاچچىدە ئىشىكنى ئاچتى - دە، ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى...

* * *

ئۇچىنچى كىشى 8 - قەۋەتتىكى 55 - ئۆيگە كەلدى. ھېلىقى چىرايلىق قىزنىڭ ئوبرازى ئۇنىڭ پىكرىگە، ھېسسىياتىغا ھەتتا نەپەسلىرىگىچە ئارىلىشىۋېلىپ، ھېلىھەم ئۇنىڭ خىيالىدىن كەتمەيتتى. ئۇ قىزغىن ۋە ئىجادچانلىق بىلەن تەسەۋۋۇر قىلماقتا ئىدى: ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ ئاشۇنداق شوخ نازىنىن - گۈزەللەردىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغان بولسا، تۇرمۇش ھەقىقىي شېئىرىي تۇيغۇغا ئىگە بولغان بولماسمىدى!

لېكىن ئۇنىڭ بۇ شېرىن خىيالى شۇ ھامان چېقىلغان يېرىگە تىقىۋېتىلدى! ئۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ ئەر كاتىپنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى سەزدى. ئۇ كاتىپقا ئەدەب بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ سالام بېرىپ

قويۇپ، مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا قارىدى، كاتىپ ئىشىنىڭ تەكتىگە يېتىپ:

— پروفېسسور ۋەدىئە، سىزنى مۇدىر كۈتۈپ تۇرۇپتۇ! — دېدى.

ئۇ بىمالال مېڭىپ ئىشىكتىن كىرىشىگە، مۇدىر ئورنىدىن تۇرۇپ كۈلگىنىچە:

— ئەسسالام پروفېسسور ۋەدىئە، تازا ۋاقتىدا كەلدىڭىز! — دېدى.

ئىككىيلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، بىر بىرىگە تەكەللۇپ قىلىشىپ ئورۇن ئېلىشتى. مۇدىر ئېگىشىپ يېنىدىكى شكاپتىن ئوبدان ئورالغان بىر قەغەز بولاقنى ئېھتىيات بىلەن ئېلىپ، پروفېسسور ۋەدىئەگە سۇندى، شۇ هامان پروفېسسور ۋەدىئەنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ چاقناپ كەتتى، چەكسىز قۇدرەتكە ئىگە بۇ كۆزلەر گويا ھېلىقى قەغەز بولاقنىڭ ئىچىدىكى مەخپىي نەرسىنى — پېتى بۇزۇلمىغان لىقمۇلىق پۇلنى ئوپئوچۇق كۆرۈپ يەتكەندەك قىلاتتى.

ئاز بولسىمۇ بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم! سىزنىڭ ھېلىقى كاتتا ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئىكەنلىكىڭىزنى تاسادىپىيلا بىلىپ قالدىم.

گەپنىڭ مۇنداق باشلىنىشىنى ئاڭلاپ، ۋەدىئە سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدى ۋە دەرھاللا ئۆزىنى ئوڭشاپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى. مۇدىر قەغەز بولاقنى ئۇنىڭ ئوچۇق يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ دېدى:

— مۇبارەك ئەسىرىڭىزنى ئوقۇپ چىقتىم، ۋەقەلىكنى ئوبدان قۇراشتۇرۇپسىز! شۇنداق، ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ! ئۇنىڭغا قارىتا كىچىككىنە پىكرىممۇ بار، بىرئازدىن كېيىن يىغىندا ئېيتىپ ئۆتىمەن. باشقىلارنىڭمۇ پىكرى بولۇپ قالسا، ۋاقىت چىقىرىپ ئاينىڭ

ئاخىرىغىچە باشقىدىن تۈزىتىپ چىقارسىز. سىنارىيىسىنىڭ ئاپتورى بولغاندىكىن، ئەسەرنىڭ يېتەرسىز جايلىرىنى ئۆزىڭىز بىلىپ چىقىپ، تۈزىتىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا رەسمىي سۈرەتكە ئېلىشىمىزغا كاپالەتلىك قىلغىنىڭىز تۈزۈك. تۈزىتىپ چىققاندىن كېيىن ۋەقەلىكتە بەزى ئۆزگىرىشلەر بولۇشى مۇمكىن، لېكىن پۈتۈن ھېكايە ئىچىدىكى ۋەقەلىك ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھالدا ئەسەر بولۇپ تۇرالايدىغان بولسۇن. بۇ — ھەربىر رومان، پوۋېست، سىنارىيىنى مۇزاكىرە قىلغاندا قايتا - قايتا ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرىدىغان مەسىلە. قىسقىسى، سىزنىڭ يازغان ۋەقەلىكىڭىز ئوبدان قۇراشتۇرۇلۇپتۇ، پروفېسسور! شۇغىنىسى، ئۇ چىرايلىق چىققان بولسىمۇ، ئىشىقلىپ باشقىدىن بىر يېزىپ چىقسىڭىزمىكىن دەيمەن!...

مۇدىر ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى، ۋەدىئە پروفېسسورنىڭ پىكىر - خىيالى ئاللىقاچان نەلەردە پەرۋاز قىلىپ يۈرەتتى: خورسىنىش، ھەسرەت - نادامەت چېكىش شاۋقۇنلىرى ئىچىدە، كۆللى شەيئى نورمال تەرەققىي قىلىۋاتقان بۇ دۇنيانىڭ مۇشۇ بۇلۇڭىدا كىشىلەر ھەر خىل گۇمانىي مەسىلىلەرنى، تەكلىپ ۋە ئۈمىدلەرنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ. ئەمما تاشقى دۇنيادا بولسا، ھەممىلا يەردە بۇلبۇللار سايرىشىپ، قارلىغاچلار ئۇسسۇل ئوينىشىۋاتقاندەك، قورقۇنچ، نادانلىق، ئالدامچىلىق دېگەنلەر بولمىغاندەك بىلىنىدۇ. ۋەدىئە ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ گۈزەل بىر قىز تېپىپ، ئۆز تەسەۋۋۇرىغا ماسلىشىپ، شۇنىڭ پەيزىنى سۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولىدىغانلىقى شەك - شۈبھىسىز. ئۇ بۇ دۇنيادا قىلچە مەنىسىز ھالدا لاغايلاپ يۈرۈۋېرىدىغان بولسا، بەزى چاغلاردا تامغا ئۇسۇپمۇ سالىدۇ. ئۇ ئۆزىنى قوغداش يۈزىسىدىن مۇدىرغا دېدى:

— مۇدىر، سىز بىر چاغدا مەندىن كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئەسەرلىرىڭىز بارمۇ؟ دەپ سورىغانىدىڭىز، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى ئوتتۇرىغا چىقاردىم. يېقىندا ماڭا ئۇ ئەسەرنى قوبۇل قىلغانلىقىڭىزنى ئۇقتۇردىڭىز، شۇنداققۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، ئەلۋەتتە، لېكىن ھېكايە دېگەن بىر ئاساستىنلا ئىبارەت. بىز خىزمىتىمىزنى پۇختا ئاساستا ئىشلەپ، ئاخىرىدا مۇكەممەل، زامانىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇنەۋ-ۋەر فىلىم ئىشلەپ چىقىشقا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم. شىركىتى-مىزنىڭ بەلگىسىنىڭ ئۆزى مەدەنىيەتلىك ئىشلەپچىقىرىش دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

ئۇ غەزىپىنى ئەستە بېسىپ، مۇدىرنىڭ سۆزلىرىنى جىمجىت ئاڭلايتتى. مۇدىرنىڭ شىرەنىڭ كەينىدىن سوزۇلۇپ چىقىپ تۇرغان يۇزىگە ھەيرانلىق نەزەرى بىلەن قارايتتى. ئۇنىڭ يۈزىدىن ساغلاملىق، تېتىكلىك ۋە خىرىس قىلىش ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇراتتى. شۇنداق، مۇدىرنىڭ چىراي-تۇرقى كىشىگە خىرىس قىلىۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى پولتىيىپ سىرتىغا چىققان، بۇرنى ئۇچلۇق بولۇپ، ئىككى ئۇتتۇر چىشى كالپۇكىنىڭ سىرتىغا چىقىپ تۇراتتى. مۇدىر بولغان كىشىنىڭ ئۆزىنى ياساپ يۇرۇشى بەكمۇ ئەيىبلەپ كەتكۈدەك ئىش ئەمەس، لېكىن بەك ئاشۇرۇۋەتسە، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سىغماي قالىدىغان گەپ. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىدىن گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان ئىپار ھىدىغا چىداپ بولمايتتى. مۇدىر بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ پەداز قىلىشقا بۇنچىۋالا بېرىلىپ، ياسانچۇقلۇق قىلىپ كېتىشى ئۇنىڭ مەخسۇس جىنسىيەت ھەققىدە سۆزلەيدىغان بىر

كىتابنىڭ تەسرىگە ئۇچرىغانلىقىدىن ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

بۇ مۇدىرنىڭ ياشلىق مەزگىلى مەلۇم بىر ستراخوۋانىيە شىركىتىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ ئىشلەش بىلەن ئۆتكەنىدى، تاكى بۈگۈنگىچە كۆنلەرگىچە ئۇ ھېلىمۇ ئۆزىنىڭ فرانسۇزچىنى سۇدەك سۆزلىيەلەيدىغانلىقى ھەققىدە پو ئېتىپ يۈرەتتى؛ مەيلى رەسمىي سورۇنلاردا بولسۇن ياكى ئۇششاق-چۈششەك سورۇنلاردا بولسۇن، بىرقانچە فرانسۇزچە ئىبارە ياكى بىرەر ئېغىز فرانسۇزچە گەپنى سۆزىگە ئىختىيارسىز قىستۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قالتىس بىلىملىك ئىكەنلىكىنى كۆز-كۆز قىلاتتى. ۋەھالەنكى، ئۇ ھەقىقەتەن شۇ قەدەر كەڭرى بىلىملىك دېيىلىدىغان بولسا، ھېچ بولمىغاندىمۇ بىر مەسىلىنى ئانچە ئاڭقىرالماي قالغان، يەنى "سەنئەت" دېگەندىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى، ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، پىروزا ئەسەرلىرى جەھەتتە كەسىپ ئەھلى بولۇشتىن يىراق ئىدى.

ئۆزى مۇدىر بولۇپ تۇرۇقلۇق، سەنئەت بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان بۇ ئادەمنىڭ ئالدىدا، پىروفېسسور ۋەدىنە ئۇچۇن قاتتىق ئەپسۇسلىنىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ئۇ خۇددى دېڭىز-ئوكيانلار تەكتىدە قاتتىق ئېلىشىپ مادارىدىن كەتكەندەك ئېغىر بىر نەپەس ئالدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت دەل ئالتىدە رېژىسسور مۇھەممەت تەنتازۇى كەلدى. بىردەمدىن كېيىن، كىنو سودىگىرى دەزرائىلى ئەپەندىمۇ كەلدى. كېيىن ھەممەيلەن بەس-بەس بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كىنو چولپىنى ئەۋاتىف زۇھدى خېنىمنى كۈتۈۋېلىشتى. ھەر خىل، رەڭگارەڭ سوغۇق ئىچىملىكلەرمۇ كەلتۈرۈلدى. پىچىرلىشىش-كۇسۇرلىششلار، كۈلكە-چاقچاقلار، بىمالال پاراڭلار ئۆيىنى بىر

ئالدى؛ پەقەت پروفېسسور ۋەدىئلا بىر بۆلۈگىدىكى ئورۇندۇقتا ئۆزى يالغۇز جىمجىت تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ ھەربىر ئادەمنىڭ چىرايىنى نەزەرىدىن ئۆتكۈزگەچ ئۆزىنىڭ ئەسىرى ئۈستىدىكى مۇھاكىمىنىڭ باشلىنىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتەتتى.

ئۇنىڭ كاللىسىدا بىرمۇنچە سوئال پەيدا بولدى: زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىدىغان ئۇ ئۆكتەملەر قاچانمۇ جاجىسىنى يېيىشەر؟. مۇھەممەت تەنتاۋى قاچانمۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە نورمال ئادەمگە ئوخشاش پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولار؟ دەزرائىلى ئەپەندى قاچانمۇ سان-ساناق ۋە پۇل-پىچەكنىلا ئويلاۋەرمەي، باشقا نەرسىلەر ئۈستىدىمۇ ئاز-تولا ئويلىنىدىغان بولار؟ ئەۋاتىف زۇھدى خېنىم چوڭقۇر ئۆزلىشىپ كەتكەن يامان ئادىتىنى قاچانمۇ تولۇق تۈگىتەر؟ ئۇ ئالاھىدە كەيپىيات ئىچىدىكى ئائىلىدە جەمئىيەتتىكى مۇتتەھەم-بىشەملەردە بولىدىغان ھىيلىگەرلىك ئىستىلىنى يوقتۇرۇۋالغان بولۇپ، سەنئەتتىن ھېچ نەرسە بىلمىسىمۇ، مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئارقا ئىشىكتىن مېڭىپ يۈرۈپ مەدەنىيەت-سەنئەت ساھەسىنىڭ مۇھىم يېرىگە كىرىۋالغاندى. مۇجدى سەييىد خۇددى يېگى مۇھەببەت مەستانىلىرىگە گۆرۈگە قويۇپ قايتۇرۇپ كېلىدىغان نەرسىگە ئوخشاش كىنو فىلىملىرىنى ئىشلەشنى قاچانمۇ توختىتار؟ نەگىلا بارساڭ، شۇ يەردە ئۇشتۇمتۇتلا پەيدا بولۇپ، ھەممىشە پروزا ئىجادىيىتىگە ئارىلىشىۋالىدىغان ئامىللار قاچانمۇ تۈگەر؟

ئۇنىڭ خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ چاچلىرىنى يۇقىرىغا سىلىكىپ قويدى، ھېلىقى گۈزەل قىزنىڭ سىماسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە نامايان بولدى، قىزنى ئۇ تېخى باياتىنلا ئېسىگە ئالغانىدى، ئەمدىلىكتە ئۇ قىزغا بولغان قايناق مۇھەببەت بىلەن گۈزەل

www.uyghurkitap.com

تۈرمۈش يارىتىش ئۈستىكىدە شىرىن چۈش كۆرۈشكە باشلىدى.

بۇ چاغدا، مۇدىرنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ياڭرىدى:

— خوش، ئەمدى گەپنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى! پروفېسسور ۋەدىئىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مۇددىئاسى ھەرقايسىلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئەسىرىگە بولغان پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ بېقىش. مۇھاكىمىنى بۈگۈن تۈگىتەيلى، ئەتىدىن باشلاپ ئاپتور تۈزىتىشكە كىرىشمەكچى.

"ئۆھۆ" دېگەن يۆتەل ئاۋازى بىلەن ھەممەيلەننىڭ دىققەت-ئېتىبارى بىردىنلا دەزرائىللى ئەپەندىگە بۇرالدى. ئۇ كاسىسىنى كۆتۈرۈپ ئورۇندۇقنىڭ گىرۋىكىگە سۈرۈلدى، ئورۇندۇق بەك يوغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ۋىجىك گەۋدىسى تېخىمۇ كىچىك كۆرۈنەتتى. ئۇ يەنە بىرنى يۆتىلىپ قويۇپ دېدى:

— ئەسەرنىڭ باش قىسمى ناھايىتى قىزغىن، ئوبدان يېزىلىپتۇ. لېكىن چۈشۈرگە قىسمى ئاددىي، سۇسراق يېزىلىپ قاپتۇ، بۇ بىر ئېغىر مەسىلە!

ھەممەيلەن ئۇنىڭغا دىققىتىنى بېرىپ، ھۆرمەت بىلەن قارىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ تۇنجى بولۇپ سۆزلىگەن قۇسۇر ئىزدەپ بولمايدىغان، تەنتەنىلىك سىپاتىما سۆزلىرىگە ھەممەيلەن سۈكۈت ئارقىلىق قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. رېژىسسور سەل قىمىرلاپ قويۇپ نېمىلەرنىدۇ دېمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا، فىلىم سودىگىرى ئۇنى توسۇپ، مۇنداق دېدى:

— كەچۈرگەيسىز مۇھەممەت، مەن يەنە بىرەيلەن بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىم، بۈگۈن ئاخشام بارمىسام بولمايتتى، شۇڭا مەن گېپىمنى دەپ بولاي، بايا "قىزغىن" ۋە "سۇس" دېگەن سۆزلەرنى دېدىم؛ ئۇنىڭدىن باشقا، ئەسەردىكى باش قەھرىماننىڭ ئىندىۋىدۇ-

ئاللىقى ئانچە بەك يېقىملىق ئەمەس، ئۇ پۇلدار ئادەم ئىكەن، باي قىلىپ تەسۋىرلەنگەن باش قەھرىماننى كىشىلەر ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ؛ ۋەقەلىكنىڭ ئۆزىمۇ كومېدىيىلىك تۈس ئالمىغان، بۈگۈنكى كۈندىكى تاماشىبىنلار كۆڭۈل ئاچىدىغان نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، قىزىقارلىق ئويۇنغا كىم پۇل خەجلىمەيدۇ؟ خۇشاللىق كەيپىياتىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، بەزى ئۇسسۇل ۋە مودا ناخشىلارنىمۇ مۇۋاپىق قوشۇپ قويۇشقا بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ھەرقايسىڭىزلارنىڭ بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىشىپ بېقىشىڭىزلارنى سورايمەن، تۈزىتىپ چىقىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالىدىغان ئىش بولسا، مېنىڭچە، بۇ ئەسەرنى ئالماشتۇرىۋەتسەكمۇ بولىدۇ. مەندە ھازىر سىلەر ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان بىر سىنارىيە بار، ئۇنى شۇ تاپتىلا سۈرەتكە ئېلىشقا بولىدۇ.

ۋەدىئ ھولۇققىنىدىن ئورۇندۇقتىن سەكرەپلا تۇرۇپ كېتىشكە تاس قالدى ـ دە:

— نېمە دېدىڭىز؟ تەييار سىنارىيە دېدىڭىزمۇ؟ — دېدى.

فىلىم سودىگىرى ئۇنىڭغا يىللىق تەبەسسۇم قىلىپ دېدى:

— مەنمۇ دۆلىتىمىزدە ۋە چەت ئەللەردە ئىشلەنگەن فىلىملەرنى تارقىتىدىغان ۋەكالەتچى، ئۆزەم فىلىم سۈرەتكە ئالدۇرغاندا تاللىۋېلىشىم ئۈچۈن، بارلىق كىنو سىنارىيىلىرىنى قولۇمدا ساقلايمەن. سىزگە شۇنى دەپ قويايكى، مەن فىلىم كۆپىيىسىنى ئۆزەم خالىغىنىمچە سېتىۋېتەلەيمەن ھەم سېتىۋالالايمەن؛ لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا باشقا سىنارىيىلەرنىمۇ ساقلاپ قويىمەن، ۋاقتانى ۋاق كېلىپ جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇپ، ئامال تېپىلمىغان چاغدا ئىشلىتىمەن. سىزمۇ ھەرگىز يازغۇچىلىق ھوقۇقىڭىزدىن مەھرۇم قالمايسىز، سىزنىڭ ئىسمىڭىز ئەسلى ئەسەرگە، ھەتتا سىنارىيىگىمۇ

بىزىلىدۇ. سىز ئۇغرىلىغان دېگەن گەپكە قېلىشتىن ئەندىشە قىلماڭ، چۈنكى مەزكۇر سىنارىيە ئاساسىدا ئىشلەنگەن فىلىم ئوتتۇرا شەرق-ئەرەب رايونلىرىدا قويۇلمايدۇ. مەن دېگەن گەپلەرنى ئويلاپ كۆرۈڭ، يېرىم كېچە سائەت بىردە سىزگە تېلېفون بېرىمەن، ئەتىجىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئۇقماقچى. — ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، تارىشىدەك ئاۋاق قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ كۆپچىلىك بىلەن خوشلاشتى، ئۆيدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى گۇررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇ ئىشىكتىن چىقىپ كەتكىچە كۆزلىرىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇشتى.

ئۇنىڭ ۋىجىك كەلگەن گەۋدىسى ئىشىك ئالدىدا غايىب بولۇشىغىلا، كىشىلەرنىڭ چىرايىدا دەرھال ئۆزگىرىش بولدى، باياتىنقى بىلىنمەس جىددىيلىك يوقاپ، ھەممەيلەننىڭ روھىي كەيپىياتى نورماللاشتى. مۇجىدى خالايىقنىڭ ئالدىدىلا ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى جاكارلاپ، ھاياجان بىلەن:

— ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى كۆڭلۈڭلەرگە ئېلىپ كەتمەڭلار! مەن ئۇنى چۈشىنىمەن، ئۇ تولا گەپ قىلغان بىلەن، ۋاقتى كەلگەندە يەنە مېنىڭ ئاغزىمغا قارايدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ئەسەر ئەۋاتىفقا تولىمۇ ماس كېلىدىكەن! — دېدى.

— ئۇ تىلغا ئالغان ھېلىقى سىنارىيىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تېلېفوندا ماڭا ئېيتقانىدى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ سىنارىيە ماڭا ماس كەلمەيدۇ، ئېرىدىن يۈز ئۆرۈگەن ئايالنىڭ رولىدا چىقىش ماڭا مۇناسىپ ئەمەس، ئۇ رولدا چىقسام، ماڭا چوقۇنىدىغان تاماشىبىنلارنى خاپا قىلىپ قويىمەن، — دېدى ئەۋاتىف.

مۇھەممەت ئەنتاۋى تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇۋېلىپ دېدى:

— بىز نۇقتىلىق قىلىپ پروفېسسور ۋەدىئىنىڭ رومانى ھەققىدە پىكىرلىشەيلى!

— نېمە پىكىرىڭىز بولسا يوشۇرماي تۈزلا ئېيتىۋېرىڭ! — دېدى ۋەدىئ گەپنى ئەگىتمەي.

— مەن دەزرائىلىنىڭ گېپىگە قوشۇلىمەن، ئەسەردە ھەزىل تەركىبلەر كەمچىل ئىكەن. — دېدى مۇھەممەت تەنتاۋىمۇ بوش كەلمەي.

ۋەدىئىنىڭ يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ:

— ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى ئەستايىدىللىقنى تەلەپ قىلىدۇ! قىزىق گەپ، ھەزىل - چاقچاقلارنى قىستۇرىمەن دېسىڭىز، ئۇ تەس گەپ ئەمەس، قىستۇرسىڭىز بولىۋېرىدۇ، — دېدى.

— ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن، كۈلكىلىك بىر ئوبراز يارىتىپ فىلىمغا باشتىن - ئاخىرغىچە سىڭدۈرۈپ، ئۇنى باش قەھرىماننىڭ ياندائشقۇچىسى ياكى گەۋدىلەندۈرگۈچىسى قىلساق دەيمەن.

ۋەدىئ ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى جان تىكىپ قوغداشقا بەل باغلاپ قەتئىي يوسۇندا دېدى:

— ئۇنداق بولغاندا، ساختا ئوبراز بولۇپ قالامدۇ؟ بۇنداق ئوبرازلار بىرمۇنچە فىلىملىرىمىزدە كۆپ تەكرارلىنىپ، ئالىلقاچان كاساتلىشىپ كەتتى!

ئەۋاتىف گەپ قىستۇردى:

— دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ خىلدىكى ئوبرازلار دائىم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقىۋاتىدۇ، ھەمۇدە مۇشۇنداق رولنى ئېلىشقا تازا مۇناسىپ كېلىدۇ.

ئۇ دېگەن ھەمۇدە باشقا بىركىم بولماستىن، دەل ئۆزىنىڭ ئىنىسى ئىدى. ۋەدىئە قىلارغا گەپ تاپالماي قالدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ مەشھۇر چولپان ئالدىدا ئامالسىز ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئۇنداق بولسا، ئەسەرگە مۇشۇ رولنى قىستۇراي ئەمسە!

— مېنىڭچە — دېدى رېژىسسور، — چۈشۈرگىسى ئوبدان چىققان، دەزرائىلىنىڭ دېگىنىدەك ئۇنداق سۇس ئەمەس، يەنىمۇ قىزغىنراق بولسا تېخىمۇ ئوبدان بولغان بولار ئىدى، ئەلۋەتتە. ئەسەرنىڭ چۈشۈرگىسىگە باش قەھرىمان بىلەن ئۇنىڭ رەقىبى ئېلىشقان كۆرۈنۈشنى قوشۇپ قويۇڭ...

— ياق، ياق، ئۇنداق چۈشۈرگە ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، بىزنىڭ باش تېمىمىز بىلەنمۇ توقۇنۇشۇپ قالىدۇ. بۇ پىكرنى ئوبدان ئويلاپ كۆرۈڭ! سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك ئۆزگەرتىلىدىغان بولساق، رېتسارلار، نازىنىنلار تەسۋىرلەنگەن چاكىنا فىلىم بولۇپ قالىدۇ، خالاس!

— مۇشتلاش، ئۇرۇش تەسۋىرلىنىدىغان كىنو فىلىملىرى نۆۋەتتە يەنىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك، پۇل تاپقىلى بولىدىغان فىلىم ھېسابلىنىدۇ، مەن مۇشتلاش، ئۇرۇش تەسۋىرلىنىدىغان فىلىمگە رېژىسسورلۇق قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن.

— پروفېسسور ۋەدىئە، ئوبدان ئويلىنىپ بېقىڭ جۇمۇ، بىزنىڭ كاتتا رېژىسسورىمىزنى ئۇنداق قىيناپ كەتمەڭ! ئۇزۇن بىر فىلىمدە ئۇنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلالىغان يەردە، مۇشتلاش، ئۇرۇش تەسۋىرلىنىدىغان كىچىككىنە بىر كۆرۈنۈش دېگەن نېمە ئىدى؟ — دېدى مۇجدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۆيدە كۇلكە ـ چاقچاق كۆتۈرۈلدى، پەقەت ۋەددىلا ئەلـمنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۇندىمەي تۇراتتى.

ـــ مېنىڭ رولۇم لايىق بوپتۇ، بۇنىڭدا چاتاق يوق. ئەمما شۇنى ئېيتماي بولمايدۇكى، فىلىمنىڭ ئالدىنقى يېرىمى دېگەندەك ياخشى چىقماي قالغان! ـــ دېدى ئەۋاتىف گەپ تېشىپ.

يۇقىرىقىدەك بىر قاتار زەربىلەر ئارقىسىدا ئۇمىدسىزلىنىپ قالغان ۋەددە مۇنداق دېدى:

ـــ سىزنىڭ فىلىمنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى رولىڭىز ئادەتتىكى بىر ئايالنىڭ ئوبرازى، ئېلىمىزدىكى تالاي ـ تالاي ئائىلە ئاياللىرى ئىچىدىكى پەزىلەتلىك ئاددىي ئاياللارنىڭ ئوبرازى. سۈژىتلىرى ئاددىيراق بولۇپ قالغان بولسىمۇ، سىزنىڭ رولىڭىزنىڭ جېنى ئاشۇ قىسمىدىن يەنى باش قەھرىمان بىلەن تۇرمۇش قۇرغان چېغىدىن باشلاپ تولۇق ئىپادىلەنگەن ۋە گەۋدىلەنگەن.

ـــ ئۇنداق بولسا، مەن تەسەۋۋۇر قىلغىنىمدىكىدەك ئايال باش قەھرىمان بولماي قاپتۇ!

ـــ لېكىن ۋەقەلىك ئەنە شۇنداق قانات يايغان، ئەقىلگە مۇۋاپىق ھالدا، تەبىئىي يوسۇندا قانات يېيىشى مەنتىقىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. .

ـــ ئۇنداق بولسا بولمايدۇ، ئۇ مېنىڭ ئارزۇيۇم ئەمەس.

پۈتۈن ئۆينى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بىر ئالدى. مەجلىس رىياسەتچىسى شىرەگە مۇشتى بىلەن ئۇرۇپ قويۇپ، كۆپچىلىكنى جىم بولۇشقا ئۈندىدى، ئاندىن مۇنداق دېدى:

ـــ بۇ رومانىنى سېنارىيىلەشتۈرمىسەك، تېز ئارىدا كۆكۈلدىكىدەك باشقا بىر ئەسەر تاپقىلى بولامدۇ ـ يوق؟

بۇ مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەن ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمەي قالدى. بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇش ئۈچۈن مۇجىدى مۇنداق دېدى:

— كۆپچىلىكنىڭ بۈگۈن ئاخشام دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئادەتتىكىچە پىكىرلەر، ئەسلى ئەسەردىكى ئاساسىي ئىدىيىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ؛ بۇ ھەقتە پروفېسسور ۋەدىئىنىڭ باشقىچە پىكرى يوقتۇ؟

— قوشۇلماسلىقىم ئېنىق، — دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ.

مۇجىدى كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن بىر خىل جۇشقۇنلۇق، ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇراتتى.

— ۋەدىئىنىڭ پوزىتسىيىسى ھەمىشە مۇشۇنداق. قارىغاندا، بىز تۈن يېرىمىغىچە مۇنازىرىلەشكىنىمىز بىلەنمۇ، بەرىبىر ئۆز پىكرىڭىزنى كۆپچىلىككە زورلاپ تاڭمىدىغان ئوخشايسىز. — دېدى ئۇ.

— پروفېسسور ۋەدىئى جاھىل ئادەم، لېكىن ئۇ ئاخىرى يەنىلا بىز بىلەن بىللە ماڭىدۇ. كىنو خادىملىرى دېگەن كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا بەكمۇ تەرسالىق قىلىپ كەتسە بولمايدۇ! — دېدى رېژىسسور.

— ئاپلا! — دەپ ۋارقىراپ سالدى مۇجىدى گويا ئاجايىپ قالتىس بىر ئىشنى تۇيۇقسىزلا ئېسىگە ئېلىپ قالغاندەك. ئۇ ئىش شىرەسىنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ ئىچىدىن بىر ۋاراق پۇل چېكىنى ئېلىپ دېدى، — قارىماسىلەر مېنىڭ ئىشلىرىمنى، پروفېسسور ۋەدىئىگە 2-قېتىملىق تەقسىماتتا تەئەللۇق بولغىنىنى ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدىلا بېرىشكە تېگىشلىك ئىدى، ھەممىسى مېنىڭ ئىشىمنىڭ تولىلىقىدىن بولدى، باشلىرىم گاراڭ بولۇپلا كەتتىغۇ شۇ!

ئۇ سۆزلەۋېتىپ ھېلىقى پۇل چېكىنى ۋەھىمىگە سۇندى. ھەممە يې-لەننىڭ نەزەرى ھېلىقى پۇل چېكىگە ئەگىشىپ، ئاخىرى تەڭلا ئۇنىڭ يۈزىگە چۈشتى. ئۇنىڭ يۈزى كىشىگە كۆلەي دېسە تېخى، يىغلاي دېسە تېخى دېگەندەك ئاجايىپ بىر چۈشىنىكسىز ھالەتنى نامايان قىلاتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ نېمە ئامال؟ گەپنىڭ قىسقىسى، كىشىنى ئويغا سالاتتى.

دوزاقتا ئوخشاش بۇنداق يەردە سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇش بەكمۇ مەززىسىز تۇيۇلدى. بۇ جىملىقنى يەنىلا مۇجدى بۇزدى:

— مۇنداق بولسۇن، بىز كېلىشكەن كېلىشمەسمىزنى تۆۋەندىكىچە يىغىنچاقلايلى: ھەمۇدەگە بىر قىزىقچىلىق رولى بېرەيلى؛ مۇشتلاش بولىدىغان كۆرۈنۈشنى قىستۇرۇپ، كىنونىڭ چۈشۈرگىسىنى قىزغىنراق قىلايلى؛ ئەر باش قەھرىمان بىلەن ئەۋاتىفنىڭ توي قىلىشىدىن ئاۋۋال جەلپ قىلارلىق ۋەقەلىكلەردىن قىستۇرۇپ بىر يۇقىرى دولقۇن ھاسىل قىلايلى. — ئۇ تەكەببۇرلارچە كۈلۈپ قويۇپ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — لېكىن سىلەر شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىڭلاركى، ئۇ "توي قىلىش"تىن ئىلگىرى فىلىم مۇدىرى بىلەن قانداقتۇر تۇتۇق مۇناسىۋەتلەردە بولمىسا دەيمەن.

كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. ۋەدىئ بۇ يەرنىڭ بەك چاكىنىلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئورنىدىن تۇردى-دە، خوشلىشىپ ماڭدى. رېژىسسور ئۆزىنىڭ پىكابى بىلەن ئۇنى ماشىنا بېكىتىگە ئېلىپ كېتىۋېتىپ، يولدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— «شىر تەنلىك، ئادەم باشلىق ھەيكەل» شىركىتى مېنى مۇشۇ فىلىمنى قولدىن چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن دەرھال يەنە بىر فىلىمنى ئىشلەشكە دەۋەت قىلىۋاتىدۇ. بۇ توغرۇلۇق سىزنىڭ قانداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆيلىرىڭىز بار؟

يېڭى سودا يېڭى ئازابلاردىن دېرەك بېرىدۇ، شۇنداقلا يېڭى دارامەتتىنمۇ دېرەك بېرىدۇ: رېژىسسورنىڭ ئىلھام بېرىشى ئۇنى نەقەدەر خۇشال قىلىدۇ، شۇنداقلا نەقەدەر بىئارام قىلىدۇ-ھە! ئۇ ئوبدان ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— پۇل ھەققىدە بىرنەرسە يازسام قانداق دەيسىز؟ — دېدى.

— رازۋېتكا قىلىش مەزمۇنى بارمۇ؟

— يوق. مەن پۇل ھەققىدە ھېكايە يازسام دېمەكچىمەن! پۇل دېگەن خۇددى قورقۇنچلۇق جىن-ئالۋاستىغا ئوخشاش، ئەخلاق، ھەقىقەت، ۋىجدان ۋە مەسئۇلىيەت دېگەندەك بارلىق گۈزەل كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئالىي قىممىتىنى قىلچە رەھىم قىلماستىنلا يالماپ يۇتۇۋېتىدىكەن!

— ئەمسە يېزىپ كۆرۈڭ قېنى، سىزنىڭ مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ كاتتا مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولۇشىڭىزغا تىلەكداشمەن!

تەرجىمە قىلغۇچى: ياسىن ھاۋازى

تەرجىمە مۇھەررىرى: ئەخمەتجان ھوشۇر

# پىكپوسنىڭ ئىمزاسى

## گ. سىمېنون

گېئورگي سىمېنون مەشھۇر بىلگىيە يازغۇچىسى بولۇپ، رازۋېتكا ھېكايىلىرىنى يېزىش بىلەن داڭ چىقارغان. ئەسەرلىرى نەچچە ئون خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ دۇنياغا تارقالغان. مەجمۇئەمىزنىڭ 21 ـ سانىدا گ. سىمېنوننىڭ «ئىستانبۇل پايلاقچىسى» ھېكايىسىنى تونۇشتۇرغاندۇق. بۇ ساندا يازغۇچىنىڭ «پىكپوسنىڭ ئىمزاسى» ناملىق ئەسىرىنى بەردۇق. بۇ ئەسەر «سىمېنون رازۋېتكا ھېكايىلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابدىن تەرجىمە قىلىندى.

## 1. پىكپوس يالغان ئېيتتىمۇ؟

سائەت بەشكە ئۈچ مىنۇت قالغانىدى. پۈتۈن تامنى بىر ئالغان پارىژنىڭ يوغان خەرىتىسى ئۈستىدە كىچىك بىر ئاق چېكىت پارقىراپ ياندى. تېلېفونىست قولىدىكى سوغۇق ئىچىملىكنى قويۇپ قويۇپ، ئۇلىغۇچنى مىڭچە تېلېفوننى باشقۇرىدىغان بۇ باش ئاپپاراتتىكى كىچىك تۆشۈككە سانجىدى.

— ۋەي! 14 ـ رايونمۇ؟... ماشىناڭلار ھازىر مېڭىپ كەتتىمۇ؟...

مىگىر ئاپتاپتا ئۆزىنى ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇتۇپ، ھە دەپ تەرلىرىنى سۈرتەتتى. تېلېفونىست بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ بولۇپ، ئۇلىغۇچنى ئېلىۋەتتى ۋە قولىغا سوغۇق ئىچىملىكنى ئالغاچ

جىنايى ئىشلار ساقچى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىغا بوش ئاۋازدا:

— بىر "بېرىشى"! — دېدى.

بۇ مۇشۇ كەسىپ ئىچىدە "ھاراقكەش" دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ھازىر ئاۋغۇست ئايلىرى بولۇپ، پارىژنىڭ ھەممىلا يېرىدىن قاراماي پۇراپلا تۇراتتى. بۇ ئۆي ساقچى باشقارمىسىنىڭ ياردەم بېرىدىغان مەركىزى بولۇپ، يوغان ئېچىۋېتىلگەن دېرىزىلىرىدىن كونا شەھەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. پەستە، باش ساقچى ئىدارىسىنىڭ چوڭ ھويلىسىدا ئىككى ماشىنىدا ساقچىلار بۇيرۇق كۈتۈپ تۇراتتى.

يەنە بىر كىچىك ئاق چېكىت يورىدى، بۇ 18 - رايون ئىدى. تېلېفونىست قولىدىكى كولباسانى قويۇپ قويۇپ، ئۇلىغۇچنى سانجىدى.

— ۋەي! رىلارمۇ... دېجورنىلىك قىلىۋاتامسەن؟... ئۇ يەردە نېمە ئىش بولدى، ئاغىنە؟... ماقۇل!... بولدۇ!....

دېرىزىدىن سەكرەش — كەمبەغەللەر، بولۇپمۇ ياشانغانلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئۇسۇلى. ئەجەبلىنەرلىككى، بۇ ئىش 18 - رايوندا بەكمۇ كۆپ. مىگىر غاڭزىسىنى دېرىزە تەكچىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ، يەنە تاماكا سالدى ۋە سائىتىگە قاراپ قويدى. سائەت بەشتىن ئىككى مىنۇت ئۆتۈپتۇ. پالچى ئايالنى بىرەرسى ئۆلتۈرۈۋەتتىمۇ - يە؟

ئىشىك ئېچىلدى. بۇ پاكار، دوغىلاق، ئالدىراڭغۇ لۇگا دۈيجاك بولۇپ، ئۇمۇ تەرلىرىنى سۈرتەتتى.

— يەنىلا خەۋەر يوقمۇ، باشلىق؟

ئۇمۇ مىگىرگە ئوخشاش، ئۇ قاتتىقكى جىنايى ئىشلار ساقچى



www.uyghurkitap.com

مەھكىمىسىدىن باش ساقچى ئىدارىسىگە كەلگەنىدى.

ــ ھەي، ھېلىقى بىرنېمە قەيەردە؟...

ــ ماسكوۋىئان؟

ــ ئۇنىڭ چىرايى بوزىرىپ كېتىپتۇ، سىز بىلەن بىر سۆزلەشسەم دەيدۇ. ئۇ، ئۆلۈۋالمسام... دەيدۇ تېخى.

يەنە بىر كىچىك ئاق چېكىت يوردى. مۇشۇ شۇمىسىدۇ؟... ياق، سانت دوئا دەرۋازىسى تەرەپتە مۇشتلاش چىقىپتۇ.

تېلېفون جىرىڭلىدى. جىنايى ئىشلار باش ساقچى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ساقچى باشلىقىنى ئىزدىگەنىدى.

ــ ھە مىگىر... قانداق؟ يەنىلا ھېچ گەپ يوقمۇ؟...

ئاۋازىدىن مەسخىرە تەلەپپۇزى چىقىپ تۇراتتى. مىگىرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، قېنى قىزىدى، ھەرقانچە قىممەت بولسىمۇ يېرىم لىتىر پىۋا ئېلىپ ئىچكۈسى كەلدى. تۆرەلگىنىدىن بويان تۈنجى قېتىم باشقىلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنى، ئۆزى كۆتۈۋاتقان قاتىللىق ئەنزىسىنىڭ سادىر بولۇشىنى تىلىدى. دەل شۇنداق. ناۋادا توپتوغرا سائەت بەشتە، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، سىياھ سومۇرگۈچ قەغەزدە يېزىلغىنى بويىچە چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە پالچى ئايال تېخى ئۆلمەيدىغان بولسا، بىرنەچچە ئايغىچە ئۇ باشقىلارنىڭ زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشلىرىنى، ئۆزى ئۈستىدە كۈلكىلىك چاقچاقلارنى قىلىشلىرىنى كۆرگەن بولاتتى.

ــ بېرىپ ماسكوۋىئاننى چاقىرىپ ئەكىلىڭلار.

بۇ ئادەمنىڭ كىشىنى كولدۇرلىتىۋاتقانلىقى ياكى كولدۇرلىتىۋاتمىغانلىقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. تۈنۈگۈن ئۇ ئەندىشە باسقان، يۈزلىرى جىددىيلىكتىن تىترىگەن، پۈرۈلگەن ھالەتتە جىنايى ئىشلار

ساقچى مەھكىمىسىگە كېلىپ، ناھايىتى تەرسالىق بىلەن قانىداقلا بولمىسۇن ساقچى باشلىقى مىگىر بىلەن يۈزتۇرانە سۆزلىشىشنى تەلەپ قىلغاندى.

— بۇ ئادەمنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش! — دېگەندى ئۇ.

ئۇ ئاۋاق، چىرايى تاتىراڭغۇ، ئوتتۇرا ياشلىق كىشى بولۇپ، بەدىنىدىن ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن بويتاقلارنىڭ كۆڭۈلىنى ئېلىشتۇردىغان ھىدى كېلىپ تۇراتتى. ئۇ بارماقلىرىنى تارتىپ قارس چىقارغاچ، خۇددى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كىتاب يادلىغاندەك، دېمەكچى بولغان ئىشنى سۆزلەشكە باشلىدى.

— مەن گائىن كوچىسىدىكى ئۆيى، يەر مۈلكى سودىگىرى پلۇ ۋە دېلۇئانىڭكىدە 15 يىلدىن بېرى ئىشلەۋاتىمەن،... ئۆزەم يالغۇز فۇر مەيدانى يېنىدىكى 21 - نومۇرلۇق ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە تۇرىمەن...ھەر كۈنى كەچتە ئېھرام كوچىسىدىكى بىر كلۇبقا بېرىپ قارتا ئوينايمەن... ئىككى ئايدىن بۇيان، تەلىيىم ئوڭ كەلمەي تاپقان - تۇتقانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۇتتۇرۇۋەتتىم... گراف خانىمغا 800 فرانك قەرز بولۇپ قالدىم...

مىگىر خۇش ياقمىغان ھالدا ئاڭلاپ ئولتۇرغاچ، پارىژدىكى ئادەملەرنىڭ بىر قىسمى دەم ئېلىۋاتىدۇ، بىر قىسمى، مۇشۇ چاغدا قەھۋەخانىنىڭ تالادىكى ئۈستى يېپىقلىق ئايۋىنىدا مۇزدەك ئىچىملىكلەرنى ئىچىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى. قايسى گراف خانىم؟ ياخشى! چىرايىنى قايغۇ باسقان بۇ ئادەم چۈشەندۇرۇۋاتاتتى: ئۇ يۇقىرى تەبىقىدىكى ئايال بولۇپ، بەختسىزلىككە ئۇچرىغاچقا، ئېھرام كوچىسىدا بىر قارتا ئويناش سالونى ئاچقاندى. ئۇ ئىنتايىن چىرايلىق ئايال.

www.uyghurkitap.com

بۇ بىرنىمىسىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

— ساقچى باشلىقى ئەپەندى، بۈگۈن سائەت بۆتتە مەن خوجايىنىنىڭ پۇل ئىشكاپىدىن مىڭ فرانكلىق پۇلدىن بىرنى ئېلىۋالدىم...

پۇتونسۇرۇك بىر ئائىلىلىكنى ئۆلتۈرىۋەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇ بۇنچىلىك ئېچىنىشلىق ھالەتتە بولمىسا كېرەك. ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرغاچ، بارماقلىرىنى ھە دەپ قارىسىلدىتاتتى. پلۇ ۋە دېلۇئان ئىشخانىسى يېپىلغاندىن كېيىن، ئۇ يانچۇقىغا مىڭ فرانكلىق پۇلنى سېلىپ، چوڭ كوچىدا ئىنتايىن پۇشايمان قىلغان ھالدا ئۇ ياقتىن بۇ ياققا مېڭىپ يۈرگەن. ئاندىن جۇمھۇرىيەت مەيدانى بىلەن ۋولتىر كوچىسى تۇتاشقان جايدىكى تەنتەربىيە قەھۋىخانىسىغا كىرىپ ئولتۇرغان، ئادەتتە ئۇ كەچلىك تاماقتىن ئىلگىرى يالغۇز ئۆزى بۇ يەرگە كېلىپ بىر ستاكان ئىشتەي ئاچىدىغان ئىچىملىك ئىچەتتى.

— ماڭا قەلەم - قەغەز ئەكىلىپ بەرگىنە، ئىستو...

ئۇ كۆتىكۆچىنىڭ ئىسمىنى بىۋاستىلا ئاتاۋەردى. توغرا، خوجايىنغا خەت يېزىش كېرەك. ئۇ ئۇلارغا ھەممىنى ئىقرار قىلىدۇ ۋە مىڭ فرانكنى ئەۋەتىپ بېرىدۇ. راسا دوملە باستى - دە! ئىككى ئايدىن بېرى ئۇدا ئۇتتۇرۇۋەتتى. ئۇ گراف خانىمنى ئاستىرتىن ياخشى كۆرەتتى، لېكىن خانىمنىڭ كۆڭلى ھېلىقى پىنسىيىگە چىققان پاراخوت باشلىقىدا ئىدى، خانىم قىلچە يۈز - خاتىر قىلماي ماسكۇۋىدىن قەرز پۇلنى سۈيلەۋاتاتتى.

ئۇ ياقتىن - بۇ ياققا تىنماي ئۆتۈپ تۇرۇۋاتقان ئادەملەر ئارى-

سىدا، كۈتكۈچى ئارىسىغا سىياھ سۈمۈرگۈچ قەغەز قىستۇرۇلغان تاختىسىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇ بۇرنىغا قىسىپ قويىدىغان كۆزەينىكىنى تاختىغا قويۇپ، پۈلتىيىپ چىققان يىراقنى كۆرەلمەس كۆزلىرىنى مەقسەتسىزلا كۆزەينىكىگە تىكتى. بۇ چاغدا بىر غەلىتە ۋەقە يۈز بەردى. كۆزەينەكنىڭ بىر ئەينىكىدە سىياھ سۈمۈرگۈچ قەغەزدىكى قۇرۇپ قالغان سىياھ داغلىرى ئەينەن كۆرۈندى، ماسكوۋئان "ئۆلتۈرىمەن" دېگەن سۆزنى تونۇيالىدى... ئۇ تېخىمۇ دىققەت بىلەن قاراشقا باشلىدى... ئەينەكتە ئەسلىدىكى ئەتە چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە مەن... دېگەن خەتنىڭ ئىزلىرى يېڭىباشتىن كۆرۈندى.

"ئەتە چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە مەن پالچى ئايالنى ئۆلتۈرىمەن. ئىمزا: پىكپوس."

سائەت بەشتىن بەش مىنۇت ئۆتتى. پارىژنىڭ خەرىتىسى ئۈستىدىكى كىچىك ئاق چېكىتلەر يورىمىغاچقا، تېلېفونىست كولباسىنى يەپ بولدى. پەلەمپەيدىن ئاياغ ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. لۇگا چىرايىدىن خاپىلىق يېغىپ تۇرغان ماسكوۋئاننى باشلاپ كىردى.

تۈنۈگۈن، مىگىر ماسكوۋئانغا ئۆيىگە قايتىپ، ئادەتتىكىدەك ئىشقا بېرىش ھەمدە مىڭ فرانكنى جايىغا قويۇپ قويۇش تەكلىپىنى بەردى. لۇگانى ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۇنىڭ كەينىگە سېلىپ قويدى. كەچقۇرۇن سائەت توققۇز بولاي دېگەندە، ئۇ ئېھرام كوچىسىدا ئايلىنىپ يۈردى، ئەمما گراف خانىمنىڭ ئۆيىگە بارمىدى. ئۇ فۇر مەيدانىدا كېچىنى ئۆتكۈزدى. ئەتىگەندە ئىشخانىسىغا باردى، چۈشتە سانت مارتىن كوچىسىدىكى بىر ئاشخانىدا غىزالاندى.

سائەت تۆت يېرىم بولاي دېگەندە ئۇ زادىلا ئولتۇرالمىدى، تۇيۇقسىزلا پىلۇ ۋە دېلوئاننىڭ قاراڭغۇ ئىشخانىسىدىن چىقىپ ئۇدۇل زەرگەرلەر پىرىستانىغا① كەلدى.

— ساقچى باشلىقى ئەپەندى، مەن بۇنداق كېتەلمىگۈدەكمەن،... خوجايىنىمنىڭ يۈزىگە قارىيالمايۋاتىمەن... مېنىڭچە...

— ئولتۇرۇڭ، گەپ قىلماڭ...

سائەت بەشتىن سەككىز مىنۇت ئۆتتى! كوچىلۇق قۇياش ئۆز نۇرىنى ئادەم مىغىلداپ كەتكەن پارىژغا سېپەتتى، ئەرلەر مايكىچاقلا سەيلە قىلىپ يۈرەتتى، ئاياللارمۇ نىپىز كۆڭلەكلىرىنى كىيىشىۋالغانىدى. بۇ چاغدا ساقچىلار 482 نەپەر گىپىنوز پالچى ئايالنى نازارەت قىلىۋاتاتتى.

— سىزنىڭچە بۇ چاقچاق ئەمەستۇ، مېگرې؟

لۇگامۇ ئۆز باشلىقىنىڭ باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە قېلىشىنى ئويلاپ بىئارام بولۇۋاتاتتى. ئۇچىنچى رايوندىكى بىر كىچىك چېكىت يورىدى.

— ھە... ماقۇل!... بولدۇ...!

تېلېفونىست مېگرېگە قاراپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويۇپ:

— يەنە بىر "بېرىشى" .. بۇگۈن يا شەنبە بولمىسا... — دېدى.

ماسكوۋىئان ئولتۇرالماي قالدى، ئۇ بارماقلىرىنى تارتىپ-تارتىپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

---

① جىنايى ئىشلار ساقچى مەھكىمىسى زەرگەرلەر پىرىستانىدا ئىدى، شۇڭا زەرگەرلەر پىرىستانى بۇ يەردە ساقچى ئىدارىسى دېگەن مەنىدە. — تەرجىماندىن.

— كەچۈرسىز ساقچى باشلىقى ئەپەندى، مەن سىزگە دېمەكچىدىم...

— دېمەيلا قويۇڭ! — مىگىر گەپ قىلغۇزمىدى.

ھېلىقى پىكپوس دېگەن بىرنېمە يەنىلا پالچى ئايالنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىمىدۇ، ئەمەسمىدۇ؟

كىچىك چېكىت يورىدى. يەنە 18 ـ رايون.

— ھە! ساقچى باشلىقى مىگىر كېرەكمۇ؟ مەن چاقىرىپ قوياي... مىگىرنىڭ يۈرىكى "جىغ" قىلىپ قالدى، ئۇ تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى.

— ھە!... ھەئە... داملىمىن شۆبە ساقچى ئىدارىسىمۇ؟ نېمە دەيسىز؟ گلانگۇر كوچىسى 67 ـ نومۇرلۇق ئىككىنچى ئىشىك؟ رونا خېنىم؟ بىر پالچى ئايال؟...

ئۇ قاشلىرىنى ئۈينىتىپ، ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

— چاپسان بولۇڭلار، بالىلار! لۇگا، بۇنىمۇ ئالغاچ ماڭايلى... كىم بىلىدۇ...

جوسىف ماسگۇۋئان چۈشەكەپ مېڭىۋاتقاندەك، خۇددى قاراڭغۇلۇقتا چۈشەكەپ ماڭغۇچىدەك بۇ ئىككىيلەنگە ئەگىشىپ چاڭ ـ توزان بېسىپ كەتكەن پەلەمپەيلەردە كېتىپ باراتتى. بىر ساقچى ماشىنىسى ھويلىدا تەييار تۇراتتى.

— گلانگۇر كوچىسى 67 ـ نومۇرلۇق ئىككىنچى ئىشىك... تېز...

مىگىر يول بويى تونۇگۇن روبىختەكە ئېلىنغان قارتا ياكى باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق پال ئاچىدىغان ئاياللارنىڭ ئىسىملىكىگە قاراپ ماڭدى، ئۇلار ئاستىرتىن مۇھاپىزەت قىلىنىۋاتاتتى. رونا خېنىمنىڭ ئىسمى بۇ روبىختەتتە يوق ئىدى، ئەلۋەتتە.

— يەنىمۇ تېزلەتكىن، بۇرادەر...

ماسگوۋىئان دېگەن ئەخمەق قورقۇپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئۇ ئۆلۈپتىمۇ؟

مىگرىنىڭ كاللىسىدىن: ماسگوۋىئان راستىنلا ئۆزى ئىپادىلەۋاتقاندەك ئاق كۆڭۈلمىدۇ؟ كېيىنچە كۆرەرمىز! دېگەن ئوي غىل - پاللا ئۆتتى.

— تاپانچا ئىشلىتىپتىمۇ؟ — ئاستا سورىدى لۇگا.

— پىچاق...

ئۆي نومۇرىنى ئىزدەش ھاجەتسىز ئىدى، كونستانتىن بىگىر مەيدانىنىڭ ئۇدۇلىغا بىر توپ ئادەملەر توپلىشىۋالغانىدى، مانا بۇ ھېلىراقتا پاجىئە يۈز بەرگەن بىنا ئىدى.

— مەن سىلەرنى ساقلاپ تۇرامدىمەن؟ — دۇدۇقلاپ سورىدى ماسگوۋىئان.

— بىز بىلەن بىللە كىرىسەن... يۈر! ئارقىمىزدىن يۈر...

ساقچىلار مىگىر بىلەن لۇگا دۈيجاڭغا يول ئېچىپ بەردى.

— ئالتىنچى قەۋەت ئوڭ قول تەرەپتىكى ئۆي...

لىفت يوق ئىدى. بۇ بىنا ناھايىتى پاكىز، بەكمۇ ئارامبەخش ئىدى. ھەر قەۋەتتىكى پەلەمپەيىنىڭ تەكشى يېرىدە شۇ يەردە تۇرىدىغانلار توپلانغانىدى. ئالتىنچى قەۋەتكە چىققاندا، 18 - رايون شۆبە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قوللىرىنى سوزۇپ مىگىرگە:

— مەرھەمەت، بۇ ئىش ھېلىراقتا يۈز بەردى... كىرىپ بىلەرسىز، بىزمۇ تاسادىپىي ھالدا تېز بىلىپ قالالىدۇق...، — دېدى.

كىشلەر، ھەقىقەتەن قۇياش نۇرى ئارىسىغا كىرىپ قالغاندەك بولۇشتى. مېھمانخانا ئانچە چوڭ ئەمەس، بالكونغا قارىغان ئىشىك -

يىرىزلەر يوغان ئېچىلغان، بالكوندىن شەھەر ئىچىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مېھمانخانا ناھايىتى چىرايلىق بېزەلگەن، يەرگە نېپىس گىلەم سېلىنغان، تامغا ئاچ رەڭلىك گىلەم ئېسىلغان، ئورۇندۇقلار لۇئى XVI پاسونىدا ياسالغان، يەنە نۇرغۇنلىغان بەكمۇ چىرايلىق ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەر تىزىپ قويۇلغان. شۇ رايوندىكى بىر دوختۇر ئورنىدىن تۇردى.

— قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش مۇمكىن بولمىدى، ئىككىنچى پىچاق ئەجەللىك يېرىگە سېلىنغان...

نۇرغۇن ئادەم يىغىلىۋالغاچقا، ئۆي ناھايىتى كىچىك كۆرۈنەتتى. مىگىر غاڭزىسىغا تاماكا توشقۇزدى، چاپىنىنى سېلىۋەتكەنىدى، ئالدىنقى ھەپتىسى ئايالى ئېلىپ بەرگەن ئاچ بېغىررەڭ بېپەك ئاسما تاسمىسى كۆرۈنۈپ قالدى. شۆبە ساقچى باشلىقى ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتى. مىگىرنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى.

— نېمە بولدى؟ سۆزلىمەمسىز!... كۈتۈپ قالدىم...

— ماقۇل! نۇرغۇن ئەھۋاللارنى ئىگەللەشكە ئۈلگۈرەلمىدىم، ئىشىك باقار كەم سۆز ئايال ئىكەن، ھەربىر سوئالىمغا بىر ئېغىزدىن جاۋاب ئالالىدىم. رونا خېنىمنىڭ ئەسلى ئىسمى مارىي پىكار بولۇپ، بىيىردە تۇغۇلغانىكەن...

مىگىر جەسەتكە يېپىپ قويۇلغان ئەدىيالنى قايرىپ ئاچتى. شەكسىزكى، بۇ 40 ياشلار ئەتراپىدىكى پاكار، دوغىلاق كەلگەن، ياسىنىشنى بىلىدىغان چىرايلىق ئايال ئىدى، ئۇنىڭ ئالتۇنىدەك سېرىق چاچلىرى تەبىئىي بولمىسا كېرەك، ئەتىمالىم؟

— ئۇ ئۆزىنى پالچى ئايال دەپ تىزىمغا ئالدۇرمىغان، ئېلانمۇ چىقارمىغان. ئۇنى ئىزدەيدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن،

بەزىلىرى خېلى سالاپەتلىك ئادەملەر ئىكەن...

— بۇگۈن چۈشتىن كېيىن ئۇ قانچە خېرىدار قوبۇل قىپتۇ؟

— ئىشىك باقار باۋىئان خانىم، ئېۋىيىنى باۋىئان خانىم بىلمەيدىكەن. ئۇ، بۇ ئىش مېنىڭ بىلەن ئالاقىدار ئەمەس، دەيدۇ، يەنە: ئىشىك باقارلارنىڭ ھەممىسلا باشقىلار ئېيتقانىدەك ھەممىگە قىزىقىپ كەتمەيدۇ، دەيدۇ... سائەت بەشتىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندە بۇ خانىم...

پاكارغىنا كەلگەن، ناھايىتى شوخ، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال ئورنىدىن تۇردى، ئۇ بەكمۇ كۆلكىلىك باش كىيىمى كىيىۋالغانىدى.

— مەن رونا خېنىمنى تونۇيمەن، ئۇ بەزىدە مورسانغا بېرىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ كېلەتتى...مورساننى بىلەمسىز؟ سېنا دەرياسى بويىدا، گوربېيىنىڭ بېرىسىدىكى سۇ توسمىسى بار يەردە... "گۈزەل كەپتەر" مېھمانخانىسىنى مەن ئاچتىم، ئىسدور بىرنەچچە تال يوغان بېلىق تۇتۇپتىكەن، مەن پارىژغا كەلمەكچى بولۇپ تۇراتتىم، مەن مۇنداق ئويلىغان...، — دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى ئۇ.

بېلىق سېۋەتتە، يېڭى ئوت - چۆپلەرگە ئوراپ قويۇلغانىدى.

— بىلەمسىز، مەن ئۇنى خۇشال قىلماقچى ئىدىم، چۈنكى ئۇ بېلىق يېيىشكە بەك ئامراق ئىدى...

— رونا خېنىمنى ئۇزاقتىن بېرى تونۇمسىز؟

— بەش يىلچە بولدى. بىر قېتىم ئۇ بىزنىڭ مېھمانخانىمىزدا توپتوغرا بىر ئاي تۇردى.

— يالغۇزمۇ؟

— ئۇنى كىم كۆرۈۋاتىسىز؟ ئىشقىلىپ، مەن ئازراق بىر نەرسە سېتىۋېلىپ، ۋاقىت چىقىرىپ كەلسەم، ئىشىك يېپىلماپتۇ، يېرىم

www.uyghurkitap.com

ئوچۇق... مانا مۇنداق... دەل مۇشۇنداق تۇرۇپتۇ... مەن: "رونا خېنىم... بۇ مەن، لۇئىا خانىم..." دېدىم. جاۋاب يوق بولغاچقا، كىرىۋەردىم. ئۇ ماۋۇ چاي ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپتۇ، توغرا، ئالدىغا ئېڭىشىپ قاپتۇ، مەن ئۇنى ئۇخلاۋاتامدىكىن دەپ قاپتىمەن... ئۇنى لىڭشىتىپ باقايمىكىن دەپ...

سائەت بەشتىن يەتتە مىنۇت ئۆتكەندە، پالچى ئايال رونا خېنىم مانا مۇشۇنداق كەينىدىن ئىككى پىچاق يەپ ئۆلۈپ كەتكەندى.

— قاتىللىق قورالىنى تاپتىڭلارمۇ؟ — شۆبە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىدىن سورىدى مىگىر.

— ياق...

— بۇزۇلغان، سۇندۇرۇلغان جاھازلار بارمۇ - يوق؟

— يوق، ھەممىسى ناھايىتى جايىدا. قاتىل ياتاق ئۆيگە كىرمىگەندەك قىلىدۇ... قاراڭ...

ئۇ بىر ئىشىكنى ئاچتى. ياتاق ئۆي مېھمانخانىدىنمۇ يورۇق، بەئەينى ئىلگىرىكى ئېسىلزادە خېنىملارنىڭ مېھمانخانىلىرىدەك تاملىرى ۋە جاھازلىرى سۇس رەڭدە ئىدى.

— سىزنىڭچە ئىشىك باقار...

— ئۇ ھېچ نېمىنى بىلمەيمەن دەپ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ... لۇئىا خانىم يېنىدىكى قاۋاقخانىغا چىقىپ بىزگە تېلېفون بېرىپتۇ، بىز ئۇنى ئىشىك ئالدىدىن تاپتۇق... بىر ئىش بار... مەن بىر قولۇپ ياسايدىغان ئۇستىنى چاقىرىپ كەلدىم... بۇ ياققا مېڭىڭ، ئاغىنە، بۇ ئىشىكنى ئېچىپ بېرىڭ...

مىگىر ئورۇندۇق لېۋىدە ئولتۇرغان ماسكوۋئىسانىغا مۇنداقلا قاراپ

قويۇۋىدى، پلۇ ۋە دېلۇئاننىڭ بۇ خىزمەتچىسى:

— ساقچى باشلىقى ئەپەندى، يۈرىكىم چىقىپ كەتكۈدەك بولۇۋاتىدۇ...، — دەپ نالە قىلدى.

— خوپ بوپتۇ!

بىردەمدىن كېيىن تەپتىش مەھكىمىسىدىن بىر قانچە ئەپەندى بىلەن جىنايەتچىنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ئورنىدىن مۇتەخەسسىسلەر كەلگەندە تېخىمۇ چاتاق بولدۇ! مىگىر مانىيېرگە بىرىپ يېرىم لېتىر پىۋا ئىچىپ كەلگەن بولسا تازا ياخشى بولاتتى - دە!

— قاراڭ، بۇ بىر يۈرۈش ئۆي مانا بۇ مېھمانخانا، ئاددىي - ساددا تاماقخانا، يەنە ياتاق ئۆيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن، لاقا - لۇقىلارنى قويىدىغان ماۋۇ بىر ئېغىز ئۆي بىلەن...

ئۇ قۇلۇپلانغان بىر ئىشىكنى كۆرسىتىۋىدى، قۇلۇپچى ئۇستا قۇلۇپنى ئېچىشقا باشلىدى.

— مېنىڭچە بۇ ئاشخانا بولسا كېرەك...

ھەممىباب ئاچقۇچنى قۇلۇپقا سېلىپ بىر چۆرۈۋىدى، ئىشىك ئېچىلدى.

— ۋۇي، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىز؟ سىز؟...سىزكىم؟

بۇ بەكمۇ تاسادىپىي، راستىنى ئېيتقاندا ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئىدى. تەخسە - قوشۇقمۇ، ئىشلەتكەن ستاكانمۇ يوق پاك - پاكىز ئاشخانىدا بىر بوۋاي نېمىنىدۇ كۈتۈپ ئۇستەل ئالدىدا راۋۇرۇس ئولتۇراتتى!

— جاۋاب بېرىڭ، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىز؟

بوۋاي ئۆزىدىن سوئال سوراۋاتقان بۇ ئادەملەرگە ئالاقزادىلىك بىلەن قاراپ، دەرمەھەل بىرنېمە دېيەلمىدى. تېخىمۇ ئەجەبلى-

نەرلىكى، مۇشۇ ئاۋغۇست ئايلىرىدا ئۇ توق يېشىل پەلتو كىيىۋال-
غانىدى. يۈزىنى ساقال بېسىپ كەتكەن بۇ بوۋاي باشقىلارغا قاراشقا
پېتىنالماي، شۈمشىيىپ ئولتۇراتتى.

— ئاشخانىدا قاچاندىن بېرى ئولتۇرۇۋاتىسىز؟

ئۇ ئۇقالمايۋاتقاندەك زەڭ قويۇپ ئاڭلىدى، ئاندىن قويندىن ئالتۇن سائىتىنى چىقىرىپ، قاپقىقىنى ئاچتى.

— 40 منۇت بولدى، — ئاخىرى بىر ئېغىز گەپ قىلدى ئۇ.

— ئۇنداقتا، سائەت بەشتە سىز مۇشۇ يەردىمىدىڭىز؟

— ئۇنىڭدىن ئاۋۋال كەلگەنىدىم...

— سىز ئادەم ئۆلتۈرگەننى كۆردىڭىزمۇ؟

— نېمە، ئادەم ئۆلتۈرگەننى؟

ئۇنىڭ قۇلىقى ئېغىر بولسا كېرەك، خۇددى گاس ئادەمدەك بېشىنى گەپ قىلغان ئادەم تەرەپكە يېقىنلاتتى.

— نېمە؟ بىلمەمسىز!؟...

كىشىلەر جەسەتنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىشتى. بوۋاي جەسەتنى كۆرۈپ قورققىنىدىن مىدىر - سىدىر قىلالمىدى.

— ھە؟

ئۇ جاۋاب بەرمىدى، پەقەت كۆزلىرىنى سۈرتۈپ قويدى. ئاۋازىنى چىقىرىپ يىغلىمىدى، مىگىر ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىنىڭ لىققىدە ياشقا تولغانلىقىغا دىققەت قىلدى.

— بۇ ئاشخانىدا نېمە قىلىشۋاتقانىدىڭىز؟

ئۇ خۇددى بۇ گەپلەر ئۆزىگە نىسبەتەن قىلچە ئەھمىيەتسىزدەك، ئۇلارغا قاراپ قويدى:

— قانداق قىلىپ بۇ ئاشخانىغا سولىنىپ قالدىڭىز؟ — كىشىلەر

يەنە سورىدى، — ئاچقۇچ ئىشكتە يوق، ئىشكنىڭ سرتىدىمۇ يوق تۇرىدۇ...

— بىلمەيمەن...، — ئۇ تاياق يەپ قېلىشتىن قورققان بالىدەك ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.

— نېمىنى بىلمەيسىز؟

— ھېچنېمىنى بىلمەيمەن...

— گۇۋاھنامىڭىز بارمۇ؟

ئۇ كالامپايلىق بىلەن يانچۇقىنى ئاختۇردى، كۆزلىرىنى يەنە سۈرتۈپ، بۇرنىنى تارتىپ قويدى ۋە كالاۋ تۇنىدا ئۆز ئىسىم - فامىلىسىنىڭ باش ھەرپى كەشتىلەنگەن پۇل قاپچۇقىنى ئالدى.

ئۇ راستىنلا بىر ھاماقەتمۇ، ياكى ئۇستىلىق بىلەن كولدۇرلىتىۋاتامدۇ؟ مىگرى پۇل قاپچۇقىدىن بىر سالاھىيەت كىنىشكىسىنى ئېلىپ، ئاستا ئوقۇشقا باشلىدى:

”ئوكتاۋ لىكلاۋاگىن، پېنسىيىگە چىققان پاراخوت دوختۇرى، 68 ياش، پارىژ، جادىنول كوچىسى 13 - نومۇر.“

تۇيۇقسىزلا مىگرى ئاچچىقى بىلەن:

— ھەممىيلەن چىقىپ كېتىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى.

يوسىف ماسگۇۋىئانمۇ ئىتائەتچانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

— سىز چىقىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ،... قېپقېلىڭ، جىن تەگكۈر!... ئولتۇرۇڭ!

كىچىككىنە ئۆيگە ئون، ئون بەشچە ئادەم يىغىلىۋالغاچقا، ئادەمنىڭ بەكمۇ ئىچى سىقىلاتتى.

— لىكلاۋاگىن ئەپەندى، سىزمۇ ئولتۇرۇڭ! ئالدى بىلەن ماڭا شۇنى ئېيتىڭا، سىز بۇ ئۆيدە نېمە ئىش قىلىسىز؟

www.uyghurkitap.com

لىكلاۋاگىنى دىررىدە تىترەپ كەتتى. ئاۋازنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، گەپىنىڭ مەنىسىنى ئاڭقىرالمىدى. مىگىر ئاۋازنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ يەنە بىر قېتىم قايتىلاشقا مەجبۇر بولدى.

— ھە! راست... كەچۈرۈڭ... مەن...

— نېمىش قىلىسىز؟

— ئۇنى كۆرگىلى...، — ئۇ ئەدىيال يېپىپ قويۇلغان جەسەتنى كۆرسەتكەچ دۇدۇقلىدى.

— ئۇنىڭغا پال ئاچقۇزماقچىمۇ؟

ئۇ جاۋاب بەرمىدى.

— سىز ئۇنىڭ دائىمىي خېرىدارىمۇ، ئەمەسمۇ؟

— مەن... كېلىۋىدىم...

— نېمە ۋەقە يۈز بەردى؟

— مەن بۇ يەردە... شۇنداق، ماۋۇ سېرىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانىدىم... بىرەيلەن ئىشىكنى... مانا مۇنداق چەكتى...

ئۇ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. باشقىمىز ئۇنى قېچىپ كېتەرمىكىن دېسەك، ئۇنداق ئەمەسكەن. ئۇ ئىشىكنى ئۇزۇپ - ئۇزۇپ بىرنەچچە قېتىم چەكتى.

— بۇ چاغدا ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى...

— ھە، ياخشى! گېپىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ! ئۇ سىزگە نېمە دېدى؟

— ئۇ ماڭا: "چاپسان، مايەرگە كېلىڭ..." دېدى - دە، مېنى ئاشخانىغا ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋەتتى...

— ئىشىكنى ئۇ ئېتىپ قويدىمۇ؟

— بىلمەيمەن...

— كىيىنچۇ؟

— ھېچنېمىنى بىلەلمىدىم. ئۇستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئوچۇق تۇرغان دېرىزىدىن كوچىغا قارىدىم...

— ئۇنىڭدىن كىيىنچۇ؟

— ئۇنىڭدىن كىيىنكى ئىشلارنى بىلمەيمەن... نۇرغۇن ئادەملەر كەلدى... مەن چىقماسلىقىم كېرەك، دەپ ئويلىدىم...

ئۇ خۇددى خالىمىغاندەك ھەم ئاستا، ھەم ئالدىرىماي سۆزلەيتتى. تو ساتتىن ئۇ ھېچكىم ئويلىمىغان يەردىن:

— تاماكىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— پاپىروسمۇ؟

— كۆك تاماكا.

— سىز غاڭزىدا چېكەمسىز؟

مېگرې ئۆزىنىڭ تاماكا خالتىسىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. لىكلاۋاگىن تاماكىدىن بىر چىمدىم ئېلىپ، مەمنۇن بولغان ھالدا ئاغزىغا سالدى.

— بۇ ئىشنى مېنىڭ خانىمىمغا ئېيتىپ قويمىسىڭىز...

بۇ ۋاقىتتا لۇگا ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ چىقتى. مېگرې ئۇنىڭ نېمە ئىزدەۋاتقانلىقىنى بىلەتتى.

— قانداقراق؟

— يوق، باشلىق. ئاشخانىنىڭ ئاچقۇچى ئىچىدىمۇ، سىرتىدىمۇ يوق... مەن ئاچقۇچنى دېرىزىدىن كوچىغا تاشلىۋەتتىمىكىن دەپ، كوچىغا پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىنى ئەۋەتتىم...

مېگرې لىكلاۋاگىنغا ئىچچام قىلىپ مۇنداق دېدى:

— دېمەك، سىزنىڭ دېيىشىڭىزچە، سىز سائەت بەش بولاي

www.uyghurkitap.com

دىگەندە بۇ يەرگە بۇ ئايالغا پال ئاچقۇزغىلى كەلدىڭىز. بەشكە ئىككى - ئۈچ مىنۇت قالغاندا، بىرى ئالاھىدە ئۇسۇل بىلەن ئىشىكنى چەكتى، رونا خېنىم سىزنى ئاشخانىغا ئىتتىرىپ كىرگۈزىۋەتتى... شۇنداقمۇ؟... سىز كوچىغا قاراپ تۇردىڭىز، كېيىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ، مىدىر - سىدىر قىلمىدىڭىز، ھەتتا ئاچقۇچ سالىدىغان تۆشۈكتىن قاراپمۇ باقمىدىڭىز...

— ياق، مەن ئۇنى مېھمان كۈتۈۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپتىمەن...

— سىز ئىلگىرى كېلىپ باققانمۇ؟

— ھەر ھەپتىدە كېلىپ تۇرىمەن.

— ئۇزاقتىن بۇيانمۇ؟

— ئۇزاق بولدى.

ھاماقەتمۇ؟ ھاماقەت ئەمەستۇ؟ پۈتۈن رايون لەرزىگە كېلىپ كەتتى. تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ماشىنىسى يېتىپ كەلگەندە، كوچىغا 200 چە ئادەم توپلانغانىدى. قۇياش پارلاپ كۆزنى چاقاتتى، يول بويىدا ئولتۇرۇپ مۈزدەك پىۋا ئىچىۋالسا قانچە راھەت بولاتتى - ھە. بۇ ئەپەندىلەر كېلىشى بىلەن مېگىر چاپىنىنى كىيىۋالدى.

— ھە، سىزمۇ ساقچى باشلىقى ئەپەندى، — دېدى مۇۋەققەت باش تەپتىش، — ئۇنداقتا بۇ ناھايىتى قىزىقارلىق ئىش ئىكەن - دە!

— ھازىرغىچە مەن مۇنۇ ئىككى دەلىلۈشىنىلا تاپالىدىم! — دەپ غودۇرىدى مېگىر ئۆزىچە.

ماسگۇۋېئان دېگەن ھايۋان كۆزنى بىردەممۇ ساقچى باشلىقىدىن ئۈزمەيۋاتاتتى! يەنە ھېلىقى تاماكىنى چايناپ، بۇرنىنى تارتىپ ئولتۇرغان قىرىچچۇ تېخى!

باشقا ماشىنىلارمۇ كەلدى، ماشىنىدىكىلەر مۇخبىرلار ئىدى.

— ھەي لوگا، بۇ ئىككىيلەننى ماشىنىغا ئەچىقىڭ... يېرىم سائەتتىن كېيىن ئىدارىغا بارىمەن...

بۇ چاغدا ماسگوۋىئان ئاجايىپ غەلىتە بىر گەپ قىلدى. ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ۋاراڭ-چۇرۇڭغا تولغان مېھمانخانىدىن باش كىيىمنى ئىزدەپ تاپتى، ئاندىن باشقا ئىشلارنى قىلغان ۋاقتىدىكىدەك ئەستايىدىللىق بىلەن بوشقىنا:

— قارىڭا، ساقچى ئەپەندى، پالچى ئايالنى يەنىلا پىكپوس ئۆلتۈرۈۋەتتى! — دېدى.

## 2. تەرلەپ كەتكەن ئادەم

ئاجايىپ ھە، مىگىر نەزەرىنى ئىختىيارسىز بىر قولىغا — تىزىغا قويۇلغان قولىغا تاشلىدى، ئۇنىڭ شىمىنىڭ تىزى سىلاۋەرگەنلىكتىن يىرتىلىپ كەتكەنىدى. بۇ چاغدا مىگىر بۇنىڭ بىر تىراگېدىيە ئىكەنلىكىگە مەلۇم دەرىجىدە ئىشەنگەنىدى، ئۇ ئاۋۇ ئۇلتۇرغان ئادەمنى يەنىلا قانداقلا بولمىسۇن، ئاز-تولا ئالاھىدىلىككە ئىگە ئادەتتىكى ئادەم دەپ ھېسابلىمايۋاتاتتى.

بايىقى گلانگور كوچىسى خۇددى مىگىر ئېيتقاندەك، بازارغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ قول تىقىپ ئارىلەشىشىغا بەكمۇ ئۆچ ئىدى. قىستا-قىستاڭ ئادەملەر ئارىسىدا ساقچى باشلىقىنىڭ دەسلەپكى نەزەرىدىكى ئوكتاۋ لىكلاۋاگىن بىر يەرگە قادىلىپ قاراپلا تۇرىدىغان، ئازراق ھەييار، يارامسىز ئادەم ئىدى. كۆپ بولغاندىمۇ، مىگىر بۇ قېرى ئەپەندىنىڭ خۇنۇك كۆزلىرىدە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان، مەنىسىز ئىپادىنى كۆرۈپ، نېمە بولغانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

بلەلمەي گاڭگىراپ قالغانىدى، بۇ چاغدا قىزىنىڭ روھى نىمە بلەنىدۇ قىسىپ ئىلىپ كىتىلگەنىدەك، بىر سوئالنى ئىككى-ئۈچ قىتىم تەكرارلىغاندا ئاندىن ئازراق ئىنكاس پەيدا بولاتتى، ئۇنىڭدىن كىيىن، نىمىلىكىنى بىلمەكچى بولغاندەك قوشۇمىلىرىنى تۈرەتتى.

پىتىۋاتقان قۇياش نۇرىدا، زەرگەرلەر پرىستانىدىكى تونۇردەك قىزىپ كەتكەن ئىشخانىدا مىگرىنىڭ يۈز-كۆزىدىن تەر قۇيۇلاتتى. ئۇ تەرلىرىنى سۈرتكەچ، ئۇنى ئەستايىدىل سوراق قىلىۋاتاتتى. بىراق ھىچقانداق نەتىجە چىقىرالمىدى دىسە بولاتتى. لىكلاۋاگىن زادى ھودۇقمايتتى، ھەتتا ساقچى باشلىقىغا ياخشىچاق بولماقچى بولاتتى. ساقچى باشلىقى قول ياغلىقى بىلەن بىشى ۋە بويۇنلىرىدىن ئىقىۋاتقان تەرنى ھە دەپ سۈرتەتتى، لىكىن بوۋايدىن يوغان پەلتۇ كىيىۋالغان بولسىمۇ، بىرتامچە تەر چىقمايتتى. مىگرى بۇنىڭغا دىققەت قىلدى ۋە بۇ نۇقتىغا زور ئىشەنچ باغلىدى.

ئەمما، ھازىر بۇ ئىككى ئەپەندى ئۈستى ئوچۇق كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرغاندا كەچ سائەت سەككىز بولغانىدى. پارىژ كوچىلىرى سالقىنداپ قالغان بولۇپ، بەكمۇ راھەت ئىدى. لىكلاۋاگىن مىدىر-لىمۇ قويماي ئولتۇراتتى. مىگرى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بوۋاينىڭ تىزىغا قويىۋالغان ئوڭ قولىغا تىكىلىپ قارىدى، بۇ قول ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇگىلىرى تومپىيىپ چىققان، تىرىسى قۇرغاق ۋە قورۇق ئىدى، تىرىسىنىڭ بەزى يەرلىرى خۇددى قۇرۇپ قالغان دەرەخ قوۋزىقىدەك يىرىلىپ كىتەيلا دەپ قالغان، كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ بىر بوغۇمى يوق ئىدى.

بۇ قول؟... مىگرى چوڭقۇر ئويغا پاتتى... ھاياتتا بىر قول بىلەن نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇغۇ، ھالبۇكى، بۇ قول 67 يىل

ئىچىدە...

تۇساتتىن، بىرتامچە تەر تارتىشىپ تۇرغان تېرە ئۈستىگە چۈشۈپ يېيىلىپ كەتتى. بۇ چاغدا ماشىنا دەل ۋاگلان كوچىسىدا كېتىپ باراتتى، كوچىنىڭ ئىككى قاسىنقى قەھۋەخانا ۋە كىنوخانا بولۇپ، ئادەملەر ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشماقتا ئىدى. مگىر بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى، بوۋاينىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق بولۇپ، ئۇدۇل ئالدىغا قاراپ ئولتۇراتتى، لېكىن پېشانىسىدە تەر چىپىلداپ تۇراتتى.

بۇ شۇنداق تاسادىپىي بولدىكى، ساقچى باشلىقىمۇ خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىدى. لىكلاۋاگىن ئۇزاقتىن بۇيان ئىنتايىن سوغۇق قان بولۇپ كەلگەن، ھەتتا بەكمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندى. نېمشقا بىردىنلا قورققاندەك بولۇۋاتىدۇ؟ بۇنىڭدا ھەرگىز چاتاق يوق. بوۋاي ئىسسىپ كەتكەنلىكتىن ئەمەس، قورققانلىقتىن تەرلەپ كېتىۋاتىدۇ، روھىي جەھەتتە چىداشلىق بېرەلمەي تەرلەپ كېتىۋاتىدۇ.

بوۋاي بىرەر نەرسىنى ياكى بىرەر ئادەمنى كۆرۈپ قالغانمىدۇ؟ بۇ ئانچە مۇمكىن ئەمەس. ساقچى باشلىقى قولىغا تىكىلىپ قارىغاچقا جىددىيلىشىپ كەتكەنمىدۇ؟ مەسىلەن، بۇ ئۈزۈلگەن بارماق بىر نېمىنىڭ ئىزىمىدۇ-يا؟

ماشىنا ناھايىتى تېزلا گورسال كوچىسىغا يېتىپ كەلدى، ئاندىن ساپسېرىق قاشا بىلەن قاشالانغان، دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان مىنسۇ باغچىسى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بوۋاينىڭ چىرايى تاتىرىپ، پېشانىسىدىكى تەرمۇ كۆپەيگىلى تۇردى. مگىر ئاخىرى، ئۇنىڭ ئۆيىگە ئاز قالغانسېرى، تېخىمۇ قورقۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى

چۈشنىپ يەتتى.

يەنە بىردەمدىن كېيىن، ماشىنا بادىنول كوچىسىغا يېتىپ كەلدى. دەرۋازىسىدىن ماشىنا كىرەلەيدىغان كۆل رەڭ تاش ئۆي، قارىماققا ناھايىتى ئازادە، ھەشەمەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۆيلەر ئوبدان سەرەمجانلانغان، ئىشىك باقار پاكىز قارا كىيىم كىيۋالغان. پەلەمپەي قاراڭغۇ بولۇپ، سىرلانغان، بىغىرەڭ گىلەم مىس تاياقچە ئارقىلىق باستۇرۇپ سىيلىنغان.

لىكلاۋاگىن پەلەمپەيدىن ئالدىرىماي چىقتى، نەپەسلىرى قىسىلدى، گەپ ـ سۆزمۇ قىلمىدى، لېكىن پېشانىسىدىن ھەدەپ تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ نېمىدىن قورقۇۋاتىدىكىنە؟

ھەربىر قەۋەتتە قېنىق دۇپ ياغىچىدا ياسالغان، مىس تۇتقۇچلىرى تۇتىۋېرىپ پارقىراپ كەتكەن بىر ئىشىك بار ئىدى. تۆتىنچى قەۋەتتە مىگىر بىر ئىشىكنىڭ قوڭغۇراق كۇنۇپكىسىنى باستى. توپتوغرا بىر مىنۇت ــ بۇ خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئىدى ــ ساقلىغاندىن كېيىن، ئۆيدە شىپىر ـ شىپىر ماڭغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئىشىك ئاخىرى ئېچىلدى، ئېچىلغاندىمۇ يېرىم ـ ياتا ئېچىلىپ، چىرايىدىن ھەيرانلىق ۋە گۇمان چىقىپ تۇرغان بىر ئايالنىڭ يۈزى كۆرۈندى.

ــ سىز لىكلاۋاگىن خانىمغۇ دەيمەن؟

ئۇ دەرھاللا:

ــ ئايال خىزمەتكارىمىز سىرتقا چىقىپ كېتىۋىدى... شۇڭا ئۆزەم...، ــ دەپ جاۋاب بەردى.

مىگىر ئۇنىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇنىڭ زادىلا ئايال خىزمەتكار ئىشلەتمىگەنلىكىگە ئۇ مۇشۇ پەيتتە كېپىللىك قىلالايتتى.

— سىزگە مالال كەلمىسە، بىر ئاز سۆزلەشىشەكمىكىن دەيمەن، مەن جىنايى ئىشلار ساقچى مەھكىمىسىدىن ساقچى باشلىقى مىگىر...
بۇ چاغدا بۇ ئايال ئېرىگە قاراپ قويىدى. بۇ 50 ياشلاردىكى پاكار، ئازراق ئەسەبىي، چىرايىدىن ھەر خىل ئىپادە چىقىپ تۇرىدىغان، كۆزلىرى ئويناق ئايال ئىدى. بارلىق ئىش بىرنەچچە سېكۇنت ئىچىدىلا يۈز بەردى. مىگىر قورقۇش تۇيغۇسىنى يەنە بىر قېتىم سېزىۋالدى.
لىكلاۋاگىن چىرايىدا ھېچنېمىنى ئىپادىلىمەي، ئارتۇقچە چۇشەندۇرۇپمۇ كەتمەي جىمجىتقىنا تۇراتتى. ئۇ روھىي چۇشكۈن ھالدا، ئىشىك ئالدىغا سېلىپ قويۇلغان گىلەمدە ئۆز ئۆيىگە كىرىشنى كۈتمەكتە ئىدى.
ئايالنىڭ خاتىرجەملىكى ئەسلىگە كېلىپ، ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى، ئاندىن مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قويىدى. مېھمانخانا كەڭ ـ ئازادە بولۇپ، دېرىزىلىرىگە قېلىن پەردىلەر تارتىلغانىدى، قاراڭغۇ ـ راق ئىدى.
— ئولتۇرۇڭ... نېمە ئىش؟ ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟...
ئايال ئېرىگە قاراپ قويدى: ئۇ يا پەلتوسىنى سېلىشنى، ياكى شلەپىسىنى ئېلىۋېتىشنى ئويلاپمۇ قويمايتتى.
ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، مىگىر بۇ مېھمانخانىدىكى تۇرلۇك تەپسىلاتلارنى: ئۈچ قاناتلىق يوغان ۋە ئېگىز دېرىزە، يېشىل دۇخاۋا پەردىلەرنىڭ كەينىگە تارتىلغان سېرىق ئىچ پەردىلەر، كونا پوسۇندىكى قاپلانغان كرېسلولار، ھەل بېرىلگەن چاي ئۈستىلى، قارا مەرمەردە ياسالغان تام مەشكە ئېسىپ قويۇلغان داغلىشىپ قالغان تاشئەينەك ۋە تام مەشنىڭ جازىلىرىنىڭ مىستىن ياسالغانلىقىنى

ئەينەن ئېسگە ئېلىپ تەسۋىرلەپ بېرەلەيتتى.

ئىشىك كەينىدە بىرسى نېمىنىدۇ ئاستالا تۇتتى. چوقۇم بىرسى ئوغرىلىقچە ئاڭلاۋېتىپتۇ ـ دە، مىگىر ئۇنىڭ ئايال كىشى ئىكەنلىكىنى پەملىدى. ئۇنىڭ پەملىگىنى توغرا چىقتى: بىردەمدىن كېيىنلا ئۇ ئۇنىڭ جىسار لىكلاۋاگىن، 28 ياشلىق خېنىم ئىكەنلىكىنى بىلدى.

بۇ بىر يۇرۇش ئۆي پۇتكۇل بىر قەۋەتنى دېگۇدەك ئىگەللىگەچكە خېلىلا كەڭ ـ ئازادە ئىدى. بەزى نەرسىلەر ئۆي ئىگىسىنى باي كۆرسەتكىنى بىلەن، بىر يەرلىرىدىن غۇربەتچىلىك بىلىنىپ تۇراتتى. لىكلاۋاگىن خانىم قارا تاۋار كۆڭلەك كىيىپ، چىرايلىق ئۇزۇك سېلىۋالغان ھەمدە كۆڭلىكىگە ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن بۇلاپكا تاقىۋالغانىدى.

ــ خانىم، سىزدىن بىر سوئال سورىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىز: سىز رونا خېنىمنى تونۇمسىز؟

مىگىر ئۇنىڭ تونۇمايدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى. ئۇ راستلا ئويلىنىپ باقتى، لېكىن ئەسلىيەلمىدى، روشەنكى، ئۇ تۇپتىن ئوخشىمايدىغان يەنە بىر سوئالنى كۇتۇۋاتاتتى.

ــ ئۇ نېمە قىلىدىغان ئايال؟

ــ ئۇ گلانگۇر كوچىسىدا ئولتۇرىدۇ...

ــ كىملىكىنى ئەسلىيەلمىدىم.

ــ ئۇ كەلگۈسى ئۇچۇن پال ئاچىدۇ... مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سىزگە قىسقىچىلا ئېيتىپ ئۆتەي... بۇ ئايال سائەت بەشتە ئۆز ئۆيىدە ئۆلتۈرۈلگەن... ۋەھالەنكى، دەل شۇ ۋاقىتتا سىزنىڭ ئېرىڭىز ئۇنىڭ ئۆيىدە ئىدى، بىز ئۇنىڭ ئاشخانىغا سولاپ قويۇلغانلىقىنى بايقىدۇق...

— ئوكتاۋ، ماڭا دەڭا، بۇ...

ئۇ ناھايىتى تەمكىنلىك ۋە سالاپەتلىك بىلەن بۇرۇلۇپ ئۇنىڭدىن سوردى. لېكىن بۇنىڭ يالغانلىقىنى، بۇ خىل سالاپەتلىكنىڭ، بۇ خىل خاتىرجەملىكنىڭ خۇددى تام مەشتىكى مىسقا ئوخشاش يالغان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى. مىگىر شۇنىڭغا قەيت قىلالايتتىكى، ئەگەر مۇشۇ چاغدا ئۇ چىقىپ كەتسە، ئىشىكنى شۇنداق يېپىشىغىلا، بۇ ئىككىسى تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ كەتكەن بولاتتى.

لىكلاۋاگىن تۇكۇرۇكىنى يۇتۇۋېتىپ، روھى چۈشكەن ھالدا تۆۋەن ئاۋازدا ئىقرار قىلىپ:

— مەن شۇ يەردە ئىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئايال بولسا ناھايىتى ھاكاۋۇرلۇق بىلەن:

— ھېچ بىلەلمىدىم، سىز تېخى خەقلەرگە پال ئاچقۇزۇپ يۈرۈپسىز ـ دە!...، — دېدى.

ئاندىن ئۇ ئېرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، مىگىرنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئۈستۈن تەبىقىدىكى ئاياللارغا خاس مىجەز بىلەن ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن بۇلاپكىسىنى ئۆزىچىلا ئويناپ ئولتۇرۇپ، بارغانسېرى جاۋىلداپ سۆزلىگىلى تۇردى:

— ساقچى باشلىقى ئەپەندى، سىزگە شۇنى دەپ قويايكى، بۇ ئىشتىن زادىلا خەۋىرىم يوق... لېكىن ئېرىمنى ئوبدان چۈشىنىمەن... بەلكىم ئۇ سىزگە دېگەندۇ، ئۇ جەنۇبىي ئامېرىكىغا قاتنايدىغان پاراخوتتا ناھايىتى ئۇزاق مەزگىل دوختۇر بولغان... جۇڭگونىڭ دېڭىزلىرىدىمۇ نۇرغۇن يىللار قاتنىغان... كېيىن ئۇ زادىلا نورمال ئۆتۈپ باقمىدى...

لىكلاۋاگىن يېنىدا تۇرسىمۇ، ئۇ ئۇنى پىسەنتىگە ئالمىدى.

— سىزمۇ ئۇنىڭ كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى سەزگەنسىز... بۇ مەن ۋە قىزىم ئۈچۈن بەكمۇ چوڭ بەختسىزلىك، شۇنداقلا بىزنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىمىزغىمۇ چوڭ تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ...

مىگىر مېھمانخانىغا نەزەر تاشلاپ چىقتى، كاللىسىدا بادىنول كوچىسىدىكى مېھمان كۈتۈش كۆنىنى تەسەۋۋۇر قىلدى: كرېسلولارنىڭ قېپى ئېلىۋېتىلگەن، ئاسما چىراغلار يوپيورۇق يېپىپ كەتكەن، ھەل بېرىلگەن، چاي ئۈستىلى ئۈستىگە پىچىنە - پىرەنىكلەر تىزىۋېتىلگەن، خانىملار قوللىرىغا چاي قۇيۇلغان ئىستاكانلارنى ئېلىپ، ناز - كەرەشمە بىلەن راۋۇرۇس ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشكەن.

بىردەمدىن كېيىن ئىشىك باقار ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئىسپاتلاپ، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم بولىدىغان مېھمان كۈتۈش كۈنى ياكى بۇ بىنادىكىلەر مەسخىرە قىلىپ ئاتىۋالغان دۆشەنبىلىك مېھمان كۈتۈش كۈنى ھەققىدە ئېيتىپ بېرەر.

دەرۋەقە، لىكلاۋاگىننىڭ ئۆيىدە ئايال خىزمەتكار يوق ئىدى، پەقەت بىر ئايال ھەركۈنى ئەتىگەندە كېلىپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرەتتى. لېكىن ھەر دۆشەنبە كۈنى ئۇلار بودىر — ساب مېھمانخانىسىدىن بىر ئاشپەزنى تەكلىپ قىلىپ كېلەتتى.

— ئۇلارنىڭ پۇلى بار! — دېدى ئىشىك باقار، بۇ ئايال گىلانگور كوچىسىدىكى ئىشىك باقارغا قارىغاندا گەپ قىلىشقا ئامراق ئىدى، — خەقلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ يىللىق كىرىمى 200 مىڭ فرانك ئىمىش. ھەر يىلى دېكابىردا سېن رافېلدىن بىر گۇۋاھچى ئالايىتەن ئۇلارغا پۇل ئەكىلىپ بېرىدىكەن. ئۇلار بۇنچىۋالا پۇلنى نېمە قىلىدىغاندۇ؟ دەپ ھەممەيلەننىڭ ئەقلى ھەيران. بۇ ئەتراپتا سودا



www.uyghurkitap.com

قىلىدىغانلار ئۆزىڭىزگىمۇ دەپ بېرەر، ئۇلار گۈش دۇكىنىنىڭ خوجايىنىدىن ئەڭ ناچار گۆشلەرنى ئالىدىكەن، تېخى سېمىزمۇ ئەمەس! قاراپ بېقىڭا، بۇ بىچارە نېمىلەر كېيىپ يۈرىدۇ، قىشتىمۇ، يازدىمۇ ئوخشاش...

ئەمما، بۇ ئۆي بىلەن گىلانگۇر كوچىسىدىكى يوپيورۇق ئۆي ئوتتۇرىسىدا قانداق باغلىنىش باردۇ؟ ئاۋاق، نېرۋىسى ئېتىك ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلىدىغان بۇ ئايال بىلەن ئۆزىنىڭ قۇياش نۇرىغا چۈمۈلگەن مېھمانخانىسىدا ئولتۇرۇپ كەتكەن، تېرىسى ئاپئاق، يۇمران، ئۆزىنى ئوبدان ئاسرىغان روزا خېنىم ئوتتۇرىسىدا يەنە قانداق مۇناسىۋەت باردۇ؟

تەكشۈرۈش ئەمدىلا باشلىنىۋاتاتتى، مىگرې ئۆزى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرى ئاساسىدا دەرھال خۇلاسە چىقىرىشنى ئويلىمايتتى. ئۇ ھەرقايسىسىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنى ئېنىق بىلىۋېلىشى لازىم ئىدى: ماسكوۋىئان دېگەن غەلىتە ئادەم پلۇ ۋە دېلۇئاننىڭ ئىشخانىسىدىن فور مەيدانىدىكى ئۆيىگە بارىدۇ، ياكى ئېھرام كوچىسىدىكى گراف خانىمنىڭ قارتا سالونىغا بارىدۇ...

— راستىلا چوڭ بولۇپ قالىغان بالا - دە، ساقچى ئەپەندى، ئۇنىڭدىن باشقا تەسۋىرلىگۇدەك گەپ تاپالمايمەن. ئۇ ھەر كۈنى كوچىدا لاغايلاپ يۈرۈپ، تاماق ۋاقتىدىلا قايتىپ كېلىدۇ... لېكىن ئۇنىڭ باشقىلارغا تەگمەيدىغانلىقىغا مەن كېپىل...

"باشقىلارغا تەگمەيدۇ..." دېگەن گەپ مىگرېنى ھەيران قالدۇردى، ئۇ بوۋايغا قارىدى. ئۇ ئەتراپىتىكى ھەممە نېمىگە پەرۋاسىز قىلماي ئولتۇراتتى، پېشانىسىدە تەرمۇ يوق ئىدى.

ئۇ بايا نېمىدىن قورققان بولغىيدى؟ ئەمدىلىكتە نېمىشقا شۇنچە

www.uyghurkitap.com

تەمكىن بولۇپ قالدى، توغرىراقى، پەرۋاسىز بولۇپ قالدى؟
ئىشىك كەينىدە يەنە ئاۋاز ئاڭلاندى، لىكلاۋاگىن خانىم ئۇنلۇك تووۇلدى:

— كىرنۇەرگىن جىسار. مەن سىزگە قىزىمنى تونۇشتۇرۇپ قوياي... دادىسىنىڭ ئەھۋالىغا بەكمۇ قايغۇرىدۇ... بەلكىم مېنى چۈشىنۋاتقانسىز... قىزىم دوستلىرىنى كۈتۈۋاتقاندا...

نېمشقا جىسارنىڭ ئۇستىبېشىمۇ مۇنچىلىك ناچار؟ نېمشقا ئۇنىڭ روھى ـ ھالىتى مۇنچىلىك سوغۇق؟ ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ خېلىلا چىرايلىقكەن. ئۇنىڭ قولىنىڭ بېغىشلىرى ئەرلەرنىڭكىگە ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭدا كۆلكە دىدارى يوق، مەن بىلەن ئامانلاشقاندىمۇ ھېچقانداق خۇلق كۆرسەتمىدى. ئۇنىڭ بوۋايغا قارىغان چاغدىكى نەزەرى بەكمۇ رەھىمسىز ئىدى.

ئۇ خۇددى مالىيىغا دېگەندەك:

— كىيىمىڭىزنى يىپشۇپتىڭ...، — دېدى.

— جىسار، ئويلاپ باققىنا، — دەپ چۈشەندۈردى ئانىسى، — داداڭ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن قارتا تىزىپ پال ئاچىدىغان بىر ئايالنىڭكىگە بېرىپتىكەن، دەل شۇ چاغدا بىر سەت ئىش يۈز بېرىپتۇ...

ئاجايىپ ـ ھە! بىر قاتىللىق دېلوسىنى "سەت ئىش" دېگەن گەپ ئارقىلىق چۈشەندۈرۈۋاتىدۇ، روشەنكى، بۇ ئىككى ئايال ئۇچۈن رونا خېنىمنىڭ ھايات ـ ماماتى مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى، لىكلاۋاگىننىڭ دەل شۇ يەردە بولۇپ قالغانلىقى، يەنە تېخى زەرگەرلەر پىرىستانىغا ئېلىپ بېرىلغانلىقى، ئەمدىلىكتە يەنە بىر ساقچى باشلىقىنىڭ...

— خانىملار، بىزاۋىتە قىلغىنىم ئۈچۈن كەچۈرۈڭلار، ئەمما، مۇشۇ پەيتتە، لىكلاۋاگىننىڭ ياتاق ئۆيىنى بىر كۆرۈپ باققۇم كېپكېتىۋاتىدۇ...

— جىسار؟...، — لىكلاۋاگىن خانىم خۇددى جىساردىن سوراۋاتقاندەك پەس ئاۋازدا سۆزلىدى.

جىسار كۆزلىرىنى يۇمچۇقلاپ قويدى، بۇ، ياتاق ئۆيىنى رەتلەپ قويدۇم دېگىنى بولسا كېرەك، ئەتىمالىم.

ئۇنىڭ ياتاق ئۆيىگە بېرىش ئۈچۈن ئازادە بىر تاماقخانىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى، ئاندىن ئايال خوجايىنىنىڭ ياتاق ئۆيى، كونا پوسۇندىكى جاھازلار ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. مىگىر بۇ بىر يورۇش ئۆيدە مونچىنىڭ يوقلۇقى، پەقەت يۈز يۇيۇش ئۆيى بارلىقىغا، تامغا چاپلانغان قەغەزلەرنىڭ خېلى ئۇزاقتىن بۇيان ئالماشتۇرۇلمىغانلىقىغا، تورۇسقا پارچە-پۇرات كونا كىلىيونكىلار چاپلاپ قويۇلغانلىقىغا دىققەت قىلدى.

— بۇ ئۇنىڭ ياتاق ئۆيى، شۇنداقلا ئىشخانىسى...، — دېدى ئايالى، — ئۇ ئۆمۈر بويى ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا قاتناپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈنمىكىن، ھەممە نەرسىنىڭ ئاددىي بولۇشىنى ياقتۇرىدۇ، ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى ئاددىي...

ئوھو! ئىشىك ئىلغۇچ نېمىشقا ئادەتتىكى قائىدە بويىچە ئىچىگە ئورنىتىلماي، ئىشىك سىرتىغا ئورنىتىلغان؟ بوۋايىنى دائىم ياتاق ئۆيىگە سولاپ قويۇش ئۈچۈنمۇ-يا؟

بۇ نۇقتىدا، مىگىر بىۋاستە ھېس قىلغانلىرىنى ئىشىك باقارغا ئىسپاتلاتقۇزۇشى لازىم ئىدى.

— شۇنداق ئەپەندى، ئىككى خانىم مېھمان كۈتۈۋاتقان چاغدا بۇ

www.uyghurkitap.com

بىچارىنى سولاپ قويىدۇ، ئۇلار بوۋاينىڭ تۇيۇقسىز چىقىپ قېلىشىدىن بەكمۇ قورقىدۇ. ئەگەر تاماقنى ۋاقتىدا ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىسە، جازالاپ بىر-ئىككى كۈن سولاپ قويىدۇ...

بۇ نەدىمۇ ياتاق ئۆي بولسۇن! پەقەت بىر بۇلۇڭلا، خالاس. دېرىزىسى بادىنول كوچىسىغا ئەمەس، بەلكى ھەم تار، ھەم قاراڭغۇ بىر كىچىك ھويلىغا قارايتتى. دېرىزە ئەينىكىگە سۇزۇك رەڭلىك قەغەز چاپلاپ قويۇلغاچقا، قۇياش نۇرىنىڭ چۈشمىكى تەس ئىدى.

چاڭ-توزان بېسىپ كەتكەن 25 ۋاتلىق لامپۇچكا بىر سىمغا ئېسىپ قويۇلغان، بىر تۆمۈر كارىۋات، داس قويىدىغان ئۈچ پۇتلۇق جازا، يەردە پۇچۇق ئىدىش تۇراتتى. بۇ ئۆينى ئىشخانا دېگۈزۈۋاتقىنى بۇلۇڭغا قويۇلغان جاھاز-ھەقىقەتەنمۇ ئىش ئۈستىلى، قارا ياغاچتىن ياسالغان ئۈستەل ئىدى، بۇ ناھايىتى چوڭ، چوڭ بولغاندىمۇ ئۆي بىلەن ماسلاشمىغان چوڭ ئۈستەل بولۇپ، كومىسسىيونلاردىن سېتىۋېلىنغان بولسا كېرەك.

لىكلاۋاگىن ئاستا قايتىپ كەلدى، ئۇ بەئەينى باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرىدەك قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان جازانى كۈتمەكتە ئىدى. بىردەمدىن كېيىن مىگىر كەتسە، ئۇ چاغدا...

ئۇنىڭ بۇ ئىككى ئايال بىلەن يالغۇز قالىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، ساقچى باشلىقى ئازابلانغاندەك بولدى. ئۇ بىر بوغۇمى كېسىۋېتىلگەن قولىنى، بوۋاينىڭ قولىنى ئەسلىدى...

— سپارتالىقلاردەك①، شۇنداقمۇ؟ — لىكلاۋاگىن خانىم بۇ گەپنى

① سپارتالىقلار — قەدىمكى يۇناندىكى مىللەت، جاپا-مۇشەققەتكە چىداشلىقى بىلەن مەشھۇر. — تەرجىماندىن.

تاپقانلىقىغا بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى، — ئۇ تەلەپ قىلسىلا ئازا-دىرەك ياتاق ئۆيي بېرەرىدۇق، بىراق ئۇ ئاددىي-ساددىلىقىنى خالايدۇ. ئۇ ئۆزى قىشۇ ياز ئاشۇ كونا پەلتۇنىلا كىيىۋالىدۇ، پۈتۈن دۇنيادىكى ئالتۇننى بېرىپمۇ، ئۇنى بۇ كىيىمنى يەڭگۈشلەتتۈرەلمەيسىز.

بىراق ئاشخانىچۇ، خانىم؟ ئاشخانىنى مۇشۇنداق نامرات تۈتۈش-نىمۇ ئۇ تەلەپ قىلغانمۇ؟ لىگشىپ قالغان ئۈستەلگە بىرمۇنچە پاسكىنا تەخسىلەر دۆۋىلەپ قويۇلغان، قازان زادىلا يۇيۇلمىغان، تام شىكاپى قۇپقۇرۇق، سولىشىپ قالغان ئوتياشلار، ئېشىپ سوۋۇپ قالغان قورداق تۇرىدۇ، بۇ كەچلىك تاماقتۇ، ئەتىمالىم؟

جىسارىنىڭ ياتاق ئۆيىمۇ ئانىسىنىڭكىگە ئوخشاش ياسداق، جاھازلار كۆكۈل بۆلۈپ تاللانغان بولسىمۇ، ھامان بىر خىل چۆلدە-رەش ۋە كونىچە كەيپىيات چىقىپ تۇراتتى.

شۇنداق ئېيتىشقا بولاتتىكى، بۇ ئۆيىنىڭ سىرتىدا، پۈتكۈل پارىژ ئاۋغۇستتىكى گۈزەل كېچىلەردىن ھۇزۇرلىنىۋاتاتتى، قىزغۇچ نۇر چېچىپ تاغ كەينىگە ئولتۇرۇۋاتقان قۇياشتىن زوق ئېلىۋاتاتتى، خۇددى خۇش بۇي مېۋە شەربىتىدە ياسىغان ماروژنىنى يەپ ھۇزۇرلانغاندەك، كېچىنىڭ سالقىن ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىۋاتاتتى. ئەمما دۇنيادىكى ئەڭ قايىناق كوچىدا ئولتۇرۇشلۇق بۇ ئادەملەر بولسا بەئەينى قەبرىستانلىقتىكىدەك ياشاۋاتاتتى.

— بۇ ئۆيلەردە ئۇزۇندىن بېرى ئولتۇرۇپ كېلىۋاتامسىز؟

— ئون يىل بولدى، ساقچى باشلىقى ئەپەندى...سېن رافېلدىن ئايرىلغاندىن بېرى...ئېردىم شۇ چاغدىن باشلاپ بولالمىدى، ئۇنىڭغا قاراش ئۈچۈن پارىژغا كېلىپ ياشاپ قالدۇق...

غەلىتە ئۇي دېيىشكىلا بولىدۇ! كۆپكۆك دېڭىز قىرغىقىدا مەشھۇر دوختۇرلار ئازلىق قىلىغانىدەك، قىستا ـ قىستاك پارىژ بۇ بىچارە بوۋاينىڭ ئەقىل ـ ئىدىرىكىگە پايدا قىلىدىغانىدەك!

بوۋاي، خۇددى ئۇبىدان كۆندۈرۈلگەن ئىت مېھمان كەلگەن ۋاقىتتا ئۇۋۇسىدا جىم ياتقىنىغا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىدە ئولتۇراتتى. مىگىرنىڭ ئۇنى يەنە كۆرگۈسى، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكۈسى كەلدى.

ھېسداشلىق دېسە توغرا بولماس. ئۇ بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى جەلپ قىلىۋالغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇنى چۈشىنىشكە باشلىغانىدەك، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتىدىكى مەخپىي سىرلارنى قىياس قىلىۋاتقاندەك بولۇپ قالدى.

ھېلىقى ئايال بولسا بەكمۇ كەسكىن ئىدى.

ــ كۆردىڭىزغۇ، ئۆيىمىزدە ھېچقانداق سىرلىق ئىش يوق، ناۋادا ئېرىم باشقىچە ئوي ـ خىياللار بىلەن خەقلەرگە پال ئاچقۇزغان بولسا...كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ قېرىپ كاردىن چىققان كاللىسىدا نېمىلەرنى ئويلاپ يۈرگىنىنى؟...ساقچى ئەپەندى، مەن قاتىلنى تېپىشىڭلارنى، بۇ پاجىئەلىك ۋەقەنىڭ قانداقتۇ ئاقىۋەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن...

كىمگە قارىتىلغان ئاقىۋەت؟ روشەنكى، ئۇنىڭغا! ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشايدىغان قىزىغا، بۇ ئىككىسى بىر گەۋدە!

دەرۋەقە، بۇ ئۆيلەردە نېمىدۇ كەمدەك قىلاتتى، مىگىر ئىككى، ئۈچ قېتىم خۇددى ئوبدان بىلىدىغان بىرنېمىنى بىرەرسى ئېلىپ كەتكەندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى. بىراق، بولۇشقا تېگىشلىك جاھازلارنىڭ ھەممىسى تۇرۇپتۇ. ئۇ ئەتراپقا قاراپ قانداقتۇ بىرنېمىنى

ئىزدەپ تاپالمىغاندەك قوشۇمىسىنى تۈردى.

— خەير - خوش، ساقچى باشلىقى ئەپەندى... يەنە بىرەر ئەھۋال ئىگەللىمەكچى بولسىڭىز...

ئىشىك يېپىلغاندىن كېيىن قانداق ئىش يۈز بېرەر؟ ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ، ئىختىيارسىز هالدا ئۆز هۇجرىسىدا ئولتۇرۇپ قالغان بوۋاينى، غەزەپتىن، ئاچچىقتىن تەلەتى بۇزۇلغان ئايالنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇشتۇمتۇتلا ئېتىلىپ كىرىپ كەلگىنىنى ئويلاپ قالدى...

شۇ چاغدىلا ئۇ چۈشەندى، بۇ ئۆيلەردە كەم بولغىنى، كىشىلەرگە قانداقتۇ بوشلۇق هېس قىلدۇرىدىغىنى ئەسلىدە بۇ ئۆيلەرنىڭ تاملىرى ياكى جاهازلىرىدا سۈرەتنىڭ يوقلۇقى ئىدى. بىر پارچىمۇ سۈرەت يوق. ئەڭ ئاددىي ئۆيلەردىمۇ كۆرگىلى بولىدىغان چوڭايتىلغان سۈرەتمۇ، ئويۇن - تاماشاغا چىققان، ئالايلۇق، دېڭىز ساهىلىغا ياكى تاغلارغا چىققاندا خاتىرە ئۈچۈن چۈشكەن سۈرەتمۇ يوق ئىدى.

تاملار قۇپقۇرۇق، پۈتۈنلەي قۇرۇق ئىدى.

مىگىر ئىشىك باقارنىڭ كىچىككىنە ئۆيىدە چارەك سائەت تۇردى، ئاندىن كوچىغا چىقتى، پۇقراچە كىيىنگەن ساقچى ژان ۋېيىئېر ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— مەن نېمىش قىلىمەن، باشلىق؟

— مۇشۇ يەردە قال...مەن ئۇ ئادەملەرنى بىلىشكە قىزىقىپ قالدىم...

ئۇ كىرىپ مەيداندىكى پىۋىخانىغا كىرىپ، ئايالىغا كەچلىك تاماققا قاچان بېرىشىنى بىلمەيمەن، دەپ تېلېفون بەردى. ئاندىن ئولتۇرۇپ، يېرىم لىتىر پىۋا ئەكەلدۈردى.

ئاچقۇچنىڭ ئىشى ئەجەبلىنەرلىك، ھە! رونا خېنىم بوۋاينى ئاش-
خانىغا ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋەتكەندىن كېيىن — لىكلاۋاگىننىڭ دېگەن-
لىرى راست بولسىلا، — ئىشكنى قۇلۇپلاپ قويدىمۇ - يا؟

روشەنكى، بوۋاينىڭ پېشانىسىگە سولىنىش يېزىلغانىكەن، بادنول كوچىسىدىكى ياتاق ئۆينىڭ سىرتىدىكى ئىشىك ئىلغۇچ بىر پاكىتقۇ. بىراق، ئاچقۇچنى كىم ئېلىپ كەتكەندۇ؟ قاتىلمۇ؟ ئۇ ئۆيدە بىرسى بارلىقىنى بىلمىدىغاندۇ؟

مىگىر بايا گلانگۇر كوچىسىدىكى ئۆينى تەكشۈرگەندە بىر ئىشتا ئەخمەقلىق قىلدى. پالچى ئايالنىڭ مېھمانخانىسىدا بىر باش كىيىمى بارمۇ - يوق؟ بولۇشى مۇمكىن، ھەتتا بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. لىكلاۋاگىن ئۆزى يالغۇز بىر ئايالنىڭكىگە بارغاندا، باش كىيىمنى ئېلىۋېتىشى كېرەك. ئۇنىڭ باش كىيىمى مېھمانخانىدا قالغان بولسا، قاتىل ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ، ئاشخانا ئىشكىدىكى ئاچقۇچنى ئېلىۋالىدۇ...

كۆپچىلىك ئىلگىرىكى بۇ پاراخوت دوختۇرىنى ئاشخانىدا كۆرگەندە، ئۇنىڭ باش كىيىمى بارمىدى؟ مىگىر يانچۇقىدىن كىچىك خاتىرىسىنى ئېلىپ، "باش كىيىمى" دەپ يېزىپ قويدى.

ئۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدىن سوراپ بېقىش لازىم. بىراق، تەكشۈرۈش باشلانغان چاغدىكى ئۇنداق قالايمىقانچىلىق، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئىچىدە...

لىكلاۋاگىن ئۆزىنى ئۆزى سوراۋېلىپ، ئاچقۇچنى دېرىزىدىن، ياكى ھاجەتخانىغا تاشلىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

"يەنە بىرەيلەننى ئويلاپ باقاي!" بىر لىتىر پىۋىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاپتوبۇستا ئولتۇرايمۇ، تاكسى چاقىرايمۇ دەپ

ئويلىغاچ، ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىدى.

كوچىدىكى ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا خىيالدەك بىلىندى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا يەنە شۇ گىلانگۇر كوچىسىدا يۈز بەرگەن سىرلىق ئەنزىنى ئويلاپ قالدى. كوچا چىراغلىرى ياندى، يولدا كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ سۇس كۆك سايىلىرى تېخىمۇ قېنىق سايە بولۇپ كۆرۈندى.

ــ زەرگەرلەر پىرىستانىغا...

ــ خوپ، مىگىر ئەپەندى!

بۇ باللارچە قىلىق بولۇپ كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئادەمگەرچىلىك پۇرىقى كۆچلۈك ئىدى: شوپۇر ئۇنى تونۇدى ۋە دوستانە ئامان-لاشتى. ئۇ بەكمۇ مەمنۇن بولدى.

## ئىمزا: پىكپوس...

جۇمھۇرىيەت مەيدانىدىكى تەنتەربىيە قەھۋەخانىسىدا بۇ باغاق-چىنى يازغان كىشى ئەرمىدۇ، ئايالمىدۇ. كىمگە يازغان بولغىيدى؟

تولىمۇ ئېھتىياتچان يوسىف ماسكوۋىتان ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم خوجايىنىنىڭ مىڭ فرانك پۇلىنى ئوغرىلاپ، قەلەم، قەغەز سورىۋې-لىپ، بۇرنىغا قىسىپ قويىدىغان كۆزەينەكنى سىياھ سۇمۇرگۇچى بار تاختىغا قويۇپ قويۇپ، ئۇنىڭدىكى سىياھ ئىزلىرىغا قىزىقىپ قالغان، بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟

ــ مىگىر ئەپەندى، بىرەرسىنى تۇتماقچى بولۇۋاتامسىز؟

مىگىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ، كىرا ھەققىنى تۆلىۋەتتى، ئېغىر قەدەملەر بىلەن جىنايى ئىشلار ساقچى مەھكىمىسىنىڭ پەلەم-

پىيىگە دەسسىدى. پىشقەدەم خىزمەتكار ۋرانسوۋا ئۇنىڭ ئىشخانىغا كىرىشىنى كۈتۈپ تۇرمايلا چاقىرىۋالدى.

— ساقچى باشلىقى ئەپەندى، بۇ ئەپەندىلەر سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ... —

مىگىر باشلىقىنىڭ يۇمشاق رەخت قاپلانغان ئىشىكىگە قاراپ قويۇپ، كۆڭلىدە ھەممىنى چۈشەندى.

ئىش ئۈستىلىدە يېشىل شىشىلىق چىراغ يېنىقلىق، دېرىزە پەردىسى يېپىلمىغان، دەريا بويلاپ كەتكەن تاشيولغا قارىغان ئوچۇق دېرىزىدىن ھېلىدىن ـ ھېلىغا نەمخۇش سالقىن ھاۋا كىرىپ تۇراتتى.

جىنابىي ئىشلار ساقچى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بېشىنى كۆتۈردى، لۇگا ئۇنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئۇ خۇددى ئازار يېگەن ئىتتەك، كۆزلىرىنى ئەتەي ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچاتتى.

— يەنىلا سىزنىڭ پىكرىڭىز توغرا بولۇپ چىقتى، مىگىر، پالچى ئايالنى راستىنلا ھېلىقى پىكپوس ئۆلتۈرۈۋەتكەن...

ساقچى باشلىقى گەپىنى بۇنداق باشلاشىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلەلمەي، قوشۇمىسىنى تۈردى.

— ئەپسۇسكى، بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئاساسلىق گۇۋاھچىلارنى سوراق قىلىش تەستەك تۇرىدۇ...

مىگىر نېمىشقا توساتتىن جىددىيلىشىپ قالدى؟ ئۇنىڭ ئوكتاۋ لىكلاۋاگىن بىلەن تونۇشقىنىغا بىرنەچچە سائەتلا بولۇۋىدى، ھەتتا بۇنى تونۇشۇش دېگىلىمۇ بولمايدۇ. مەھكىمە باشلىقىنىڭ چىرايىنىڭ سۇرلۇك بولۇشى... لۇگانىڭ قورقۇپ بىئارام بولۇشى... بۇلاردىن مىگىر قانداقتۇ بەختسىزلىكنىڭ يۈز بېرىشىنى سەزگەندەك بولدى... بوۋايمۇ؟...

لۇگا بوش ئاۋازدا:

— مېنىڭ سەۋەنلىكىم...، — دېدى.

ئۇلار ۋەقەنى ئوچۇق سۆزلەشنى ئويلامدۇ ـ ئويلىمامدۇ؟

— مەن ئۇنى بىر سائەتتىن ئارتۇقراق سوراق قىلدىم...

ھە! ئەسلىدە پاراخوتنىڭ ئىلگىرىكى دوختۇرىنىڭ ئىشى ئەمەس، لۇگا يەنە بىر قېتىم سوراق قىلىشقا مەسئۇل بولغان ماسگۇۋنان ئىكەن ـ دە!

— مەن ئۇنى ئېھرام كوچىسىغا ئاپىرىپ...تەلەي سىناپ باقاي دېۋىدىم، ئۇنى ئاتاقلىق گراف خانىمنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارسام، بىرەر نېمىسگە ئېرىشەرمەن دەپ ئويلىۋىدىم...تا شۇ چاققىچە ئۇ ئۆزىنى بەكمۇ تەمكىن تۇتتى...مەن ئارسالدى بولۇپ قالدىم، تاكسى چاقىرمىدىم...دەريا بويىدا ماشىنىمۇ يوق ئىدى...بىز يېڭى كۆۋرۈك تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق...ئۇ چاغدا «گۈزەل باغۋەن» ماگىزىنى ئەمدىلا تاقىلىپ، نەچچە يۈز پىرىكازچىك ۋە خىزمەتچىلەر بىراقلا چىققاچقا، بەكمۇ قايناپ كەتكەنىدى...

— كېيىنچۇ؟

— ۋەقە شۇنداق تېز سادىر بولدىكى، مەن توسۇپ قېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدىم... بىردىنلا، ئۇ رىشاتكىدىن ئارتىلىپ سەكرەپ چۈشۈپ كەتتى.

مېگىر غالىزىسىغا تاماكا سالدى، قايتا سوئال سورىمىدى.

— ئۇنىڭ تەلىيى يوقكەن، سۇغا چۈشۈپ كېتىشتىن بۇرۇن، كۆۋرۈك تۈۋرۈكىگە سوقۇلۇپ كەتتى...

بارا ـ بارا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى، ئەينى ۋاقىتتىكى مەنزىرىنى ناھايىتى ئاسانلا پەرەز قىلغىلى بولاتتى: نەچچە يۈزلىگەن،

www.uyghurkitap.com

مىڭىلغان ئادەملەر كۆۋرۈكنىڭ رىشاتكىسىدىن پەسكە ئېڭىشىپ قاراۋاتقان، دەريا بويىغا توپلىنىۋالغانىدى، بىرنېمە لەيلەمەكتە، بىر كۆل رەڭ باش كىيىمى، بىر قېنىق رەڭلىك نەرسە ھېلىدىن ـ ھېلىغا سۇ يۈزىگە كۆتۈرۈلۈپ چىقاتتى، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرەيلەن كىيىمىنى يېشىۋېتىپ، سۇغا سەكرىدى...

ــ دەل شۇ چاغدا بىر سۆرىگۈچى كېمە ئۆتۈپ قالدى...

ئەتراپتا ئولىشىپ تۇرغانلار بەكمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. كېمە ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەلدى، كېمىنىڭ پالىقى سۇغا ئۇرۇلۇپ، دەريادىكى ئاچ قىزىل قۇياش نۇرىنى ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزاتتى، كېمىدىكىلەر ئىلمەكلىك خادىنى سۇدىكى ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سۇغا سەكرىگەن ئادەمگە سۇنۇپ بەردى، ئەڭ ئاخىرى ماسكوۋىئان، مىدىر ـ سىدىر قىلالمايدىغان ماسكوۋىئان كېمىنىڭ قاپقارا پالۇبىسىغا ئېلىپ چىقىلدى.

ــ ئۇ ئۆلمىدى، لېكىن خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى... چېكىسى تاشقا تېگىپتۇ...ئۇنى ئوردا دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردۇق، ئاتاقلىق تاشقى كېسەللەر ۋراچى شىنار...

مىگىر سەرەڭگە چېقىپ، تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى.

ــ سىز قانداق قارايسىز؟ ــ دەپ سورىدى مەھكىمە باشلىقى، ــ سىزنىڭچە، بۇ ھەممە ئىشنى قالايمىقانلاشتۇرىۋەتمىدىمۇ؟

ــ نېمىنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ؟ ــ دەپ سورىدى ساقچى باشلىقى. تەكشۈرۈش باشلانغان چاغدىلا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلگىلى بولاتتىمۇ؟ رونا خېنىم، ئۇ ئۆلدى، بۇ مۇشۇ ئەنزىدىكى ئەڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ئىش... دۈمبىسىدىن ئىككى پىچاق سېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن...ئۇ چاغدا ئۇ خاتىرجەم ھالدا لۇئىي XV نىڭكىدەك

چاي ئۇستىلىگە ئېگىشىپ ئولتۇرغان، شۇڭا ئۇ گۇمانلانمىغان...

لىكلاۋاگىن ئاشخانىدا...ماسكوۋىئان بىلەن گراف خانىم...

— ئۇ ئايالنى قانداق بىر تەرەپ قىلدىڭلار؟ — مىگىر تاماكا چەككەچ سورىدى.

— قايسى ئايالنى؟

— مورساندىن كەلگەن ئايالنىچۇ...ئۇنىڭ ئىسمى نېمىدى؟... «گۈزەل كەپتەر» مېھمانخانىسىنىڭ ئايال خوجايىنى...

— ئۇ شۇ چاغدىلا پويىز بىلەن قايتىپ كەتمەكچىدى...

— قىسقىسى، ئۇ ماسكوۋىئاننى تونۇمىدىكەن؟

لۇگا ئوڭايسىزلىنىپ قالدى ۋە:

— ئۇنىڭدىن بۇنى سوراشنى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن...ئۇ ئالدىراپ تۇراتتى، خۇددى مېھمانخانىسى ئادەم بىلەن تولۇپ كەتكەندەك...، — دېدى جاۋابەن.

بۇ مىگىرنىڭ ھەممىنى ئويلاپ يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، ئۇ ئاستا سورىدى:

— ئۇنداقتا، ھېلىقى بېلىقلارنى قانداق قىلدىڭلار؟

بۇ گەپ بىلەن مەھكىمە باشلىقى كۈلۈپ كەتتى. باشقىلار، ئۇ بېلىقنى ئالغاچ كېتىپ، كەچلىك تاماقتا يېيىش ئۈچۈن ئايالىغا پىشۇرتىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

### 3. قىزىل بۆكلۈك قىز

مىگىر ھەر چارەك سائەتتە دېگۈدەك، خۇددى ئۆزىنى بېسىۋالغان بىرسىنى كۈچەپ ئىتتىرىۋاتقاندەك ئىڭىراپ، ھاسىراپ قوياتتى؛

www.uyghurkitap.com

ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئۇستىگە يېپىلغان ئەدىيالنى كۆچىنىپ تۇرۇپ ئېچە-
ۋېتەتتى ۋە ئۆرۈلەتتى ـ دە، يەنە شۇ ئۇيقۇسىنى داۋاملاشتۇراتتى،
يامان چۈش كۆرۈپ چىقاتتى. مىگرىنىڭ ئايالى ھەر قېتىمدىلا ئويغى-
نىپ كېتەتتى ۋە مەيىن شامالدا شاردەك يېيىنىك يەلپۈنۈۋاتقان
دېرىزە پەردىسىگە تىكىلىپ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمايتتى.

كېچە ئاسمىنى ئەينەكتەك سۈزۈك. رىچارد رىنوۋا كوچىسىدىنمۇ-
كىن ياكى مەركىزىي كۆكتات بازىرىدىنمىكىن، يۈك باسقان ماشىنى-
لارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

فورمەيدانىدىكى 21 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ دېرىزىسىمۇ ئېچىۋېتىلگەن،
لېكىن ئىشىك باقار ئورۇن سېلىپ قويغان بولسىمۇ، ئۆيدە ئادەم
بولمىغاچقا، ھېچكىم كارىۋاتتا چىقىپ ئۇخلىمىغان.

ئوردا دوختۇرخانىسىدىكى بىر ياتاقتا، ياندىن قارىغاندا ئات يۈزلۈك
سېستىرا جوسى ماسگۇۋېئانىنىڭ كارىۋىتى يېنىدا ئولتۇرۇپ پوپايكا
توقۇماقتا. ماسگۇۋېئانىنىڭ بېشى داكا بىلەن تېڭىۋېتىلگەن،
چىرايىنى كۆرگىلىمۇ بولمايدۇ.

قانۇن دوختۇرخانىسىدىكى توڭلاتقۇدا ياتقان رونا خېنىمغا ھېچ
كىم قارىمىغان. بادىنول كوچىسى چىراغلار چاقناپ تۇرغان كىرىە
مەيدانىنىڭ يېنىدا، پۈۋراچە كىيىنگەن ساقچى ژان ۋېيىېر بەزىدە
ئۆزۈن بەندىگىدىن تۇرۇپ، دەرەخ تۈۋىدە ئۇ ياقتىن بۇ ياققا مېڭىپ
قويىدۇ، ئېلانلار چاپلىنىپ كەتكەن ئىككى بىنا ئوتتۇرىسىدا پارلىغان
ئايغا قاراپ قويىدۇ ـ دە، ئاندىن 17 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ قاپقارا ئوچۇق
دېرىزىلىرىگە تىكىلىدۇ.

دەسلەپتە، بىرنەچچە ئايال قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن چىقىپ
كەلدى ـــ ئەجەب ـ ھە، بۈگۈن ئاخشام بۇ يەردىكى ئاياللارنىڭ

ھەممىسلا ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ كەتكەن، لېكىن ئۇلار ناھايىتى تېزلا نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدى. ئەمدىلىكتە ئۇلار يىراق يەردە ئۇ ياقتىن بۇ ياققا مېڭىشىپ، كېيىنچە ئازىيىپ قالىدى. بىر قاۋاقخانىنىڭ ئىشكىمۇ تاقالدى. بۇ چاغدا ھاۋا بىردىنلا سوۋۇشقا باشلىدى، شەرق تېخى يورۇمىغان بولسىمۇ، كوندۈزنىڭ كېلىۋاتقانـ لىقىنى سەزگىلى بولاتتى.

ئېھرام كوچىسىدىكى گراف خانىمىنىڭ سالونىدا ئەڭ ئاخىرقى قىمارۋازلار ئەتىگەن سائەت بەشتە ئارىسىغا گۆش سېلىنغان بولكىنى يېيىشكەندىن كېيىن تارقىلىشتى.

گېزىتلار بېسىلىپ چىقتى، يەر ئاستى تۆمۈر يولىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى، يوغان قەھۋە چەينەكنىڭ ئاستىدىكى كۆمۈر گازى كۆيۈشكە باشلىدى، پۇكەيلەر ھىلال ئاي شەكىللىك ئىسسىق بولـ كىلار بىلەن تولدى.

تولاس ئۇيقۇسىنى ئاچالمىغان ھالەتتە بادىنول كوچىسىغا كېلىپ، ئۆزى ئىشقا ئالمىشىدىغان خىزمەتدىشىنى ئىزدەپ ئۇ يان، بۇ يان قارىدى.

— بىرەر ئەھۋال بولدىمۇ؟

— ھېچنېمە بولمىدى.

مىگىر مايكىچانلا ئەتىگەنلىك تاماقىنى يېدى. كوچا خۇددى تۇماندا قالغاندەك ئاقىرىپ كەتكەن، جانلىنىش يەنە باشلاندى.

قىزىل بۆك كىيگەن قىز تېرنادىكى ئاشخانىسى بار ئىككى ئېغىزـ لىق ئۆيىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، كوچىغا چىقتى، يەر ئاستى تۆمۈر يولىغا كېتىۋېتىپ، دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان گېزىتتىن بىر نۇسخا سېتىۋالدى.

ئۇ مادىرىنادىكى ئۆزى ئىشلەيدىغان ساياھەت ئىدارىسىگە بارماستىن، كىچىك قەلئە بېكىتىدە پويىزدىن چۈشتى. ئۇ دەككە-دۈككە بولۇپ ئەنسىرەيتتى، لەۋلىرى خۇددى سۈرە ئوقۇۋاتقاندەك تىترەيتتى، ئۇ ئۇدۇل سوت مەھكىمىسىنىڭ قاراڭغۇ بىناسىغا قاراپ ماڭدى.

مگر ئىشخانىسىنىڭ دېرىزىسى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئىككى غاگزدسىنى كۆڭۈل قويۇپ سۈرەتلىۋاتاتتى.

— بىر ياش قىز سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى، ئىسمىنى دېمىدى، مۇھىم ئىشىم بار ئىدى، دەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ كۈنى ئەتىگەندە، يەنى شەنبە كۈنى ئەتىگەندە بۇ تىراگېدىيە يەنە باشلاندى. قىزچاق دېڭىز ئارمىيىسىنىڭكىدەك كۆك كىيىم كىيىپ، بېشىغا قىزىل بۆك كىيىۋالغانىدى. ئادەتتە ئۇ كۈلۈپلا تۇرسا كېرەك، مەڭزىلىرى ۋە ئېڭىكىدە زىناقلىرى بار ئىدى، لېكىن ھازىر كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ، بەكمۇ خاتىرجەمسىزلەنگەنىدى.

— ئۇ نەدە، ساقچى باشلىقى ئەپەندى؟ ئۇ ئۆلۈپ قالدىمۇ؟... ئۇ مېنىڭ ئاكام، توغرىراقى، مېنىڭ ئۆگەي ئاكام...

ئۇ ماسگۇۋۇئاننى دەۋاتاتتى، گېزىتنىڭ بىرىنچى بېتىگە ئۇنىڭ سۈرىتى بىلەن مگرنىڭ سۈرىتى قاتار قىلىپ بېسىلغانىدى. 15 يىلدىن بېرى، ھەر قېتىم يېڭى ئەنزە چىقسا گېزىتكە ھامان مگرنىڭ مۇشۇ سۈرىتى بېسىلاتتى.

— ۋەي! ئۇردا دوختۇرخانىسىمۇ؟...

ماسگۇۋۇئان ئۆلمىگەنىدى. ھەممەيلەن دوختۇرنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈشىنى كۈتمەكتە. ئۇ تېخى ھوشىغا كەلمىگەچكە، ھەرقانداق



www.uyghurkitap.com

كىشىنىڭ كۆرۈشىگە رۇخسەت قىلىنمىدى.

— ماڭا قېرىنداشىڭىزنىڭ ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىڭچۇ، خېنىم... سىزنى نېمە دەپ ئاتىسام بولار، خېنىم؟

— بىرىت، بىرىت يانۋو. ھەممەيلەن مېنى بەيئىرىت خېنىم دەپ چاقىرىدۇ. مەن بىر ساياھەت ئىدارىسىدە تېز خاتىرىلىگۈچى ماشىنىست بولۇپ ئىشلەيمەن. دادام ۋاس ئۆلكىسىدىكى بىر كەنتنىڭ باغاچچىسى. مەن تۇغۇلغاندا ئاتا-ئانام ياشىنىپ قالغانىكەن، ئۇلار ئەمدى پەرزەنت كۆرەلمەسمىز، دەپ ئويلاپ، ئاممۇى پاراۋانلىق ئىدارىسىدىن بىر ئوغۇلنى، جوسىق ماسكوۋىئاننى ئەكىلىپ بېقىپ ئاپتۇ...

مىگىر مۇشۇنداق نازاكەتلىك قىزنىڭ يېنىدا خۇددى مېھرىۋان چوڭ ئاتىدەك تۇراتتى.

— ئېيتىڭا، مەن بىلەن فور مەيدانىدىكى ئاكىڭىزنىڭ ئۆيىگە بارامسىز؟

ئۇ تاكسى چاقىرىپ قىزنى ئېلىپ ماڭدى. ئۇنىڭدىن سوئال سورىمىسىمۇ، ئۇ توختىماي سۆزلەپ ماڭدى. بىنانىڭ ئەگىم ئىشىكى ئالدىدا ئىشىك باقار قولىغا بىر گېزىتنى ئېلىۋالغان، ئەتراپىنى بىرمۇنچە قوشنىلىرى ئورىۋالغانىدى.

— شۇنداق كەسكىن، شۇنداق قائىدىلىك، كىشىلەرنى ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەم ئىدى!...

ئىككىنچى قەۋەتتە ئىلگىرىكى بۇجاڭ ئولتۇراتتى، ئۈچىنچى قەۋەتتە ئۆي ئىگىسى ئولتۇراتتى. تۆتىنچى قەۋەتكە چىققاندىلا بىرنەچچە ئائىلىلىك بىر يەرگە يىغىلىۋالغان چاغدىكى قىزغىن كەيپىياتنى ھېس قىلغىلى بولاتتى. ئۇزۇن كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر-

مۇنچە كىچىك ئەربابلار ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، قۇياش نۇرى پەقەت تۈگلۈكتىنلا چۈشەتتى.

— ئۇ نېمىشقا ئۆلۈۋېلىشنى ئويلايدۇ؟ ئۇ ئۆمرىدە ھېچقانداق پېشكەللىككە دۇچ كەلمىگەنىدىغۇ؟...

جوسىف ماسگۇۋئىان مىگرىنىڭ نەزىرىدە تا ھازىرغىچە يەنىلا غەلىتە ھەمدە ئادەمنى خاتىرجەمسىزلىككە سالىدىغان شەخس ئىدى. لېكىن بىرىت خېنىم سۆزلىدى، ماسگۇۋئىاننىڭ ئۆيىمۇ سۆزلەۋاتىدۇ: رەتلىك ۋە ئوبدان سەرەمجانلانغان ياتاق ئۆي، كىتاب جاۋىنىدە ناھايىتى ئوبدان كىتابلار، يىگانىلا سېتىۋېلىنغان فاتىئون، يەنە يۈز يۈيۈش ئۆيى ۋە ناھايىتى كىچىك ئاشخانا.

— قارىغا، ساقچى باشلىقى ئەپەندى، ئۇ ھامان ئۆزىنى باشقىلارغا ئوخشىمايمەن دەپ ھېس قىلاتتى...مەھەللىدىكى باللار ئۇنى پاراۋانلىق ئىدارىسىدىن كەلگەن شاكىچىك دېيىشەتتى، مەكتەپتە ئۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا ئىدى، ئۆيدە ھەممىمىزدىن كۆپرەك ئىش قىلاتتى ۋە بۇنى ئابرويۇمنى ساقلايدىغان ئىش دەپ قارايتتى...ئۇ دائىم باشقىلارغا ھالاقەت يەتكۈزۈپ، ئارتۇقچە ئادەم بولۇپ قېلىشتىن قورقاتتى...ئۇ باشقىلارنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىغاچقا، مېنى سىغدۇرۇۋاتىدۇ، دېگەن ھېسسىياتتا ئىدى...دادام بىلەن ئانام ئۇنى داۋاملىق ئوقۇشقا زورلاشقا مەجبۇر بولدى...كېيىن ئۇلار ئالەمدىن ئۆتتى... ھېچ ئويلىمىغاندا، ئۇلار بىزگە ھېچنېمە قالدۇرمايلا كەتتى. مەن كىچىك بولغاچقا، خىزمەت قىلالمايتتىم، نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان مېنى جوسىف ماسگۇۋئىان بېقىپ كەلدى.

— سىلەر نېمىشقا بىللە تۇرمايسىلەر؟

ئۇ قىزىرىپ كەتتى.

— ئۇ ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىمايدۇ...بىز ھەقىقىي ئاكا-سىڭىل ئەمەسقۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— ئېيتىڭا خېنىم، سىزنىڭ ئۆگەي قېرىنداشىڭىز سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانمۇ-قانداق؟

— شۇنداقمىكىن دەيمەن...لېكىن ئۇ ئاغزىدىن چىقىرىپ باقمىدى...جۇرئەت قىلالمايدۇ...

— ئۇنىڭ ئوغۇل، قىز دوستلىرى بارمۇ؟

— مەن كۆرمىگەنمەن...بەزىدە يەكشەنبە كۈنلىرى بىللە چىقىپ كېتىمىز...

— ئۇ سىزنى مورسانغا ئاپىرىپ باقمىدىمۇ؟

ئۇ ئەسلەشكە باشلىدى.

— نەگە؟

— سېنا دەرياسى بويىدا، گوربىيىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى...

— ياق...بىز دائىم رۇئانۋېر تەرەپكە، مائېن دەرياسىغا بېرىپ ئويناپ كېلىمىز...يېقىنقى بىرنەچچە ئايدىن بېرى جوسىف قارتىغا قىزىقىپ كەتتى...

— ئۇ سىزگە گراف خانىم توغرىسىدا بىرنېمە دېگەنمۇ؟

— نېمە، گراف خانىم؟

مېگرې چاندۇرماي ئۆيلەرنى تەكشۈرۈۋاتاتتى، بىراق قۇرۇق ئاۋارىچىلىك بولدى، يىپ ئۇچىنى تېپىشقا ياردەم بېرىدىغان ھېچقانداق نەرسە تېپىلمىدى. ئىش ئۇستىلىدە بىرنەچچە دەپتەر تۇراتتى، ئۇنىڭغا ماسكوۋئان كىرىم-چىقىم ھېساباتىنى بەكمۇ تەپسىلىي يازغان بولۇپ، ئۇ بۇنىڭغا بەكمۇ خۇمار بولۇپ كەتكەندى. بىرنەچچىسى قارتا ئويناش ھەققىدىكى كىتابلار بولۇپ، بەزىلىرىدە بەزى

قىيىن ئەھۋاللار تەھلىل قىلىنغاندى.

بىرىت خېنىم ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆز ئۆيى ئالدىدا چۈشكەن، ھازىر تامغا ئېسىلغان سۈرىتىنى كۆرسەتتى، ئۇ چاغدا بۇ قىز تېخى كىچىك بالا بولۇپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغاندى.

— سىزنىڭچە، ئۆگەي ئاكىڭىز ئوغرىلىق قىلارمۇ؟

— ئوغرىلىق، ئۇ؟... — مۇشۇنداق بەكمۇ ئېھتىياتچان ئادەممۇ؟... —

ئۇ زورىقىپ كۈلۈپ قويدى.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇنى چۈشەنمەيدىكەنسىز... ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، بىر قېتىم ھېساباتتا بىرنەچچە تىيىن كەم چىقىپتۇ، ئۇ نەدە خاتالىق بولغانلىقىنى تاپالماي، توپتوغرا بىرھەپتە قايغۇرۇپ يۈردى.

— خېنىم، ئاڭلاپ تۇرۇڭ، مېنىڭچە خىزمىتىڭىزگە بېرىڭ. بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، ساياھەت ئىدارىسىگە تېلېفون بېرىپ سىزنى ئاسانلا تېپىۋالىمىز.

— ۋەدە بېرەلەمسىز، ساقچى باشلىقى ئەپەندى، شۇنداقمۇ؟ مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەلمىسەممۇ ئۇنى كۆرسەم، ئۇنىڭ ھاياتلىقىنى كۆزۈم بىلەن كۆرسەملا بولدى...

مېگرې دېرىزىنى ئېتىپ، ئۆي ئىچىگە ئاخىرقى قېتىم بىر قاراپ ۋالدى-دە، ئاچقۇچنى يانچۇقىغا سالدى. ئۇ ئىشىك باقار بىلەن قىسقىلا سۆزلىشىۋالدى. ئادەتتە ھېچكىم ماسكۇۋئانغا خەت يازمايدىكەن؛ پەقەت يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇ ئۆگەي سىڭلىسى بىلەن سىرتلارغا چىقماقچى بولسا، شەنبە كۈنى سىڭلىسىنىڭ تېز پوچتا ئار-

قىلىق ئەۋەتكەن خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىكەن. توغرا، يىغىسىدىن بويان، ئىشىك باقار ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر ئىش باردەك قىلغانلىقىنى سېزىپتۇ.

— بۇ ئادەم بەكمۇ تارتىنچاق، ساقچى باشلىقى ئەپەندى!... ھە راست! ئۇ ھويلىدىن ئۆتكۈچە دائىم بالىلار بىلەن ئامانلىشىدۇ؛ ھەر ئاينىڭ ئاخىرىدا باللارغا كەمپۈت ئەكىلىپ بېرىدۇ...

مىگىر جۇمھۇرىيەت مەيدانى تەرەپكە مېڭىپ كەتتى. تەنتەربىيە قەھۋەخانىسى بوش دېگۈدەك ئىدى، كۈتكۈچى نىستو سۇنئىي مەرمەر ئۈستەللەرنى سۈرتىۋاتاتتى.

— ماسكۇۋىئان ئەپەندى؟...بۈگۈن ئەتىگەن گېزىتنى ئېچىپ قاراپلا قانچىلىك ھەيران قالغانلىقىمنى بىلەمسىز! مانا! بۇ ئۇ ئولتۇرىدىغان ئورۇن...

پوكەينىڭ يېنىغا تاۋىكادا ئىشلىتىلىدىغان ساندۇق قويۇلغان. قەھۋەخانىدا روسىيە پوسۇنىدىكى بىلىيارت ئۈستىلى بار بولۇپ، ھەركۈنى ئوخشاش ۋاقىتتا ماسكۇۋىئان كېلىپ ئۇ يەردە ئولتۇراتتى.

— ياق، مەن ئۇنىڭ بىرەرسى بىلەن پاراڭلاشقانلىقىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇ ئىشتەي ئاچىدىغان ھاراقنى، ھامان بىرلا خىل ھاراقنى ئالدىرىماي ئىچەتتى. ئۇ گېزىت كۆرەتتى...دائىم مېنىلا چاقىراتتى ھەمدە ھەر قېتىمدا ئاران 25 تىيىن چاي پۇلى بېرەتتى. ئۇ كەلسىلا، ۋاقىتنى بىلگىلى بولاتتى، بىر مىنۇتمۇ كەم بولمايتتى.

— ئۇ سىزدىن دائىم قەلەم ـ قەغەز سوراپ بىرنەرسە يازامتى؟

— ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇ بىرىنچى قېتىملىقى...

ئەپسۇسكى، نىستو شۇ كۈنى كەچتە ماسكۇۋىئاننىڭ بىرنەرسە يازغان ـ يازمىغانلىقىنى، ياكى ئالدىغا قويۇپ قويۇلغان سىياھ سۇمۇر-

www.uyghurkitap.com

گۆچى بار تاختىغا قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرەل-
مەدى. كۆتكۆچى ماسكوۋۇئاندىن ئىلگىرى كىمنىڭ بۇ تاختىنى ئىش-
لەتكەنلىكىنىمۇ ئېنىق ئەسكە ئالالمىدى.

— چۈشتىن كېيىن مېھمانلار ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ كەتتى،
زادى ئەسلىيەلمىدىم...

مىگىر چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، تەرلىرىنى سۈرتتى، ئاپتوبۇسنىڭ
بوسۇغىسىدا تۇرۇۋېلىپ، ئاپئاق دولقۇنلارنىڭ يۇمشاق قۇمغا ئۇرۇل-
غان ۋاقتىدىكى بىر خىل ئاۋازلارنى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئەسلەپ
ئۆتتى.

— يەنە بىر ياش قىز سىز بىلەن كۆرۈشمەكچىكەن، مىگىر.
كېسىپ ئېيتالايمەنكى، بۇگۈن قىزلارنى قوبۇل قىلىدىغان كۈن
ئوخشايدۇ!...

بۇ قىز بىرىنت خېنىمغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى. يۈزى قىپقىزىل،
كۆزلىرى پۈلتىيىپ چىققان، سېمىزلىكىدىن كىيىملىرى تار كېلىپ
قالغان 18 ياشلاردىكى بۇ قىز ھېلىلا سېير سېغىپ چىققانىمكىن،
ھەممە ئەزايىدىن سۈت پۇراپ تۇراتتى.

ئەھۋال مۇنداق ئىكەن: ئۇ گىلانگور كوچىسىدىكى سۈتلۈك
يېمەكلىكلەر دۇكىنىدا ئىشلەيدىكەن. ئۇ بەكمۇ ھاياجانلانغان بولۇپ،
يىغلىۋېتەيلا دەپ تۇراتتى.

— رۇر ئەپەندى ماڭا مۇنداق دېدى...

— كەچۈرىسىز، رۇر ئەپەندى دېگەن كىم؟

— مېنىڭ خوجايىنىم. ئۇ مېنى چوقۇم سىز بىلەن كۆرۈشكىن،
دېدى.

ئۇ ئىشخانىدىكى كەيپىياتقا كۆنۈكتى، روھىي ـ ھالىتى ئاددىي ـ

سادda، غاڭزا چىكىپ تۇرغان پاكار، دوغىلاق ساقچى باشلىقىمۇ كۆنۈكۈپ قالدى.

— ماڭا سۆزلەپ بېرىڭ...

— ئۇنىڭ فامىلىسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيمەن، قەسەم بېرەي!... پەقەت ئۇنىڭ ماشىنىسى، ئۇستى ئوچۇق، چىرايلىق يېشىل ماشىنىسىغىلا دىققەت قىلىپتىمەن...

— ھېلىقى ياشنى...ماڭا ھېلىقى ياشنى سۈرەتلەپ بېرىڭا...

قىز قىزىرىپ كەتتى. بۇ قىزنىڭ ئىسمى ئەيما بولۇپ، پارىژغا كەلگىنىگە بىر نەچچە ئايلا بوپتۇ. ئۇ ھەركۈنى سەھەردە گىلانگۇر كوچىسىدىكى ھەممە ئادەمگە دېگۇدەك سۈت ئاپىرىپ بېرىدىكەن، چۈشتىن كېيىن دۇكاندا ئىشلەيدىكەن.

— ئۇ يىگىتمۇ، ئەمەسمۇ بىلمەيمەن، بەلكىم ئۆيلەنگەندۇ...

ئومۇمەن، ئۇنىڭ ھېلىقى ئۇستى ئوچۇق، يېشىل ماشىنا ھەيدەيدىغان ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى ئېنىق ئىدى.

— ئۇ قاۋۇل، قوڭغۇر چاچلىق، چىرايلىق كىيىنىپ يۈرىدۇ، دائىم سۈس رەڭلىك باش كىيىمى كىيىۋالىدۇ...بىر قېتىم ئۇ مۇرىسىگە كىچىك دۇربۇنمۇ ئېسىۋاپتىكەن...

— ئۇ ماشىنىسىنى 67 ـ نومۇرلۇق بىنانىڭ نېرىسىدىراق توختىتامدۇ؟

— بۇنى قانداق بىلىسىز؟...ئۇ تەخمىنەن ھەپتىدە بىر قېتىم كېلىدۇ، ئىككى كېلىشى بەك ئاز...مەن ئۇنىڭ 67 ـ نومۇرلۇق بىنانىڭ 2 ـ ئىشىكىگە كىرىپ كەتكىنىنى كۆرگەن، ئاياللارنى كۆرگىلى كىرەمدىكىن دەپ پەرەز قىلىمەن...

— نېمىشقا؟

ــ چۇنكى ئۇنىڭ كيىنىشى ئايالـلار بىلەن كۆرۈشىدىغاندەك-دەك...نېمە دېسەم بولاركىن...ئۇنىڭدىن ئەتىر پۇراپ تۇرىدۇ...

ــ سىز ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ باققانمىدىڭىز؟

بىچارە ئەيما! كىشىلەر ئۇنىڭ سائەت تۆت يېرىم بولاي دېگەندە، ئۈستى ئوچۇق يېشىل ماشىنىنى قانداق كۆتۈشكە باشلىغانلىقىنى، ئاندىن قانداقتۇ بىر باھانە-سەۋەبلەر بىلەن سىرتقا چىقىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئادىمگە سۈركىلىپ ئۆتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايتتى.

ــ ئۇ تۈنۈگۈن كەلدىمۇ؟

قىز بېشىنى لىڭشىتتى ۋە يىغلىۋېتەيلا دەپ قالدى.

ــ سائەت نەچچىدە؟

ــ بىلمەيمەن، سائەت بەشلەردىمىكىن. ئۇ ئانچە ئۇزاق تۇرمىدى، ھېلقى خانىمنى چوقۇم ئۇ ئۆلتۈرمىدى...

غەلىتە ئىش! مىگىر ئۇنىڭدىن سەۋرچانلىق بىلەن سوراۋېتىپ، ئۇنىڭ پىكرىگە تامامەن قوشۇلدى. بۇ سېمىز قىز ئېيتىپ بەرگەن ئىشلار قىزنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىنمۇ كۆپ ئەھمىيەتلىك ئىدى. قىز تەسۋىرلىگەن ئۇ خىلدىكى ئەرلەرنىڭ بۇنداق ئىشقا ئارىلىششى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.

چىرايلىق كيىنىدۇ، ھەتتا ئەيما مۇشۇنداق دېدى. سۇس رەڭلىك كيىمى دائىم يېڭىدەكلا تۇراتتى، قولىغا ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك سالغانىدى. قىز ئۇنىڭ ئىككى ئالتۇن چىشىغىمۇ دىققەت قىلغانىدى.

ئات بەيگىسى مەيدانىنىڭ دائىمىي مېھمىنى مىگىر رەسىم-قائىدە ساقچى ئەترىتى بىلەن قىمارخانىلارغا مەسئۇل ساقچى ئەترىتىگە بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇشۇپ بېقىشى لازىم، قىسقىسى، گراف خانىمنىڭ

دائىمىي مېھمانلىرى ئىچىدە چىراي ـ شەكلى، بوي ـ تۇرقى ئۇنىڭـ
كىگە ئوخشايدىغانلىرى بارمۇ ـ يوق؟

— رەھمەت سىزگە، خېنىم. رۇر ئەپەندى سىزنى مەن بىلەن
كۆرۈشكىن دەپ توغرا قىپتۇ...

— ئۇ گۇناھسىز، شۇنداقمۇ؟...مەن ئىشەنمەيمەن، ئۇنىڭغا
ئوخشاش كىشلەرنىڭ...

ئۇنىڭ ئىقرار قىلمىغىنى — دۇرۇس، بۇنىڭ تەكشۈرۈشكە قىلچە
ئەھمىيتى يوق — بىرنەچچە ھەپتىدىن بۇيان، ئۈستى ئوچۇق يېشىل
ماشىنا گىلانگۇر كوچىسىغا كېلىپ توختىغاندا، ئۇنىڭ ماشىنا ئورۇن-
دۇقىغا بىردانە گۈل تاشلاپ قويغىنى ئىدى!

— سىز سائەت بەش بولغاندا باشقا ئادەمنىڭ 67 ـ نومۇرلۇق
بىنانىڭ 2 ـ ئىشىكىگە كىرگىنىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— بىر خانىم...

— قانداق خانىم؟

ئۇنىڭ تەسۋىرلەپ بەرگىنى «گۈزەل كەپتەر» مېھمانخانىسىنىڭ
ئايال خوجايىنىغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتەتتى، لېكىن ئەيما بۇ ئايالنىڭ
ئۈستى ئوچۇق يېشىل ماشىنىدىكى ئەر چىققاندىن كېيىن ياكى
چىقماستا كىرگەنلىكىنى ئېنىق دەپ بېرەلمىدى.

مىگىر سۆزلەۋېتىپ بىرنەچچە بۇيرۇقنى ئالدىراپلا يازدى: ئۈستى
ئوچۇق يېشىل ماشىنىنى ئىزدەش كېرەك؛ ھەرقايسى ئات بەيگىسى
مەيدانلىرىدىن قوڭغۇرچاچلىق ياشنى ئىزدەش كېرەك؛ ۋەھاكازالار.

— ھەي! ئوردا دوختۇرخانىسىمۇ؟...

ماسگۇۋىئان ئۆلمىگەندى. تېلېفوننى پروفېسسور ئۆزى ئالدى.
يارىلانغۇچى جېنى تۆمۈر ئادەممىكىن، ئامان قاپتۇ. ھەممە ئوگۇش-

www.uyghurkitap.com

لۇق بولغان ھالەتتىمۇ، بىر ھەپتە ئىچىدە سوراق قىلىشتى خىيال قىلماسلىق كېرەك.

ــ ھەي! بىرىت خېنىممۇ؟ ئاكىڭىز ئامان قالدىغان ئوخشايدۇ... ياق، ھازىرچە كۆرۈشەلىشىڭىز بولمايدۇ، ئەھۋالىنى سىزگە خەۋەر قىلىپ تۇرىمەن.

چەكسىز قۇملۇق، شامال ۋە دولقۇنسىز بىپايان دېڭىز...ھاۋا بەكمۇ ئىسسىق، مىگىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى...بۇ تەكشۈرۈش جەريانىدىكى ئەڭ جاپالىق، كىشىنى بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان پەيت...بەزىلەرنىڭ ئىزناسى ئەمدىلا ئايدىڭلىشىشقا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ ئاستا ـ ئاستا روشەنلىشىشكە باشلىدى...

بادىنول كوچىسىدىكى ھېلىقى بىچارە بوۋاي يەنە سولاپ قويۇلغانمىدۇ؟ خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك، جاۋابىمۇ كېلىپ قالدى.

پۇقراچە كىيىنگەن ساقچى دولاس تېلېفون بەرگەندى.

ــ بۇ سىزمۇ، باشلىق؟ مەن دەريا بويىدىكى بىر كىچىك قاۋاقخانىدىن سىزگە تېلېفون بېرىۋاتىمەن. بىز پايلاۋاتقان ھېلىقى بىرنېمە دەل سائەت توققۇزدا ئۆيىدىن چىقتى...نېمە؟ ھە! ماقۇل... چوقۇم، ئۇ ھېلىقى قىلىن پەلتوسىنى كىيىۋاپتۇ...ياق، ئۇ مېنى كۆرمىدى...ئۇ ھېچنېمىگە قارىماي،...خۇددى كېسەل كىشى سەيلە قىلىۋاتقاندەك ئالدىرىماي ئۇدۇل ئالدىغا ماڭدى...بەزىدە بىرەر ماگىزىننىڭ دېرىزىسى ئالدىغا كېلىپ قاراپ تۇردى...كوچىدىن ئۆتۈشتە، ماشىنىلارنىڭ بېسىۋېتىشىدىن قورققاندەك، ئىككىلىنىپ تۇردى...بىر قېتىمۇ كەينىگە قاراپ قويمىدى...ھازىر ئۇ بېلىق تۇتىدىغان بىر ئادەمنىڭ كەينىدە تۇرىدۇ،...مەن تېلېفون بېرىۋاتقان يەردە ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن...نېمە دەيسىز؟ ياق، ئۇ ھېچكىم

بىلەن گەپلەشمىدى... نېمە؟ ئاڭلىيالمايۋاتىمەن... گېزىت؟ ئۇ ھېچقانداق گېزىت سېتىۋالمىدى. ماقۇل... سىز خالىسىڭىزلا... بولىدۇ... مەن داۋاملىق كۆز - قۇلاق بولىمەن... تەلىيىم بار ئىكەن، بۇ يەردىن بىر بوتۇلكا ناھايىتى بەلەن ئۇفلىپي ھارىقى تاپتىم.

مىگىر كەسكىن ئەمما قوپاللىراق ھەرىكەت بىلەن يانىدىكى تار پەلەمپەي ئارقىلىق سوت مەھكىمىسى بىناسىنىڭ يۇقىرى قەۋىتى ئاستىدىكى تەجرىبىخانىغا كەلدى. مۇتەخەسسىس بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئېگىشىپ ئۇنىڭ ئىشلىشىگە قارىدى.

— قانداق، باللار؟

ئەھمىيەتلىكرەك بىرنېمە سېزىلمىدى. سىياھ سۈمۈرگۈچ قەغەزدىكى خەت ئەرلەرنىڭ بولۇشىمۇ، ئاياللارنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن، بارماق ئىزلىرى قالمىغان. تاختا ئۈستىدە بىرقانچە خىل بارماق ئىزى سېزىلدى. ئۇلار كەسپىي جىنايەتچىلەرنىڭ دېلولىرىنى ئاختۇرۇپ بېقىۋىدى، نەتىجە بولمىدى.

دوختۇر پائول كۆرەڭلەپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇنداقلا ئامانلىشىپ قويدى.

— ھەي! مىگىر ئاغىنە... سىزنىڭ دېيىشىڭىزچە، ئىككى قېتىم پىچاق سالغان بۇ يىگىتنىڭ... بىرىنچى پىچىقى يۈرەكتىن بىرنەچچە مىللىمېتىر نېرىغا، يەنە بىرسى دەل يۈرەكنىڭ سول دالانچىسىغا سېلىنىپتۇ... مەن سىزنى بىر ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتەي، قاتىلنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەن چاغدا تۇرغان ئورنىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭغا ئېتىلىپ چىققان قان چاچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

ۋاھالەنكى، ئوكتاۋ لىكلاۋاگىننى ئاشخانىدىن تاپقان چاغدا، كىيىمىدە قان يوق ئىدى، شۇنداقلا كىيىمى يۇيۇلمىغانىدى.

www.uyghurkitap.com

ژان ۋېيىر بىرنەچچە سائەت ئۇخلىۋېلىپ، زەرگەرلەر پىرىستانىغا قايتىپ كەلدى.

— بۇ سۈرەتنى (ماسكوۋىتانىنىڭ سۈرىتى ئىدى) ئېلىپ، گىلانگۇر كوچىسىدىكى ھەممە يەلەنگە كۆرسىتىپ باقىڭ. ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ باقايلى، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق بىر پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيلى.

— ئېيتىڭا دوختۇر، بىر ئايالنىڭ مۇنداق ئىككى پىچاق سالالىشى مۇمكىنمۇ؟

— بەكمۇ قاۋۇل بولسا، مۇمكىن... بىلەمسىز، بەزىدە ئاياللارنىڭ نېرۋىسى تۇتۇپ قالسا، ئەرلەردىنمۇ كۈچلۈكرەك بولۇپ كېتىدۇ... لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن مەسىلىنى ئاددىيلاشتۇرغىلى بولمايدۇ!

لۇگا ئىبرام كوچىسىغا گراف خانىمنى زىيارەت قىلغىلى كەلدى. ئۇ ئۇخلاۋاتقانلىقى ئۈچۈن خېلى ئۇزاق ساقلاپ قالدى. گراف خانىم ئاقسۆڭەك خېنىملارنىڭ سالاپىتى بىلەن تاق سايلىق كۆزەينەكنى تۇتۇپ تۇرۇپ، لۇگانى باشتىن ئاخىر "ساقچى ئەپەندى" دەپ ئاتىدى.

ماسكوۋىتان ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ئازراق قەرزداركەن. 800 فرانك؟ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە ھەممەيلەن بۇنچىلىك ئاز بىر نېمىگە ئانچىلا ۋاي دەپ كەتمەيدۇ... ياقەي! ئۇ زادىلا قەرزنى سۈيلەپ باقمىغان... بۇ بىچارىنى!... كىچىككىنە بىر خىزمەتچى بايلارلا كېلىپ تۇرىدىغان بۇ يەرگە كىرىپ يېڭىلىشقان، بۇ يەردە ھەربىيدىن بوشانغان شاۋشياۋلار، شاكىلات ساھەسىدىكى تەسىر كۈچى چوڭ خېنىملار، كەسپىي بانكىلارنىڭ ۋەكالەتچىلىرى... بار ئىدى... چوڭ ئىككى ئېغىز مېھمانخانىغا جاھازلار قويۇلۇپ، بەكمۇ كۆركەم

سەرەسجانلانغان، ئۇنىڭ بىرىدە هاراق ئىشكاپىمۇ بار بولۇپ، كىچىكىپ ماڭغان قىمارۋازلارغا سەندۇش① بېرىپ تۇرىدىغان ئادەممۇ بار...

— ئۇنىڭدىن بىر ئادەمنى تونۇيدىغان - تونۇمايدىغانلىقىنى سوراپ بېقىڭا...، — دېدى مىگىر تېلېفوندا.

مىگىر ئۇستى ئوچۇق يېشىل ماشىنىدىكى ئادەمنى سۈرەتلەپ بەردى. گراف خانىم ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ھېچكىمنى تونۇمايدىكەن.

— ھەي، لۇگا! شەھەر سىرتىغا بېرىپ ئۇقۇشۇپ بېقىڭ، ئۇستى ئوچۇق ماشىنىنى كۆرگەنلەر چىقىپ قالار، ماگىزىندىكى پىركازچىكلار، ئىنىكئانىلار باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ماشىنىغا دىققەت قىلىشقا ئامراق.

پارىژنىڭ ھەممىلا يېرى چەت ئەللىكلەر ئولتۇرغان ئاپتوبۇسلار بىلەن تولغان، يول باشلىغۇچى مىكرافون بىلەن ۋارقىراپ سۆزلە-مەكتە. سالقىن - سايە يەرلەر 35 گرادۇس، سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىدە ئادەم كۆپ بولغاچقا، كىرىشكىمۇ ئامال يوق.

— بىرسىگە دەپ يېرىم لىتر... ياق بىر لىتر پىۋا ئالغۇزۇپ بېرىڭا! — دېدى مىگىر جىنايى ئىشلار ساقچى مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتكارىغا.

چۈشتە لۇگا قايتىپ كەلدى.

— ئۇستى ئوچۇق يېشىل ماشىنىغا ئائىت ھېچقانداق خەۋەر يوق،... لازىم بولۇپ قالار، دەپ، قىمارخانىنىڭ دائىمىي مېھمان-لىرىنىڭ ئىسمىنى كۆچۈرۈۋالدىم... چۈنكى بۇ قىمارخانا رەسمىيەت

---

① ئارىسىغا گۆش، تۇخۇم ۋە باشقا نەرسىلەر ئېلىنغان بولكا.

www.uyghurkitap.com

بويىچە تېزىملاشقا ئىلتىماس قىلغان... ئۇنىڭدىن باشقا، كۆلكىلىك ئىشلار يوق!... مېھمانخانىسى بەكمۇ ھەشەمەتلىك، لېكىن كۈندىلىك ھېساباتىقا قارىغاندا، بەكمۇ جىق ئۇتتۇۋالمايدىكەن. بەزىلەر بىرتېيىن، بىرتېيىندىن تىكىدىكەن، بىرنەچچىسى ناگان ـ ناگاندا بەش تېيىن تىكىپ قويىدىكەن، ھەممىسى ئامىدىن ئايرىلىپ قالغان، بارار يېرىنىڭ تايىنى يوق، دوست ـ بۇرادىرى يوقلار ياكى ئاياللىرى بىلەن ئەپ ئەمەسلەر بولۇپ، بۇلار ئايالى بىلەن بىر يەردە بولماسلىق ئۈچۈنلا بۇ يەرگە كېلىپ بىر كېچىنى ئۆتكۈزىدىغانلار ئىكەن... ئۇلار گراف خانىمنىڭ گېپىگە كىرىدىكەن... ھەممىسى ئۆزىنى ئۇستۇن تەبىقىدىكىلەردەك تۇتىسىمۇ، 30 نەچچە فرانك ئالدىن بېرىلىدىغان پۇلنى تۆلىگىچە ئاھ ئۇرۇپ، ھەسرەت چېكىپ، بەكمۇ بىچارىلىشىپ كېتىدىكەن.

ـــ لىكلاۋاگىن بۇ كۇلۇبقا زادى كېلىپ باقمىغانمۇ؟

ـــ ئۇنىڭ خانىمى؟...قىزىچۇ؟...

ـــ مەن شۇنداق ئويلىدىمكى... ئۇلارنى ھېچكىم تونۇمايدىكەن...

ـــ رونا خېنىمچۇ؟

ـــ مەنمۇ شۇنى ئويلىۋىدىم... مەن ئۇنىڭ سۈرىتىنى گراف خانىمغا كۆرسىتىۋىدىم، مېنىڭچە، ئۇ ئەجەبلەنگەندەك بولۇپ قالدى... سۈرەتكە خېلى قارىدى، خېلى ئۇزاق قارىدى دېيىشكە بولىدۇ، ئاندىن بەكمۇ تەبىئىي تەلەپپۇز بىلەن: بۇ كىم؟ دەپ سورىدى.

دوفنا پىۋا دۇكىنىنىڭ كۆتكۈچىسى يېرىم لىترلىق ئىككى قاچا پىۋىنى ئېلىپ ئۇستىلىگە قويدى، ئۇ جىنايى ئىشلار ساقچى مەھكىمىسىنىڭ ئىشخانىسىنى ئۆز دۇكىنىدىكى ئۇستەللەرنى پىششىق بىلگەندەك

ئوبدان بىلەتتى. مەگەر يېرىم لېتىر پىۋىنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى ۋە ئىككىنچى قاچىنى قولىغا ئالدى. ئۇ لۇگانىڭ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ.

— كەچۈرگىن بۇرادەر، — دېدى بوشقىنا.

ئۇ بەكمۇ ئۇسساپ كەتكەنىدى. لۇگاغا خوپ بولىدى، ئۇ يولدا سوغۇق ئىچىملىك ئىچىۋالغانىدى!

— مېنىڭچە...

سائەت 12 گە داڭ ئۇردى. يۈز مىڭلىغان پارىژلىق ھەپتىدە ئىككى كۈنلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ دېڭىز بويلىرى ياكى يېزىلارغا باراتتى.

— ھەي! باش ئاپپاراتمۇ؟ ئايالىمنى چاقىرىپ بەرسىڭىز...

يېرىم لېتىرلىقنىڭ يەنە بىرسىمۇ تۈگەپ قالاي دېدى. ئىش ئۈستىلىدىكى ئىككى غاگزا تېخىچە ئىسسىق ئىدى.

— بۇ سەنمۇ خوتۇن؟ قانداقراق؟... ياق، مەن چۈشلۈك تاماققا بارالمايمەن دېمەكچى ئەمەسمەن، ئەكسىچە، بىر سائەتتىن كېيىن ئۆيگە بارىمەن. بۇنىڭدىن ئاۋۋال، سېرىق چامدانىنى، سېرىقىنى راسلاپ قويغىن، ھەئە... سۇ بويىغا بېرىپ شەنبىنى ئۆتكۈزۈپ كېلىمىز... نېمە؟ مورسانغا بارىمىز... ھەئە شۇنداق... بىردەمدىن كېيىن كۆرۈشەيلى، خوش.

— مەن نېمىش قىلىمەن، مەن؟ — دەپ سورىدى لۇگا ئۆزىنىڭ يېزىغا بېرىپ يەكشەنبىنى ئۆتكۈزۈپ كېلەلمەسلىكىنى ئاللىقاچان بىلىپ.

مەگەر قولىغا قېرىنداشنى ئېلىپ، ھەر بىرەيلەنگە خىزمەت تەقسىم قىلدى. گلانگۇر كوچىسى... ئۈستى ئوچۇق يېشىل ماشىنا...

بارلىق سىردىگەرلەر ۋە قاۋاقخانا خوجايىنلىرىدىن سۈرۈشتۈرۈش لازىم... بادىنول كوچىسى... يەنىلا نەتىجىسى بولمىسا، ئازا بىر ئىش بولىدۇ، بىراق لىكلاۋاگىندىن بىر قەدەممۇ نېرى بولماسلىق... نېمىشقا فور مەيدانىنى نازارەت ئاستىغا ئالمايمىز؟ توغرا، فونتان ئەتراپىغا ئادەم ئەۋەتىش كېرەك، مۇبادا بىرەرسى بىچارە ماسگۇۋىدىنىڭ تۇرالغۇسىغا بارماقچى بولسىچۇ؟

ھېچنېمە ئۇنتۇلۇپ قالمىغاندۇ؟ باش ئاپپاراتقا بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى. گراف خانىم ۋە لىكلاۋاگىننىڭ بارلىق تېلېفون نومۇرلىرى خاتىرىلىۋېلىندى. نېمە ۋەقەلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ!

ئالتۇن چىشلىق ئەركىشىگە كەلسەك، ئۇنىڭغا قارايدىغان قىمارخانىلارغا مەسئۇل ساقچىلار ئەترىتى بىلەن رەسىم-قائىدە ساقچىلار ئەترىتى بار، ئەتە ئات بەيگىسى مەيدانىدا...

— دۈشەنبە كۈنى كۆرۈشەيلى، بۇرادەر.

— ئوبدان ئويناپ كېلىڭ، باشلىق.

مېگرە باش كىيىمنى كىيىپ بولغاندىن كېيىن، بىر ئىشنى يادىغا ئالدى.

— قاراڭ، ھېلىقى بىرىت خېنىممۇ بار،... بۇ نادانلىق بولۇپ قالارمۇ... مەيلىلا... دۈشەنبە كۈنى ئۇنىڭ نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى بىلىشىم كېرەك.

— چىرايلىقمىكەن، باشلىق؟

— قىزىل گۈلدەك دېگىنە، خۇلقىچۇ تېخى...

مېگرە ھەممەيلەن بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ، ئاخىرى جىنايى ئىشلار ساقچى مەھكىمىسىنىڭ چاڭ-توزان بېسىپ كەتكەن پەلەمپەيدىن پەسكە چۈشتى.

## 4. بىلايدىز ئەپەندىنىڭ ئىككى تال چارچورتان بېلىقى

شۇنداق كۈنلەر بولىدۇكى، بۇ كۈنلەردە نېمىشقىدۇر بىر پەسىل، ھاياتنىڭ مەلۇم بىر قىسمى ياكى ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك ھېس-تۇيغۇلار يىغىنچاقلانغان بولىدۇ. مورسانىدا ئۆتكۈزگەن شەنبە كەچلىكى ۋە يەكشەنبە كۈنى مىگىرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئادەمنى بىر خىل ساپ، ھەقىقىي خۇشاللىقتىن بەھرىلەندۈرىدىغان، ياز كۈنلىرى دەريا بويىدا ئۆتكۈزگەن ئارامبەخش ھاياتنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى ئىدى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، دەرەخلەرنىڭ ئاستىدا چىراقلار يېقىلدى؛ يوپۇرماقلار بەئەينى كونا زاماندىكى گىلەملەردىكىدەك چىرايلىق قېنىق يېشىل رەڭلىك بولۇپ قالدى؛ سېنا دەرياسى مەۋج ئۇرۇپ دولقۇنلايتتى، سۇ يۈزىنى بىر قەۋەت ئاق تۇمان قاپلىغانىدى. قىرغاقتىكى ئۇستەللەردىن ھېلىدىن-ھېلىغا قاقاقلاپ كۈلگەن كۈلكىلەر، ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ شېرىن پىچىرلىشىشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى...

مىگىر ئايالى بىلەن يېتىپ قالدى. بىرەيلەن پىشايۋانغا فاتىفون ئەكىلىپ قويدى، بەك كەچ بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار يېقىملىق، لەرزان مۇزىكىنى ئاڭلاپ ياتتى، تانسا ئويناۋاتقانلارنىڭ تاشلىق يەرگە دەسسىگەندىكى ئاياغ تاۋۇشلىرىمۇ قۇلىقىغا كىرىپ تۇردى.

ساقچى باشلىقى بۇ كېچە راستىنلا ئۇخلىيالىدىمۇ؟ «گۈزەل كەپتەر» مېھمانخانىسىنىڭ ئۆيلىرى كېچىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر

www.uyghurkitap.com

بىنانىڭ ئىچىدە بولۇپ، تۆمۈر پەلەمپەي ئۆي ئىچىدە ئىدى، ئىككىنچى قەۋەتنىڭ بالكونلىرى تۇتىشىپ كەتكەنىدى. ئۆيلەر، كىمىنىڭ بۆلمىلىرىدەك كىچىك بولۇپ، تاملىرى ئاقارتىلغان، بىر تۆمۈر كارىۋات، بىر گىرىم ئۈستىلى بار ئىدى، ئاق قىپىندىن ياسالغان كىيىم ئىشكاپىغا گۈللۈك پەردە تارتىپ قويۇلغانىدى،... بۇگۈن كېچە ھەممە ئىشىك-دېرىزىلەر ئاۋغۇستىنىڭ كەچلىك ئاسمىنىغا قارىتىپ ئېچىۋېتىلگەنىدى...

— كەڭرى ياتالىدىڭىزمۇ؟ — دەپ ئاستا سورىدى مىگىر خانىم تامغا چاپلاشقان پېتى.

نەدىكىنى! بۇ كارىۋات ئىككى كىشىگە بەكمۇ كىچىكلىك قىلاتتى. مىگىرنىڭ كۆزى ئەمدىلا ئىلىنىشىغا، بىر ئاۋاز ئۇنىڭغا دەخلى قىلدى: سائەت ئۈچ بولاي دېگەندە، ئاۋۋال پالاق ئۇرغان ئاۋاز، ئاندىن ئاستى تەكشى كېمىنى يەشكەن ئاۋاز ئاڭلاندى؛ ئۇ مېھماندانىنىڭ قارا خىزمەتچىسى ئىسدورنىڭ بېلىق سالىدىغان سېۋەتىنى ئالغانلىقىنى بىلىپ ياتتى.

بىردەمدىن كېيىن، بىر كىچىك بالا يىغلىدى. بۇ يەردە ياتقانلارنىڭ كۆپچىلىكى ياش ئەر-خوتۇنلار ئىدى، يەنە ئىككى چىش دوختۇرى، ستراخۇانىيە شىركىتىنىڭ بىر تەكشۈرگۈچىسى، ئالىي سۈپەتلىك كىيىم-كېچەكلەر ماگىزىنىنىڭ بىرقانچە ئايال پىركازچىكى بار بولۇپ، ھەممەيلەن بىر-بىرىدىن تارتىنىپ كەتمەيتتى. خۇشال يۈرەتتى.

— سىز قەيەردە، مىگىر؟

مىگىر خانىم ئېرىنىڭ ئاسمىلىق شىمنى كىيىپ، رىشاتكىغا يۆلىنىپ، پۈرقىرىتىپ غاڭزا چېكىۋاتقانلىقىنى خىرە-شىرە كۆرەلىدى.

— ئەتە چۈشتە ئوبدانراق ئۇخلىۋالارسىز!...

ئۇنىڭ كاللىسىدا پارچە - پۇرات پىكىرلەر غىل - پال ئەكس ئەتتى: رونا خېنىم دائىم «گۈزەل كەپتەر» مېھمانخانىسىغا كېلىدىكەن... تانىسا ئوينايدىكەن،... بۇ يەردىكىلەر ئۇنىڭ كەسپىنى بىلمەيدىكەن؛ ئۇ يەنە چىش دوختۇرى رىيالىنىڭ خانىمى بىلەن قېيىقتا بىللە ئوينايدىكەن...

سېنا دەرياسىنىڭ نېرىقى قىرغىقىدا بىر پويىز ئۆتۈپ كەتتى، بىر كېمە ئاستىلا قايتىپ كەلدى، ئۇچىسىغا ئوۋمى كىيىمى كىيگەن، پۇتىغا تېرە يۆگىۋالغان، بۇرۇتلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ئىسدورنىڭ ئېگىز قامىتى كۆرۈندى... ئۇ ئاشخانىغا كىرىپ چىراغنى ياندۇردى ھەمدە كېمىگە لىق توشقۇزۇلغان بېلىقلارنى ئاشخانىغا توشىدى.

بارا - بارا ھەممەيلەن ئويغاندى. بېلىق تۇتىدىغان بىرى بىرىنچى قەۋەتتىكى ئۆيدىن چىقىپ، غاڭزىسىغا تاماكا سېلىپ، بېلىق تۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلارنى ئېلىش ئۈچۈن ئىسكىلاتقا كىرىپ كەتتى...

يەنە بىرەيلەن چىقتى، ئۇلار قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى... ئىسدور كېمىدىكى ساندۇقتىن ناھايىتى ئۇزۇن بىر خالتىنى ئېلىپ، يېڭىدىن مايسارەڭ سىردا سىرلانغان كېمىگە چىقتى - دە، خالتىنى بۇ كېمىدىكى ساندۇققا سېلىپ قويدى.

بۇ ئادەتتىكە ئايلانغان ھەرىكەتتەك قىلاتتى، ھەر ھەپتىنىڭ يەكشەنبە كۈنى ھاۋا ياخشى بولسىلا، ئوخشاشلا بېلىق تۇتىدىغانلار، ئوخشاشلا ئەر - ئاياللار بۇ يەردە بولاتتى، ئەتىگەندىلا چىقىپ كېتىدىغانلار بولاتتى.

ئىسدور ئەمدى كېمىدىكى شەبنەملەرنى سۈرتىۋېتىپ، قارماق ۋە

يىپلارنى ئۈزدەپ تاپتى، ئاندىن ئۇلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن يىغىشتۇردى؛ ئاشخانىدىن مەزىلىك قەھۋە پۇرىقى چىقتى. چېچىنمۇ تارىماي، پەرتۇقىنىڭ ئۇچىگە كۆڭۈلكىنىمۇ كىيمەي، بىر ئايال خىزمەتچى ئاشخانىغا بۇرۇنلا كىرگەنىدى.

ھە! بىلايدىز ئەپەندى مىگىر ياتقان ئۆينىڭ يېنىدىكى ئۆيدە يېتىپتۇ-دە. ئۇ ئۆيدىن چىقىپ، ئادەملەر بىلەن ئاستىلا ئامانلىشىپ، تۆمۈر پەلەمپەيدىن چۈشتى. لۇئا خانىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بۇ مېھمانخانىنىڭ ئەڭ سادىق خېرىدارلىرىدىن بىرى ئىكەن. ئۇ ناھايىتى تەمكىن ۋە مۇلايىم بولۇپ، كىيىم-كېچەكگە بەكمۇ ئېتىبار بېرىدىكەن.

ئاشخانىدا ئۇنىڭغا يېرىم توخۇ، يېرىم بوتۇلكا براندى ھارىقى، پىشلاق، مېۋە-چېۋە ۋە بىر بوتۇلكا مىنېرال بۇلاق سۈيى بىر سېۋەتكە سېلىپ تەييارلاپ قويۇلغانىدى. ئىسدور ئۇنى كېمىگە چىقىرىپ قويدى، كېمىگە پالاقنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ماتور ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنى ئارغامچا بىلەن تارتقاندا ھەرىكەتلەندۈرگىلى بولاتتى.

تاڭ خېلىلا يورۇپ قالدى. نېرىقى مەھەللىدىن بولسا كېرەك، بېلىق تۇتىدىغانلار تۈيدۈرمايلا كېلىپ، دەريا بويلاپ دەرەخلەر ئارىسىغا جايلاشتى. ماتور ھەرىكەتكە كەلدى، بىلايدىز ئەپەندى تاماكىسىنى چېكىپ، كېمىنىڭ كەينى تەرىپىدە ئولتۇرۇپ، دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى، ئۇ چارچورتان بېلىقى تۇتىدىغان قارماقنى كېمىنىڭ كەينى تەرىپىگە تاشلاپ ماڭدى.

— ئوبدان ئۇخلاپسىزمۇ؟

— سىزچۇ؟...

هايات رېتمى تېزلىشىشكە باشلىدى. بەزىلەر ئۇخلاش كىيىمى ياكى خالاتلىرى بىلەن مېڭىپ يۈرۈشەتتى، كىيىملىرىنى تولۇق كىيگەن ئىككى ئايال خىزمەتچى ئەتىگەنلىك تاماق سېلىنغان پەتنۇس-لارنى كۆتۈرۈپ مېھمانلارنىڭ ھۇجرىلىرىغا كىرىشتى.

— سىز بۇ يەردىكەنسىزغۇ، مىگىر؟ نېمە قىلىۋاتىسىز؟

ھېچنېمە... رونا خېنىم... ئاجايىپ ئىش-ھە، قاتىللىق يۈز بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا لۇئا خانىم ئۇنىڭغا بېلىق ئاپىرىپ بېرىپتۇ... ئاچقۇچى يوق ئاشخانىدىن لىكلاۋاتقىنى تېپىلدى، لېكىن ئۇ ھېچنېمىنى بىلمەيمەن دەيدۇ، بۇ تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەسمۇ؟

باللار دەرەخ تېگىدىكى ئۇستەللەردە غىزالاندى. يېڭىلىك كىيىنگەن جۇپ-جۇپ ئادەملەر سىرلانغان قېيىقلارنى ئىتتىرىپ يۈرۈشىدۇ، يوغان كۆزەيىنەك تاقىۋالغان بىر ياش قارا سىرلانغان كېمىنىڭ يەلكىنىنى ئېچىۋەتتى.

— سىز بېلىق تۇتامسىز؟

ياق! مىگىر ھېچنېمە قىلمايدۇ. سائەت توققۇزدىن ئاشتى. ئۇ ساقلىنى ئېلىپ، يۇيۇنماقچى بولدى. كومباسا يەپ، بىر رۇمكا ئاق هاراق ئىچتى. سېنا دەرياسىغا قارىدى، دەريانى قېيىق، مۇسابىقە كېمىسى ۋە كىچىك يەلكەنلىك كېمىلەر قاپلاپ كېتىپتۇ، قىرغاقتا ھەر 50 مېتىرچە ئارىلىقتا بىردىن ئادەم مىدىر-سىدىر قىلماي بېلىق تۇتۇپ ئولتۇراتتى.

ۋاقىت دەريا سۈيىدەك ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. چۈشلۈك تاماقنىڭ قاچا-قۇمۇچلىرى جايى-جايىغا قويۇلدى. پارىژدىن كەلگەن بىرقانچە پىكاپ مېھمانخانىنىڭ سىرتىدا توختاشقا مەجبۇر بولدى. مىگىر خانىم بىكار تۇرمايدىغان ئايال ئىدى، ئۇ كەشتىسىنى ئالغاچ

كەپتۇ، يېڭىدىلا كىرىسلو تۇرسىمۇ، يېزا بولغاچقا، ئۇ ئادەت بويىچە چىمدىلا ئولتۇردى.

قېيىقلار بىر-بىردىن قايتىپ كېلىشكە باشلىدى، بېلىق تۇتقىلى كەتكەنلەرنىڭ بەزىلىرىمۇ قايتىپ كېلىشتى. بىلايدىز ئەپەندىگە ئوخشاش ھەۋەسكارلار چۈشلۈك تاماقنى ئېلىپ كەتكەنىدى.

بىلايدىز ئەپەندى دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا قاراپ مېڭىپ، ئۇزاپ كەتكەنىدى، بەلكىم سېنا پورتىغا باراي دەپ قالغاندۇ، چۈنكى چۈشتىن ئاۋۋال ھېچكىم ئۇنىڭ كېمىسىنى كۆرمەپتۇ. دەريانىڭ ئەگىمىسىدىن باشلاپ، قارشى قىرغاقتا كەڭ زېمىننى قومۇش قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى ئىسسىق بەلۋاغدىكى ئورمانلاردەك كىشىگە ئۆزگىچە سېزىلەتتى، قېيىقتا چۈشكەن ئاشىق-مەشۇقلار ئۇ يەرگە بېرىشقا بەكمۇ خۇشتار بولسا كېرەك.

ئىسدور ھاراقنى تىندۇرۇش، گوربىيىغا ماشىنا بىلەن بېرىپ گۆش ئەكىلىش، سۇ كىرىپ كېتىدىغان كېمىلەرنى ئوڭلاش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلاتتى.

سائەت ئۈچ. مېگرې خانىم ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قالغان يولدىشىغا ھېلىدىن-ھېلىغا ھىمايىچىلەردەك قاراپ-قاراپ قوياتتى ۋە ئەتراپتىكىلەرگە تىنچراق بولۇڭلارچۇ دەپ قوياتتى.

مېگرې ئۇخلاپ كەتمىگەنىدى، چۈنكى تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشىنى ئاڭلىدى. ئۇ سائىتىگە قاراپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۇجرىغا قايتتى. شۇ پەيتتە، ئايال خىزمەتچى بوسۇغىدىلا تۇرۇپ:

— بىرىكىم مېگرې ئەپەندىنى چاقىرىۋاتىدۇ... — دەپ ۋارقىرىدى.

لۇگا ئىكەن. ساقچى باشلىقى ئۇنىڭغا بادىنول كوچىسىدىكى ئۆيىنى نازارەت قىلىشنى ھەمدە سائەت ئۈچلەردە تېلېفون بېرىشنى

تاپشۇرغانىدى.

— ھەي، باشلىقمۇ؟...

ئاپلا! دۇيجاڭنىڭ ئاۋازى بىچارىلەرچە چىقىۋاتىدىغۇ.

— مەن بىر پىيشكەللىككە دۇچ كەلدىم، بىراق مەن ئالدىن تەدبىر قوللاندىم... ئەتىگەندىن بېرى بىر دېرىزە پەردىسىنىڭ مىدىرلاپلا تۇرغانلىقىنى بايقىدىم. لېكىن مېنى ھېچكىم تونۇمىدى، مەن سەرگەردانىدەك ياسىنىۋالغانىدىم...

— ھاماقەت!

— نېمە؟ نېمە دېدىڭىز؟...

جىنايى ئىشلار ساقچى مەھكىمىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مىگىرنىڭ باشقىچە ياسىنىۋېلىشنى بەك يامان كۆرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. بىراق لوگانى ئۇنىڭدىن يالتايتقۇدەك نېمە ئامال بار دەيسىز؟ ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ زور شادلىق ئويۇن كۆرسىتىش ئىدى.

— قىسقىسى، باشلىق، سائەت 11 بولاي دېگەندە...

— كىم چىقتى؟

— ھېلىقى خانىم... ئۇ ئەتراپقا قاراپمۇ قويماستىن...كىرىپ مەيدانى تەرەپكە قاراپ ماڭدى، يەر ئاستى تۆمۈريولىغا كىرىپ پويىزغا ئولتۇردى... مەنمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن پويىزغا ئولتۇردۇم، قەسەم ئىچىمەنكى...

— ئۇ سېنىڭ كۆزۈڭدىن قايەردە غايىب بولدى؟

— قانداق بىلىۋالدىڭىز؟ ئۇ سانت ياڭ بېكىتىدە چۈشۈپ قالدى،... قاراڭ،... كوچىدا بىرمۇ ئادەم يوق... يەر ئاستى تۆمۈريولىنىڭ چىقىش ئېغىزىنىڭ قارشىسىدا بىر تاكسى بار ئىكەن، پەقەت بىرلا... ئۇ بەكمۇ تەبىئىي ھالدا ماشىنىغا چىقتى ۋە

www.uyghurkitap.com

يىراقلاپ كەتتى... مەن ئۇن مىنۇتچە تاكسى ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم...

— جىن تەگكۇر!

— ماشىنىنىڭ نومۇرىنى يېزىۋالغانىدىم... ھەي! باشلىق، بۇ يالغان نومۇر ئىكەن، ماشىنىلارنى تىزىملاش دەپتىرىدە بۇ نومۇر يوق تۇرىدۇ. مەن كىيىمىنى يەڭگۇشلەپ يەنە بادىنول كوچىسىغا باردىم...

— لۇگا بولۇپ ياسانغانسەن؟

— شۇنداق، ئىشىك باقار لىكلاۋاگىن خانىم قايىتىپ كەلمىدى، سىرتقا چىقمىغىنىغا قارىغاندا، بوۋاي ھۇجرىسىدا سولاقلىق بولسا كېرەك. خېنىممۇ چىقمىدى، دېدى...

پارىژ خەلقى شەھەردىن سىرتقا چىقىپ كەتكەچكە، چوڭ ـ كىچىك كوچىلار كېڭىيىپ، ئازادىلىشىپ قالغاندەك ئىدى... شەھەر مەركىزىدىن ئەڭ يىراقتىكى سانت ياڭ كوچىسىغا بارغاندا...

مىگىر كەسكىنلىشىپ:

— بولدى...، — دېدى.

— مەن نېمە قىلىمەن؟

— كۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ماڭا تېلېفون بەرگىن. ھە راست، ئۇنىڭ توفلىيىغا ئوبدانراق دىققەت قىلغىن، ئايىغىغا چاڭ ـ توزان قونغان ـ قونمىغانلىقىنى بەكمۇ بىلگۇم كېلىدۇ.

— ئۇقتۇم، باشلىق.

چاتاق .لۇگا زادى ئۇقمىغانىدى. مىگىرنىڭ كاللىسىدا غىل ـ پاللا پەيدا بولغان ئوي ـ پىكىر تېخى ناھايىتى تۇتۇق ئىدى.

ئۇ "كېمە بۆلمىسى"دەك ئۆيىدىن چىقىپ، مېھمانخانىنى ئايلاندى. لۇئا خانىم دەسلەپ ئۇنىڭغا قاراپ كۇلۇپ قويىدى، ئۇمۇ خانىمغا

قاراپ كۆلدى، ئەمما بۇ ئاچچىق كۈلكە ئىدى.

— مەن بۇ بىچارە ئايالنى ئويلىغىنىمدا، ساقچى باشلىقى ئەپەندى...

— ئۇ سىزنىڭ مەلۇم خىرىدارىڭىز بىلەن ئالاھىدە يېقىنمىدى؟

— ياق، مەن سېزەلمىدىم. ئۇ ئۆزىنى كۆرستىشنى خالمايتتى... قاراڭ، مانا بۇ ئۇنىڭ ئۇستىلى،... بۇ يەرنى ھەربىر كۆرگىنىمدە، كۆز يېشىمنى توختىتالمايمەن... ئۇ باللارنى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا دائىم چىش دوختۇرى زىيالىنىڭ ئايالى بىلەن بىللە بولاتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ مونىك ۋە ژان كرۇد دېگەن ئىككى بالىسى بار ئىدى...

مىگىر چىرايىدا قىلچىمۇ يەكشەنبە كۈنى ھاۋا ئوبىدان بولغان چاغلاردا بولىدىغان ئاراملىق يوق ھالدا دەرۋازا ئالدىغا كەلدى. بىر ئەھۋال يەنى سانت ياڭ يەر ئاستى تۆمۈريولى بېكىتىدىكى بىردىنبىر تاكسى ئۇنى غەمگە سالماقتا ئىدى. چۈنكى، بۇ بەك ئاسان ئىدى! لۇگانى كولدۇرلىتىۋاتقان كىشى كىچىك بالا ئەمەس، يېڭىياچىلاردىنمۇ ئەمەس!

ئاۋاق، ئاچچىقى يامان لىكلاۋاگىن خانىم راستىنلا مەڭگۈ غايىب بولدىمۇ؟ ساقچى باشلىقى ئۇنداق بولماسلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. ئەمىسە، پايلاقچىدىن قۇتۇلۇپ، بىرنەچچە سائەت ھەرىكەت قىلىش ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن زۆرۈر بولۇپ قالدى؟ بىركىم بىلەن ئۇچراشماقچىمۇ؟ ماتېرىيالنى بىخەتەر يەرگە يۆتكىمەكچىمۇ؟ ياكى...

ھە! ساقچى باشلىقى يىراقتىن كەلگەن دۇ ـ دۇ ـ دۇت قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىدى. بۇ بىلايدىز ئەپەندىنىڭ كېمىسىنىڭ ماتورىدىن چىقىۋاتقان ئاۋاز ئىدى.

بىردەمدىلا، غۇۋا قۇياش نۇرى ئىچىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان

كېمە بېشى ۋە كېمىدە تەمكىن تۇرغان بېلىق تۇتقۇچى كۆرۈندى، ئۇ پىرىستانغا يېقىنلاپ كېلىشتىن ئاۋۋال كېمىنى شۇنداق چىرايلىق بىر ئايلاندۇردى ـ دە، ئاندىن ماتورنى ئۆچۈردى.

ھەرقانداق بىر بېلىق تۇتقۇچى كەلگەن ۋاقىتتىكىدەك، سەيلە قىلىپ يۈرگەنلەردىن ئىككى ـ ئۈچى ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. ئىسدورمۇ دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.

ــ بلايدىز ئەپەندى، خېلى جىق بېلىق تۇتقانسىز؟

بلايدىز خۇش ياقمىغاندەك قىلىپ، ھەر قېتىمقىدەك:

ــ ئىككى تال چارچورتان بېلىق، ئازمۇ ئەمەس... ــ دەپ قويدى.

ئۇ ساندۇقنى ئاچتى. لۆڭگىدە ئوت ـ چۆپكە ئورالغان ئىككى تال بېلىق تۇراتتى، مۇشۇنداق قىلغاندا يېڭى پېتى تۇرارمىش.

بلايدىز ئەپەندىنىڭ كۆزى مىگرىنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ۋە خۇددى ئەتىگەنكىدەك ئۇنىڭ بىلەن باش لىڭشىتىپ ئامانلاشتى، ھەممەيلەن يېزىدىكى بىر مېھمانخانىدا تۇرغاندىكىن...

ئۇ كېمىدىن چۈشۈپ ئۆز ئۆيىگە ئالدىرىماي ماڭدى. مىگىر ئۇنىڭ شىبلىتىغا زەڭ سېلىشنى ئۇنتۇمىدى، شىبلىتىقا چاڭ ـ توزان قونمىغاندى.

ئىسدور بېلىق تۇتىدىغان سايمانلارنى رەتلەۋاتاتتى، ئۇ بېشىنى كۆتۈردى، چۈنكى مىگىر ئاق كۆڭۈل پارىژلىقلاردەك ئۇنىڭدىن:

ــ ئۇ بېلىقنى تور تاشلاپ تۇتۇپتۇمۇ؟ ــ دەپ سورىغاندى.

ــ مېنىڭچە ئۇنداق ئەمەس... مەن كېمىگە تىرىك يەمچۈك سېلىپ قويغاندىم... تور تاشلاپ تۇتالماي قالغاندا، بلايدىز ئەپەندى ياخشى يەرلەرنى بىلىدۇ، تىرىك يەمچۈكلەرنى ئىشلىتىدۇ. ئۇنىڭ

ئۇرۇق قول قايتىپ كېلىدىغان چاغلىرى بەك ئاز...

— كۆرۈپ باقايچۇ، بولامدۇ؟

مىگىر كېمىگە سەكرەپ چىقتى، كېمە تۆرۈلۈپ كەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇ ئېگىلىپ چارچورتان بېلىقتىن بىرنى ئالدى.

— دەرۋەقە، بۇ راستىنلا چوڭ بېلىقكەن...

— ئوتتۇرا ھال، ئالتە، يەتتە جىڭ كېلەر...

بۇ چاغدا ئىسدور ساقچى باشلىقىغا ئۆتكۈر بىر نەزەر تاشلىدى-دە، بېلىقنى ئېلىۋالدى.

— كەچۈرۈڭ، مەن بېلىقنى ئۇنىڭغا يۆگەپ بەرمىسەم بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ بېلىقنى چوقۇم پارىژغا ئېلىپ كېتىدۇ.

ئىسدور ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

— نېمە قىلىۋاتىسىز، مىگىر؟ — مىگىر خانىم سىپايىلىك بىلەن سورىدى.

ھېچ ئىش... ئۇ ھېچنېمە قىلمىدى... ئۇ نېمىنىدۇ كۈتمەكتە... ئۇ بىر يەلكەنلىك كېمىگە پۈتۈن ئەس-يادى بىلەن بېرىلىپ قارىغانىدەك كۆرۈنەتتى، بۇ كېمە ئېقىمغا قارشى ماڭماقچى بولاتتى، بىرئازمۇ شامال بولمىغاچقا، كېمە زادى ئىلگىرىلىيەلمەيتتى.

توغرا!... يۈرىكى دۇپىلا قىلىپ قالدى!... كۆزلىرىدە غەلىبە ئۇچقۇنلىرى ياندى!... چۈنكى نېمىلا دېگەن بىلەن، بۇ كىشىنى خۇشال قىلاتتى... مىگىر بۇ ئىشنىڭ پات ئارىدا يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتى... ئۇ ئىشىنەتتى... لېكىن ھەممىسى قىياس ۋە يېسىپ ئۇچىلا ئىدى.

تورۇسنىڭ ئاستىدىكى ئۆينىڭ ئىسسىق بولۇشى كىشىنى ئەجەبلەندۈرەتتى؛ ئۇنىڭ ئاۋغۇستنىڭ كېچىسىگە مەپتۇن بولۇپ قېلىشى

نېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىدى؛ ئۇنىڭ شىمىسىنىڭ ئاسمىنىنى بىلىگە چۇشۇرۇپ قويۇپ كۆنىنىڭ چىقىشىنى تاماشا قىلىشىمۇ مۆجىزە ھېسابلىناتتى.

ئەتىگەندە، ئاسمان ئەمدىلا يورۇشقا باشلىغان چاغدىكى ئىسدورنىڭ ھېلىقى ھەرىكىتى... مىگىر ئۇنىڭ ئۆز كېمىسىدىن بىرنەرسىنى، بىر ئۇزۇن خالتىنى ئېلىپ، ئۇنى بلايدىز ئەپەندىنىڭ كېمىسىدىكى ساندۇقىقا سېلىپ قويغانلىقىنى ئېنىق كۆردى. لېكىن بۇ تىرىك يەمچۈك ئەمەس ئىدى، تىرىك يەمچۈك دېگەننى ئۇششاق تۆشۈك تېشىلگەن تۆمۈر قۇتىغا سالىدۇ. ساقچى باشلىقىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى...

ئاۋالقىسى، لۇگادىن كەلگەن تېلېفون...

ئەمدى بۇ ئىككى تال چارچورتان بېلىقى... ئۇ بۇلار ئۇستىدە تەپسىلىي تەھلىل يۈرگۈزدى... مىگىرمۇ ئەينى ۋاقىتلاردا بېلىق تۇتۇپ باققان، بېلىقنى ئانچە كۆپ تۇتالمىغىنى بىلەن بېلىق تۇتۇش تېخنىكىسىنى ئوبدانلا بىلىدۇ...

چارچورتان بېلىق بەكمۇ ئاچكۆز دەريا بېلىقى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن قارماقنى چىقىرىۋېلىش بەكمۇ تەس، بەزىدە تېخى ئۇنىڭ قارنىنى يېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

بلايدىز ئەپەندىنىڭ بۇ ئىككى تال چارچورتان بېلىقىنىڭ ھېچ يېرى زەخىملەنمىگەن، ھەتتا سۈركىلىپ كەتكەن يېرىمۇ يوق!

ۋەھالەنكى، ئىسدور يېرىم كېچىگىچە تور تاشلاپ بېلىق تۇتتى...

ئىسدور ساقچى باشلىقىغا بىر نەزەر تاشلىغانىدى، ھازىر يۈز بەرگەن ئىشلار مانا مۇشۇ نەزەر تاشلاشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. ئىسدور ئاشخانىدىن ئۆتۈپ، مېھمانخانىنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ،



www.uyghurkitap.com

چەتتىكى بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە يامىشىپ چىقىپ، ئوغرىلىقچە دېگۈدەك بىلايدىزنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى.

ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزگىلى كىردى.

ياۋاش مىگىر خانىم ئېرىم زېرىكىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ:

بىرەر كىتاب ئالغاچ كەلسىڭىز بوپتىكەن... ئىچ پۇشۇقىڭىز چىقاتتى! — دېدى بوشقىنا.

راست! شۇنداق قىلسام بوپتىكەن... يۇقىرىدا بىرسى ئۇنىڭغا قاراۋاتاتتى... ئىسدور مۇشۇكتەك ياكى چوشقا ئوغرىسىدەك مېڭىپ پەسكە چۈشتى.

— ئۆرە تۇرۇۋېرىپ ھارمامسىز؟

بىلايدىز ئەپەندىنىڭ دېرىزىسى ئېچىلدى. ئۇ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، شەھەرلىكلەردەك ياسىنىۋالغاندى.

— لۇئا خانىم، ئېيتىڭا...

— قۇلىقىم سىزدە، ساقچى باشلىقى ئەپەندى...

ئۇ ئېرەڭسىزلىك بىلەن بىر - ئىككى سوئال سورىدى.

شۇنداق، بىلايدىز ئەپەندى شەنبە كۈنى كەچتە پويىز بىلەن كېلىپ، دائىم يەكشەنبە كۈنى سائەت ئالتىنىڭ پويىزىدا قايتىپ كېتىدۇ. ئۇ ھازىرلا توسما ئارقىلىق دەريادىن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ياق، ئۇ ئەزەلدىن ماشىنىدا كېلىپ باقمىغان.

ئاياللار؟ ئەجەبىمۇ غەلىتە خىيال! لۇئا خانىم زادىلا ئويلاپ باقماپتۇ. ئۇ ئاياللارغا ئانچە پەرۋا قىلمايدۇ. ئۇ «گۈزەل كەپتەر» مېھمانخانىسىغا بىر قېتىممۇ باشقىلار بىلەن بىللە كەلمىگەن.

نېمە؟... ئۇدۇلدىكى داچىدا؟... لۇئا خانىم بۇنىمۇ ئويلاپ

باقماپتىكەن... بۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ كۆن بويى بېلىق تۇتىدۇ... ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەردىن كۆرگىلى بولىدىغان بىرقانچە داچىدا پارىژلىق بايلار تۇرىدۇ... دەريا قاتنىشىغا مەسئۇل مالىيە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىشخانىسى ۋولتېر پرىستانىدا... ناھايىتى پېشقەدەم دۇلۇئا ئەر - خوتۇنلار بولسا...

— شۇك!... ئۇ كەلدى.

بلايدىز مېگرې بىلەن تەڭ دېمەتلىك بولسىمۇ، خېلىلا ياش كۆرۈنەتتى. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۆزىنى كۆتۈلۈشكە ئېتىبار بېرىدىغان، ھاياتىدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىمىغان ئادەم ئوخشايدۇ.

— ئاھ، ئۇبدان لۇئىا خانىم؟

— ئاھ، بلايدىز ئەپەندى... بېلىقنى خېلى كۆپ تۇتقاندەك قىلىسىزغۇ!

— خېلى كۆپ.

لۇئىا خانىم ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىپ چاقچاق قىلدى:

— ئوبدان ئۇخلىۋالىغانسىز؟... ئىقرار قىلىڭ! ئەتىگەندىن كەچكىچىلا بېلىق تۇتىمىغانسىز، كېمىڭىزنى قومۇشلۇققا توختىتىپ قويىغان چېغىڭىزدا...

— مەن كۈندۈزى زادى ئۇخلىمايمەن، — دېدى ئۇ ۋە ئاۋازى ئۈشتۈمتۈت قوپاللىشىپ كەتتى.

— ھە! بۇنىڭ ھېچقەۋقەسى يوق. ھىلىراقتا مېگرې ئەپەندى تېخى...

بلايدىز مېگرېگە قاراپ قويدى، كۆزى ئىتتىك، شۇ قەدەر سەزگۈر ئىدىيۇ، ئەمما تەبىئىي ئىدى. ئۇ ساقچى باشلىقىنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى بىلمەسمۇ؟

تېلېفون جىرىڭلىدى، مگىر تۇرۇپكىنى ئالدى. ئۇنىڭ ئاڭلىغىنى ئەلۋەتتە لۇگانىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ئۇ قايتىپ كەلدى، باشلىق، تاكسىغا ئولتۇرماپتۇ... ياق... مېڭىپ كەلدى، ئامستردام كوچىسى تەرەپتىن كەلدى...

— ئۇنىڭ توفلىيىچۇ؟

— ئويلىغىنىمىزدەكلا... ئۇ كېلىپ تۇرۇشىغا بوۋاي چىقىپ كەلدى... ناھايىتى تەمكىن... ھەر كۈندىكىدەك ئايلىنىپ يۈرىدۇ... مەن بىرەيلەننى ئۇنى پايلاپ تۇرۇشقا قويۇپ سىزگە تېلېفون بېرىۋاتىمەن...مەن نېمە ئىش قىلىمەن؟

بۇ لۇگانىڭ ئادەتتىلەنگەن سۆزى ئىدى. مگىر ئۇنىڭغا تەپسىلىي يولیورۇقلارنى بەردى.

"ھە! بىلايدىز ئەپەندى كېتىپ قاپتۇ..." مگىر تېلېفون بېرىپ چىققاندا تۇيۇقسىزلا بايقاپ قالدى.

ئۇ يىراقتا ئۇزۇپ كېتىۋاتقان ئادەم توشۇيدىغان كېمىگە قارىدى، كېمىدە ئۇ ئىزدىگەن ئادەم يوق ئىدى.

— ئېيتىڭا لوئا خانىم، ئۇ نېمىشقا دەريادىن ئۆتمىدى؟

— بىلايدىز ئەپەندىمۇ؟... ھە! توغرا، سىز تېلېفون بېرىۋاتقان چاغدا، مېھمانلاردىن بىرقانچىسى ماشىنا بىلەن كېتىپ قېلىشتى...

— ئۇ بۇ ئادەملەرنى تونۇمدىكەن؟

— ياق، ئۇ ئۇلاردىن ئۆزرىخاھلىق سورىدى، مانا بۇ پاكىت... ئۇ ئۇلاردىن مېنى گوربىيىغا ئاپىرىپ قويالامسىلەر دەپ سورىدى، چۈنكى پويىزغا ئۈلگۈرەلمەي قالىمەنمىكىن دەپ ئەنسىرىدى.

— ئۇ چارچورتان بېلىقلارنى ئېلىپ كەتتىمۇ؟

— ھە! شۇنداق، خالتىنى ئېلىپ كەتتى...

— ماشىنىنىڭ نومۇرىنى ئېسىڭىزدە تۇتمىغانسىز، ئەلۋەتتە؟
لۇئا خانىم ھودۇقۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى.
— نېمىلەرنى ئويلاپ يۈرىسىز، ساقچى باشلىقى ئەپەندى؟ بىلايدىز ئەپەندىدەك مۇشۇنداق ئادەملەر!... مەن مەبلەغ سالغىچە دائىم ئۇنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلايمەن، ئۇ ئاكسىيە بازىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىنتايىن ئوبدان بىلىدۇ.
— ئۇنىڭ پارىژدىكى ئادرېسىنى بىلەمسىز؟
— تىزىملاش دەپتىرىدە باردۇ... توختاپ تۇرۇڭ... بىراق مېنىڭچە... شۇنداق، راستىنلا، بۇنىڭلىق بىلەن سىزنى نېمىنى ئويلايدىكىن دېگەن ئويدىمەن...
— مەن ھېچنېمىنى ئويلىمايمەن، لۇئا خانىم. قاراڭ، بىلايدىز... بىلوشىر، بار دامىن... بىلايدىز... سۇتىخور... لۇئايىت بۇۋى مەريەم موناستىرى كوچىسى 25 ـ نومۇر...
لۇئا خانىم خاتىرجەمسىزلىنىپ كۈلۈپ قويدى.
— سىزنى چۈشىنەلمىدىم...سىز. ئىشىنىلىپ... ھەممە خەق ساقچى دېگەن بارلىق ئادەملەردىن گۇمانلىنىدىغان غەلىتە ئادەملەر دېيىشەتتى.
— يەنە بىر قېتىم تېلېفون بەرسەم بولارمۇ؟
گورىبىيى. ۋوگزال ساقچى ئەمەلدارى يوق، پارىژنىڭ پويىزى تېخى ئۆتمىدى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن كېلىدۇ. چىراي شەكلىنىڭ ئالاھىدىلىكى؟... ماقۇل... يەنە تېلېفون بېرەرسىز...
پارىژ، جىنايى ئىشلار ساقچى مەھكىمىسى.
— لۇئايىت بۇۋى مەريەم موناستىرى كوچىسى 25 ـ نومۇر... كىم دېجورنى؟...دۇپلېيمۇ؟... بوپتۇ، دۇپلېي بولسا، تەبىئىيدەك

بولسۇن!...

لۇئا خانىم ئاشخانىدا ئاچچىقى بىلەن ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ماڭاتتى.

— سىز بىرسىگە ئېيتىپ بىر ستاكان ئالما ھارىقى ئالدۇرۇپ بېرەلەمسىز؟

ئۇ تېلېفون كۆتۈپ تۇراتتى. بلايىدىزغا ئوخشايدىغان كىشى گورىبېيدا پويىزغا ئولتۇرماپتۇ، ئۇ بۇنىڭغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەي قالدى.

ئىككى سائەتتىن كېيىن، «گۈزەل كەپتەر» مېھمانخانىسىنىڭ خېرىدارلىرى تاماقلىرىنى يەپ بولۇشتى، ماشىنىلار بىر-بىرىنىڭ كەينىدىن مېڭىشقا باشلىدى. دۈپلېي تېلېفون بېرىپتۇ، بلايىدىز ئۆيىگە قايتماپتۇ.

— بۈگۈنمۇ مۇشۇ يەردە قونامدۇق؟— سورىدى مىگىر خانىم، — كارىۋات بەك تار ئىكەن! ماڭمىغۇ مەيلى. سىزنى دەيمەن، كېچىچە كۆز يۇممىدىڭىز...

نېمە كارىم؟ ئىسدور مېھمانلارنىڭ كېمىلىرىنى باغلاۋاتقان چاغدا، مىگىر كىشىگە سەزدۇرمەي سۇ بويىغا كېلىپ تۇردى.

— تازا قىزىق-دە!— دېدى ساقچى باشلىقى.

— نېمە قىزىقكەن؟

— بېلىق تۇتىدىغان كىشى تازا غەلىتىكەن!... مېنى بىلمەيدۇ دەمسىز!... ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىنى يېڭى ئۆگەنچى ئىكەن دەپ قېلىشىنى خالىمىدى، جىن تەگكۈر!... ئۇنىڭغا ئابروي كېرەك... سىز بېرىپ...

ئىسدور بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاخىرى كۆزلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

چىمچىقلاپ كەتتى.

— دائىم كېلىپ تۇرىدىغان بىر ئوبدان خېرىدار ئۈچۈن... شۇنداق ئەمەسمۇ؟

فاتىفون قويۇلدى. ئۈچ جۈپ كىشى پېشايۋاندىكى چوك دەرەخنىڭ سايىسىدا تانسىغا چۈشتى.

تېلېفون كەلدى. ئاخىرى دۈپلىيى سەنمۇ! سائەت 11 بولدى.

— بىلايدىز ئەپەندى ھېلىلا قايتىپ كەلدى... نېمە؟... نېمە؟... چارچورتان بېلىق؟ يوق، ئۇنىڭ قولىدا چارچورتان بېلىق يوق. نېمە دەيسىز، باشلىق؟ مەن قالامدىمەن؟ ماقۇل! بولىدۇ... چۈشەندىم!

نەچچە تۈمەنلىگەن پارىژلىق يېزا پۇرىقىنى ئېلىپ شەھەرگە قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ يۈز-كۆزلىرى تەرگە چۆمگەن، ماشىنىلىرى ئېتىزلاردىن ياكى ئورمانلاردىن تېرىۋالغان گۈللەر بىلەن تولغان.

— ھوي، باشلىق...

بۇ قېتىمقىسى لۇگا ئىدى.

— ھېچ گەپ يوق! بوۋاي سائەت يەتتىدە ئۆيىگە قايتىپ كەلدى، ھېچكىم سىرتقا چىقمىدى... ئۇلار ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ، چىراغلىرى ئۆچۈك تۇرىدۇ. بۇيرۇقنى ژان ۋېيېرگە يەتكۈزەمدىمەن؟ كەچلىككىمىز خەيرلىك بولسۇن، باشلىق... رەھمەت...

بۇ بەئەينى ئۆتمۈشتىكى: "خالايىق، ئوبدان ئارام ئېلىڭلار..." دېگەن چىراغ ئۆچۈرۈش سىگنالىغا ئوخشاپ كېتەتتى.

ئەڭ ئاخىرقى تېلېفون گىلانگور كوچىسىدا دىجورنىلىق قىلى-

ۋاتقان، پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىدىن كەلگەندى.

ـــ ھېچقانداق ئەھۋال بايقالمىدى...

ھاۋا ئوچۇق بۇ يەكشەنبىدە، ھەر ھالدا ئازراق بولسىمۇ ئىش يۈز بەردى. يىراقتا، سۇ يۈزىدىكى كۆپۈكچىلەردەك پاتىپاراقچىلىق كۆرۈنسە، بۇ دەريا تېگىدە بېلىقلارنىڭ لاتىقلارنى قوزغىتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى.

ـــ يەنە بىر ئېغىز ئۆي ئالايلى، بۇ كارىۋاتتا سەن ئۇخلىغىن، ئۇخلاپ تۇرغىن، ماقۇلمۇ؟

ئاي كۆتۈرۈلدى. فاتىفوننىڭ ئاۋازىمۇ توختىدى، سايىدا بىر جۈپ تانسىكەش تاش ياتقۇزۇلغان يەردە شاراق ـ شۇرۇق ئاۋاز چىقىرىپ يەنىلا تانسا ئويناۋاتاتتى.

## 5. بىر ئەپەندىنىڭ نارازىلىق بىلدۈرۈشى

مىگىر ئاشۇ كۈنى ئۆز كەسپىدىن خىجىل بولۇپ قالدى. بىر ئارتىس سەھنىدىن چۈشكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سەھنىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تەرلىرىنى سۈرتۈپ، چىرايىدىكى ۋە بەدىنىدىكى چىددىيلىكنى پەسەيتكىنىگە ئوخشاش، مىگىرمۇ ھېلىدىن ـ ھېلىغا ياندىكى ئىشخانىغا كىرىپ باقاتتى، لېكىن ئۇ يەردە مىگىردىن ئوبدان ئەمەس ئىدى.

"ھېچ ئىش يوقمۇ؟" دۈيجاك كۆزلىرى ئارقىلىق سورايتتى.

ھېچ ئىش يوق. مىگىر پېشۋىدىن بىر ئۆتلىدى، ئۇ چىرايى تۈتۈلغان، قاتتىق قايغۇرغان، كەيپى ئۇچقان ھالدا ئوچۇق تۇرغان دېرىزە يېنىدا تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

— ئۇ نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

— ئۇ دەرۋازىۋەنگە ئۇچىنچى قېتىم سىز بىلەن كۆرۈشمەكچىمىز دەپتۇ. ئۆتكەن قېتىم مەھكىمە باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئۆتتۈرۈنغا قويۇپتۇ.

بۇنى ئەنىزىنىڭ قىزىق قىسمى دېيىشكە بولاتتى. سائەت ئىككىدە، يەنى ساقچى باشلىقى ئوكتاۋ لىكلاۋاگىننى كۆرۈشۈشكە چاقىرغان ۋاقتىتا، ئۇ بىر تاكسىنىڭ زەرگەرلەر پىرستانىغا كېلىپ توختىغانلىقى، تاكسىدىن ئاۋاق لىكلاۋاگىن خانىمنىڭ چۈشۈۋاتقانلىقىنى دېرىزىدىن كۆردى. ماشىنا ئادەم ماڭىدىغان يولنىڭ بويىدا توختىغاندى، مىگىر كۆلۈپ قويۇپ، پۇقراچە كىيىنگەن بىر ساقچىغا بۇيرۇق چۈشۈردى.

شۇنداق، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر چاقچاقتەكلا باشلاندى.

— سىزنى چاقىرتقانمىدى؟ — جىددى تۈردە سورىدى دەرۋازىۋەن، — سىز لىكلاۋاگىن ئەپەندى بولامسىز؟

— مەن ساقچى باشلىقى ئەپەندى بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىم، ئۇنىڭغا چۈشەندۈرىدىغان...

شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۆت ئەتراپى ئەينەك بىلەن ئورالغان مەشھۇر كۈتۈش ئۆيىگە ئېلىپ كىرىلدى، بۇ جاپاكەشلەر — بۇ ئەڭ مۇۋاپىق سۆز ئىدى — قەپەستىكى ياۋايى ھايۋانىغا ئوخشاپ قالاتتى، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ساقچىلار ياكى مۇلايىملىق بىلەن، ياكى مەسخىرە بىلەن ئۇلارغا قاراپ قويۇشاتتى.

بۇ چاغدا بىر ساقچى تاكسىدا كۈتۈپ ئولتۇرغان لىكلاۋاگىننى چاقىرغىلى باردى.

— خانىمىم چىقسۇن دېدىمۇ؟

— ساقچى باشلىقى دېدى.

— خانىمىم قەيەردە؟

ھازىر ئۈچ سائەت ئۆتۈپ كەتتى، توق يېشىل پەلتو كىيگەن بوۋاي مىگىرنىڭ ئىشخانىسىدىكى ئورۇندۇقتا ئوچۇق تۇرغان دېرىزىگە يۈزلىنىپ ئولتۇراتتى.

مىگىر ھەر قېتىم لۇگانىڭ ئىشخانىسىغا چىقىپ ئازراق دەم ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۆز ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ كۆزى لىكلاۋاگىنىڭ ئۆز ئىگىسىدىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ئىگىسىنىڭ دېگىنىنى قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىتنىڭ كۆزىدەك ئاقۇش كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالاتتى.

دۇرۇس، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇشۇنداق، ئۇنىڭ ئىتائەتمەنلىكى ئادەمنى بىئارام قىلىدۇ، چۈنكى بوۋاينىڭ بۇ ھالغا كېلىش ئۈچۈن كۆپلىگەن جاپالارنى تارتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

— لىكلاۋاگىن خانىم قايەردە؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۈچ - تۆت قېتىم.

— ئۇ سىزنى ساقلاۋاتىدۇ...

ئۇ خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇ تېرىككەك ۋە ئۆز دېگىنىنى قىلىدىغان بۇ ئايالنى ئوبدان چۈشىنەتتى، ئۇ كۈتۈش ئۆيىدە ئۇنىڭ خاتىرجەم ئولتۇرالمايدىغانلىقىنى ئويلىدى.

مىگىر ئادىتى بويىچە ئاۋۋال "يېنىك ناخشىلار"دىن بىرىنى ئېيتتى، بۇ ياخشى نىيەت، ياخشى كۆڭۈل بىلەن سوراق قىلغىنى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان سوئاللارغا قىلچە پىسەنت

قىلمىغانلىقى، ھەتتا مۇشۇنداق قىلغىنى ئۈچۈن خىجىل بولۇۋاتقانلىقى ئىدى.

— ئاۋۇ كۈنى بىر نېمىنى ئېنىقلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بىرسى ئالاھىدە ئۇسۇل بىلەن رونا خېنىمنىڭ ئىشكىنى چەككەن چاغدا، سىز بىزگە، ئۇ مەن ئۈچۈن قارتا تىزىۋاتاتتى دېمىدىڭىزمۇ؟

لىكلاۋاگىن گەپنى چۈشەنمىگەندەك، جاۋاب قايتۇرمىدى.

— رونا خېنىم سىزنى بىر ئىشىكنىڭ ئىچىگە ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋېتىپ، ئاندىن ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويىدى. شۇ چاغدا قارتىلار چاي ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇلغانمىدى ياكى يىغىشتۇرۇۋېتىلگەنمىدى؟ ئالدىرىماي، ئوبدانراق ئويلاپ بېقىڭا... تەييارلىق سوراقنى سورايدىغانلار — نېمىشقا ئىكەنلىكىنى خۇدا بىلىدۇ! — بۇ مەسىلىگە بەكمۇ ئېتىبار بېرىپ كېتىۋاتىدۇ، مېنىڭچە ئارتۇقچە...

لىكلاۋاگىن مىدىرلاپمۇ قويمىدى. ئۇ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، غەلىتە قوللىرىنى تىزىغا قويدى، بۇ قوللار تاكسىدىكى چاغدىكىدەك يەنە بىر قېتىم مېگرېنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

— شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ بېقىڭا... ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق، بالكوننىڭ ئىشىك، دېرىزىلىرى ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەن... ئەتراپىڭىز يوپيورۇق، ھەر خىل رەڭلىك قارتىلار لۇئى XV نىڭكىدەك پوسۇندىكى چاي ئۈستىلىنىڭ مەرمەر يۈزىدە ياتىدۇ...

بوۋاي كۆزلىرى ئارقىلىق:

”مېنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىمنى چۈشەنمەيۋاتىسىز. سىز ئۆز - ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلالمايدىغان بىر بىچارىنى قىيناۋاتقانلىقىڭىزنى بىلمەيۋاتامسىز؟“ دېگەندەك قىلاتتى.

مېگرې خىجىللىق ئىلكىدە كۆزىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ، سىلىقلىق

بىلەن بوشقىنا:

— ماڭا جاۋاب بېرىڭلا... بۇ رەسمىي سوراق ئەمەس. چۈنكى سىزنىڭ جاۋابلىرىڭىز خاتىرىلىنىۋېلىنمىدى. قارتىلار چاي ئۈستىلىنىڭ ئۈستىدە، شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق.

— چوقۇم شۇنداق دېيەلەمسىز؟

— شۇنداق...

— رونا خېنىم سىز بىلەن جۈپ قارتىنى پۈتۈنلەپ ئوينىغانمىدى؟

— شۇنداق...

بۇ چاغدا مىگىر ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى ۋە جىددى تۇردە لۇگانى چاقىرىپ كىردى:

— قاراڭ، دۇيجاڭ ئەپەندى، ئاخباراتىڭىزنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بايقاپ قالدىم، چۈنكى مەن لىكلاۋاگىنىنىڭ بايا يالغان گەپ قىلغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن.

شۇنداق! ئىلگىرى بىر ئىچكى ئىشلار بۇجاڭى ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ساقچى بولالمايدۇ دەپتىكەن. ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىللاردىمۇ ھېيىقىش بولامدۇ؟

— دۇيجاڭ ئەپەندى، سىز ماڭا رونا خېنىم ئەزەلدىن قارتا ئوينىمايدۇ، ئۆيىدىن قارتىمۇ تېپىلمىدى... دەپ ئېنىق ئېيتقانىدىڭىزغۇ...

— ھەئە، شۇنداق، بارلىق گۇۋاھلىق سۆزىدە بىردەك: رونا خېنىم قارتا بىلەن پال ئاچمايدۇ، بەلكى كۆزىدە گىپنوزلۇق بار، شەرقلىكلەرگە ئوخشاش خىروستال شارىك ئىشلىتىدۇ، ئاندىن روھنى ھەمراھ قىلىدۇ، دېيىلگەن.

— قارىغا، لىكلاۋاگىن ئەپەندى! بابا سىز مېنىڭ سوئالىمنى ئېنىق ئاڭلىيالماي قالدىڭىزمۇ ياكى ئويلانماي جاۋاب بېرىپ قويدىڭىزمۇ؟ چاي ئۈستىلى ئۈستىدە قارتىلار يوق، شۇنداقمۇ؟

ئۇنىڭ چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى، تەر شۇرقىراپ ئاقتى.

— بىلمەيمەن، — غودۇرىدى ئۇ.

— سىز چىقىپ كەتسىڭىز بولىدۇ، لۇگا! لىكلاۋاگىن ئەپەندى، بۇ قېتىن مەسىلىنى قوزغاپ قويدۇم، ئەپۇ قىلىڭ... مەن بۇنى پەرەز قىلىپ بولىدۇم دەپ ئويلايمەن... ناھايىتى ئېنىق، ناھايىتى روشەنكى، سىز ئۆيىڭىزدە تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتەلمەيسىز... شۇڭا سىز سىزنىڭ مۇشۇ يېشىڭىزدىكى نۇرغۇنلىغان ئادەملەرگە ئوخشاش، سىرتقا چىقىپ كۆڭلىڭىزنى خۇش قىلىسىز، دوستلۇق، مۇھەببەت ۋە ئاياللارنىڭ مېھرىبانلىقىنى ئىزدەيسىز. دەسلەپتىلا سىزنىڭ پال ئاچقۇزغىلى بارمىغانلىقىڭىزنى بىلگەنىدىم... گلانگور كوچىسىدا سىزنىڭ ئايال دوستىڭىز سىزنى ئاشخانىغا سولاپ قويىدى، چۈنكى سىز ئۇنىڭ خېرىدارى ئەمەس ئىدىڭىز.

بوۋاي شۇنداق ياكى ئۇنداق ئەمەس دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ساقچى باشلىقى ئەپەندى ياندىكى ئىشخانىغا چىقىپ ئازراق ئارام ئالدى، ئالدىرىماي تۇرۇپ غاڭزىسىنى تۇتاشتۇردى. ساقچى باشلىقى قايتىپ كىرىپ يەنە قانداق يېڭى ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇنى قىينار كىن؟

— بىز ئۆلگۈچىنىڭ ئەھۋالىنى بەكمۇ ئاز بىلىمىز، پەقەت سىزلا بىزگە ياردەم بېرەلەيسىز. بىز پەقەت ئۇنىڭ پارىژغا دەسلەپ كەلگەنىدە كىيىم تىكىشنى ئۆگەنگەنلىكىنى، ئاندىن يېڭىچە كىيىم-كېچەكلەر مودېلى بولغانلىقىنى... ئۇنىڭدىن كېيىن سانت جورج

كوچىسىدا كىچىككىنە يېڭىچە كىيىم ـ كېچەكلەر ماگىزىنى ئېچىپ، رونا ئائىلىسى دەپ ۋىۋىسكا ئاسقانلىقىنى، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىسىم بويىچە كېلىشۋاتقانلىقىنى... سودا ـ سېتىقى ياخشى بولىماي گلانيگۇر كوچىسىغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنىلا بىلىمىز... ئۇ كىملەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشىدۇ؟ قانداق دوستلىرى بار؟ بۇلارنى بىلىۋېلىش بەكمۇ مۇھىم...

— مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن.

— بولدىلا! مەن سىزنىڭ ئېھتىياتچانلىقىڭىزنى چۈشىنىمەن، ئەمما، شۇنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭكى، بىزنىڭ بىردىنبىر مەقسىتىمىز سىزنىڭ دوستىڭىزنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى جازالاش.

غەلىتە ئىش! بوۋاي يىغلىۋەتتى، ياشلىرى چاناقلىرىدىن تۆكۈلۈپ كەتتىيۇ، ئۇنىنى چىقارمىدى، مىدىرلاپمۇ قويمىدى، ھەتتا كۆز ياشلىرىنىمۇ سۈرتمىدى، ئۇگىلىرى تومپىيىپ چىققان قوللىرى تىزىدىن يۆتكەلمىدى! مىگىر ھېسسىياتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆرۈلۈپ، دېرىزىدىن يىراقتا كېتىۋاتقان چاتىما كېمىگە قاراپ تۇرۇۋالدى.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى خانىمىڭىزغا، ھەرقانداق كىشىگە مۇناسىۋەتسىز... چۈشىنىمەن، پۇلىڭىز بار بولغاچقا، تۇرمۇشتا قىيىنىلىپ قالغان ئائىلىغا ماددىي جەھەتتىن ياردەم بەردىڭىز... چۈنكى قانداقلا بولمىسۇن، بىرسى ئۇنىڭغا ياردەم بېرەتتى... ئۇنىڭ خېرىدارلىرىدىن تاپقان پۇلى ئىشلىتىشكە يەتمەيتتى، ئۇ تۇرمۇشتا بەك بۇزدى ـ چاچتى بولمىسىمۇ، خېلىلا ئازادە ياشايدىكەن،... سىزنىڭ يىلىغا 200 مىڭ فرانكلىق كىرىمىڭىز بار...

كومېدىيە داۋاملاشماقتا، مىگىر ئۇستەل ئۈستىدە چېچىلىپ ياتقان

قەغەزلەرنى پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۆرۈپ-چۆرىمەكتە ئىدى.

— مېنىڭ قول ئاستىمدىكى بىرەيلەن نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى ئىگەللەپ چىقتى... بەكمۇ ئەجەبلىنەرلىك!... ھەممە ئىش سىزگە پايدىلىق بولۇپ چىقتى. 30 يىلنىڭ ئالدىدا سىز يىراق شەرققە قاتنايدىغان يولوچىلار پاراخوتىدا دوختۇر بوپتىكەنسىز... ئارگېنتىنالىق كاتتا بىر يەم-خەشەك سودىگىرى قىزى بىلەن سەپەرگە چىققاندا... تارقىلىشچان سېرىق قىزىتما كېسىلى بولۇپ قاپتۇ...

مىگىر ئەنزىلەر ئارخىپلىرىنى تەكشۈرگەن بولۇۋالدى.

— سىز ناھايىتى ياخشى كۈچ چىقارغان ئوخشايسىز، سىز بولغاچقىلا چوڭ خەتەرنىڭ ئالدى ئېلىنىپتۇ... سىز ياش قىزنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قاپسىز... ئەمما كېسەل ئۆزىڭىزگە يۇقۇپ قاپتۇ، پىرىستانغا كەلگەندە، باشقىلار سىزنى پاراخوتتىن چۈشۈرۈۋېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ... بۇ چاغدا ئارگېنتىنالىق تەسىرلىنىپ، ئۆمرىڭىزنىڭ ئاخىرىغىچە سىزگە يىلىغا 200 مىڭ فرانك بېرىپ تۇرۇشنى قارار قىپتۇ... مۇبارەك بولسۇن، لىكلاۋاگىن ئەپەندى... فرانسىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سىز ۋەدىلەشكەن قىزغا ئۆيلىنىپسىز... دېڭىز سەپىرىگە چىقماپسىز... سىن رافىلدا ئولتۇراقلىشىپسىز، ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە ناھايىتى ئوبدان ياشاپسىز... بەختكە قارشى، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئايالىڭىز پىخسىق بولۇپ كېتىپتۇ ۋە باشقىلارنى باشقۇرۇشنىلا ئويلايدىغان بولۇپ قاپتۇ... پارىژغا كەلگەندىن كېيىن تۇرمۇشىڭىز ئۆزگىرىپ...

بوۋاي بۇنداق ئازابلاش يەنە قانچىلىك داۋاملىشاركىن دەپ ئويلاۋاتامدىكىنە؟ ھەر قاچان تۈگىشى مۇمكىن دەپ ئويلىشى ئېھتى-

مال. مىگىر ئورنىدىن تۇرۇپ، ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغاندىكىدەك كۆلۈمسىرىگىنىچە ئىشىك تۈۋىگە كەلدى، بىراق بىردىنلا ئۆزگىرىپ يەنە بىر سوئال — ھەئە، ئانچىمۇ مۇھىم بولمىغان كىچىككىنە بىر سوئالنى سورىدى.

— راست، بۇ كېلىشمەسلىك بولغاندا سىز سېنى رافىلدا ئىدىڭىزغۇ؟ پارىژغا كېلىشتىن ئىلگىرى سىز ئوتتۇن يېرىپ ئوينايتتىڭىز، چۈنكى ئۇ چاغدا ئىككى خىزمەتكارىڭىز بار ئىدى... سىز ئوتتۇن يېرىۋېتىپ، ئوڭ قولىڭىزنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ بىرىنچى ئۈگىسىنى كېسىۋالدىڭىز، بۇ سىزگە بەكمۇ قولايسىزلىق ئېلىپ كەلدى... سىزدىن سورايدىغان باشقا گەپ يوق، لىكلاۋاگىن ئەپەندى.

بولدىلا! تۈگىتەي... لېكىن بوۋاي مىگىرنىڭ ئۇسۇلىنى بىلىۋالغانىدى، شۇڭا ئۇ ئورنىدىن تۇرماي، كۆزلىرى ئارقىلىق، كەتسەم بولامدۇ، دەپ سورىماقتا ئىدى.

— تۈنۈگۈن بىر دوستىڭىز سىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى... راست! تارتمامدا ئۇنىڭ رەسىمى بولۇشى كېرەك ئىدى...

بۇ رەسىم بىلايدىز ئەپەندى چوڭ دەرەخلىك يولدا كېتىۋاتقاندا تارتىلغانىدى.

— قاراڭ... ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟ ئۇنى بىلىشىڭىز كېرەك ئىدى... سىز... ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى...

ئاقمىدى. لىكلاۋاگىن رەسىمگە قاراپ رەڭگىنىمۇ ئۆزگەرتمىدى، ھەتتا يېنىكلەپ قالدى دېيىشكىمۇ بولاتتى، ئۇ باشقا بىر ئىشتىن قورقۇپ تۇرغاندەك ئىدى.

— ھېچنېمىنى ئەسلىيەلمىدىڭىزمۇ؟ ئۇزاقتىن بۇيان كۆرۈشمىگەن

www.uyghurkitap.com

ئوخشايسىلەر ـ ھە؟... ھېچ ۋەقەسى يوق...

مىگىر بىر چەتكە بېرىپ تۇردى. لۇگا ئۇنىڭغا كۆز يۇمۇشلاپ قويدى.

ــ يەنە بىر دەمدىن كېيىن، ئۇنىڭ خانىمى ئالەمنى مالەم قىلامدىكىن دەيمەن. ئۇ تىنچ ئولتۇرالماي، ھەر بەش مىنۇتتا دەرۋازىۋەننى بىر ئىزدەپ، مەھكىمە باشلىقى بىلەن كۆرۈشەتتىم، دەپ غەلۋە قىلىۋاتىدۇ. ئۇ گېزىت ساھەسىدىكىلەرگە ئەرز قىلىمەن، ئۆزەم بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشىدىغان بارلىق يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرگە ئېيتىمەن، دەپ تەھدىت سېلىۋاتىدۇ...

خانىم ئۈچ سائەت ساقلىدى، يەنى بوۋاي مىگىرنىڭ ئالدىدا ئۈچ سائەت ئازابلاندى. شۇنداقتىمۇ مىگىر قىلچە بوشاشمىدى. بۇ ئادەم ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. ئۇ بۇ يەردە بىر سىر بارلىقىنى ھېس قىلاتتى، بۇ ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭدا ئىختىيارسىز ھالدا بوۋايغا ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتى ئەمەس، بەلكى بىر خىل بىلىپ بولمايدىغان خەيرىخاھلىق ھېسسىياتى پەيدا بولدى.

ئەنئەنىۋى ناخشا داۋاملىق ئېيتىلماقتا. مىگىر تېخىمۇ جىددىي، تېخىمۇ تەڭلىكتە قالغان قىياپەتكە كىرىۋالدى.

ــ بوپتۇ! بۇنىڭ بىلەن مەسىلىنى ئاددىيلاشتۇرغىلى بولمايدۇ. سوراقچى يىگى بىر گۇۋاھچى ھېلىلا تەپتىش مەھكىمىسىگە كەتتى، دەپ تېلېفون بەردى. ئۇ گلانگۇر كوچىسىدىكى 67 ـ نومۇرلۇق بىنانىڭ 2 ـ ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرىدىكەن. جۈمە كۈنى سائەت بەشتىن ئازراق ئۆتكەندە، ئۇ سىزنىڭ بىر ئاچقۇچنى دېرىزىدىن تاشلىۋەتكەنلىكىڭىزنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى... بۇ ئاچقۇچنى تېپىۋالدۇق...

— مەن ئۇچۇن بەربىر... — لىكلاۋاگىن ئۇھ تارتىپ قويدى.

— بىراق، بۇ گۇۋاھچىنىڭ سۆزى سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز ئۇچۇن پايدىسىز.

مىگىر بىر ئاچقۇچنى ئىش ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگە قويدى.

— سىزگە ئېنىقكى، ساقچى باشلىقى ئەپەندى، بۇ يالغان، — بوۋاينىڭ تەلەپپۇزى سىلىق بولغاچقا، ئادەمنىڭ خاپا بولغۇسى كەلمەيتتى.

— قاراڭ، لىكلاۋاگىن ئەپەندى... سىز ھېچ بولمىغاندا تۇرمۇشىڭىزدا مەسىلە بارلىقىنى بولسىمۇ ئىقرار قىلىشىڭىز كېرەك... سىزنىڭ پۇلىڭىز بار، ئەقلىڭىز بار... سىز ئىلگىرى ئاتاقلىق پاراخوت دوختۇرى ئىدىڭىز، خىزمەتتىكى ئىپادىڭىز ناھايىتى باتۇر ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلايدۇ... بىراق، بىردەمدىلا قەلەندەرگە ئوخشاپ قالدىڭىز، ئۆيدىكىلەر سىزنى يوك دەپ قاراپ سولاپ قويىدۇ، كۈندۈزلىرى سىز كوچىنىڭ چېتىدە ۋە دەريا بويىدا لاغايلاپ يۈرىسىز... نېمە ئىش سەۋەبىدىن مۇشۇنداق ئۆزگىرىش بولدى؟ سىلەر نېمە ئۇچۇن سېن رافېلدىن پارىژغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالدىڭلار؟ نېمە ئۇچۇن؟

— سىز بىلىسىزغۇ، مەن ئېلىشىپ قالدىم...

ئۇ بوشلا جاۋاب بەردى، ئاقۇش كۆزلىرىدىن ئاق كۆكۈللۈكنىڭ ئىپادىلىرى كۆرۈنۈپ قالدى، بۇ تېخىمۇ تىراگېدىيىلىك تۇسكە ئىگە ئىدى.

— سىز بەلكىم بەزىلەر، ئائىلىۋق، خانىمىڭىز ۋە بەلكىم قىزىڭىز سىزنى ئېلىشىپ قالغانلىقىڭىزغا ئىشەندۈردى، دېمەكچىمۇ؟

ئۇ قىلچە ھاياجانلانماي بېشىنى چايقاپ قويدى، ئەمما جاھىللىق

بىلەن يەنىلا:

— ياق، مەن ئىلىشىپ قالدىم، — دەپ تەكرارلىدى.

— قانچىلىك جىددىي گەپ قىلغانلىقىڭىزنى ئويلاپ بېقىڭا. ئاۋادا سىز راستىلا ساراڭ بولسىڭىز، — بىراق مەن ئىشەنمەيمەن، — ئۇ ھالدا، سىزنىڭ رونا خېنىمنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ئەمەسلىكىڭىزنى ئىسپاتلاشقا ئامال بولمايدۇ. ساراڭلارنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئالدىنئالا بىلەلمەيدۇ... سىز رونا خېنىمنىڭ ئۆيىدىكى چاغدا... كالليڭىزدا ئۇنى ئۆلتۈرۈش پىكرى تۇغۇلۇپ... ھەرىكەتكە كەلدىڭىز؛ كېيىن ئەقلى - ھوشىڭىز جايىغا كەلگەندە، بۇ قىلىقىڭىزنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇپ كەتتىڭىز؛ گۇماندىن خالاس بولۇش ئۈچۈن، ياكى پەلەمپەيدىكى ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلاپ ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز ئاشخانىغا سولاپ، ئاچقۇچنى دېرىزىدىن سىرتقا تاشلىۋەتتىڭىز...

بوۋاي جاۋاب بەرمىدى.

— ۋەقەنىڭ جەريانى مۇشۇنداقمۇ - ئەمەسمۇ؟

مىگىر «ھەئە» دېگەن گەپنى ئاڭلاشتىن قورققاندەك بولدى، گەرچە بۇ گەپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئاياغلاشتۇرىدىغان بولسىمۇ، ئۇ باشقىچە نەتىجىگە ئېرىشتى. توپتوغرا ئۈچ سائەت سەرپ قىلىپ، ئارانلا ۋەقەنى ئازراق ئايدىڭلاشتۇرىدىغان جاۋابقا ئىگە بولدى.

— مەن ساراڭ، ئەمما رونانى مەن ئۆلتۈرمىدىم...

— سىز ھازىر ئۇنى رونا دېدىڭىز، دېمەك، ئاراڭلاردىكى مۇناسىۋەتنىڭ خېلىلا يېقىنلىقىنى ئېتىراپ قىلدىڭىز! ماڭا راستىنى ئېيتىڭا، ئۇ سىزنىڭ نېمىڭىز؟ خىجالەت بولماڭ، بىز ھەر قانداق گەپنى ئاڭلاپ كۆنۈپ كەتكەن...

— مېنىڭ دەيدىغان گېپىم يوق... مەن بەك... بەك ھېرىپ

كەتتىم...

ئۇ خىجىلچىلىق ئىچىدە قورقۇمسىراپ تۇرۇپ:

— ئۇسساپ كەتتىم، — دەپ قوشۇپ قويدى.

مىگىر ياندىكى ئۆيگە چىقىپ، يوغان بىر ستاكان پىۋا ئېلىپ كىردى، بوۋاي ئالدىغا ئېگىشتى، كىكىرتىكىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن مىدىرلىشى بىلەن ستاكاندىكى پىۋا بارا - بارا ئازىيىپ كەتتى.

— خانىمىڭىز يەكشەنبە كۈنى سائەت 11 دىن چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتكىچە نەگە باردى؟

— ئۇنىڭ نەگە بارغىنىنى بىلمىدىم.

— سىزنى ھۆجرىڭىزغا سولاپ قويغانمىدى؟

ئۇ جاۋاب بەرمەي، بېشىنى تۆۋەن سالدى. مىگىر ناھايىتى زور بەدەل تۆلەپ ئۇنىڭ بىر مەھەللىك ساداقەتمەنلىكىگە ئىگە بولدى. ھەرقانداق ئادەم — نۇرغۇن ئادەملەر زەرگەرلەر پىرستانىدىكى بۇ ئىشخانىغا كەلگەندى — ئۇنىڭغا بۇ قەدەر سىرلىق تۇيۇلمىغانىدى. ساقچى باشلىقى ھەم تېرىكتى، ھەم تىت - تىت بولدى. بەزىدە ھەتتا ئاچچىقى كېلىپ، زادى...

— قىسقىسى، لىكلاۋاگىن ئەپەندى، سىز ھەممىنىلا بىلمەي قالماسسىز، ھەتتا باشقىلارنىڭ سىزنى نېمە ئۈچۈن زەرەر يەتكۈزىدىغان ھايۋاندەك سولاپ قويىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەي قالماسسىز...

— چۈنكى مەن دېگەن سارالىڭ.

سارالىڭلار ئۆزىنىڭ سارالىڭ ئىكەنلىكىنى ئەزەلدىن ئېتىراپ قىلمايدۇ.

— دەرۋەقە، مەن سارالىڭ... مەن ئادەم ئۆلتۈرمىدىم، ساقچى باشلىقى ئەپەندى... ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىدىم... سىزگە

قەسەم قىلىپ بېرەي، سىز خاتالىشىۋاتىسىز...

— لېكىن، جىن تەككۈر، گېپىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ!

— نېمە دەيمەن؟

بىر بولسا، بۇ يەر شارىدىكى ئەڭ ئەخمەق ئادەم، بىر بولسا...

— ماڭا ئۇدۇل قاراڭ... ئۇستىلىمىنىڭ ئۈستىدە سىزنى قولغا ئېلىش قەغىزى تۇرىدۇ... قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەرمىسىڭىز، بۈگۈن كېچە سىزنى سولاقخانىغا ئاپارغۇزۇۋېتىمەن...

شۇ چاغدا، ئادەم ھەيران قالارلىق ئىش يۈز بەردى. بوۋاي قورقۇش تۇيغۇل، ئەكسىچە، مەمنۇن ۋە خاتىرجەم بولۇپ قالدى. تۈرمىگە بېرىش ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر كۆڭۈللۈك ئورۇنغا بارغاندەك ئىش، دېيىشكە بولاتتى.

ئىككى ئايالنىڭ ھازازۇللۇقى ۋە خارلىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنمىكىنە؟...

— نېمە ئۈچۈن سىز ئاغرىنماي، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىسىز؟ بىز ئەركەكلەرغۇ... قوشنىلىرىڭىزمۇ شۇنداق دەيدۇ، بەزىلەر سىزنى كۆزگە ئىلمايدىكەن، بەزىلەر سىزگە ئىچ ئاغرىتىدىكەن...

— مېنىڭ خانىمىم ماڭا غەمخورلۇق قىلىدۇ...

— قىشۇ ياز سەرگەردانلارمۇ كىيمەيدىغان كونا پەلتونى كەيدۈرۈپ قويغانلىقى غەمخورلۇق قىلغىنىمۇ؟ تاماكا ئالغۇدەك پۇلمۇ بەرمەيدىكەن!... تۈنۈگۈن پۇقراچە كىينگەن بىر ساقچىمىز كوچىدا پەس ئادەملەردەك تاماكا كۆتىكى تېرىپ يۈرگەنلىكىڭىزنى كۆرۈپتۇ... بىراق سىز 200 مىڭ فرانك يىللىق كىرىمى بار ئادەمغۇ!...

ئۇ جاۋاب بەرمىدى. مىگرىنىڭ ئاچچىقى كەلدى.

— خەقلەر سىزنى ئەڭ قاراڭغۇ، ئەڭ ئەسكى ئۆيگە سولاپ قويىدىكەن... ئۇلار سىزنى قارشى ئېلىنمايدىغان ئادەم قاتارىدا كۆرىدىكەن، سىزدىن بىزار ئىكەن، سىزنى مېھمانلاردىن قاچۇرىدىكەن...

— مەن سىزگە ۋەدە بېرىمەنكى، ئۇ مېنى كۈتىدۇ...

— سىز خانىمىم ۋە قىزىم مېنى ئۆلتۈرىدۇ دەپ ئويلايسىز. دېمەك - چىمۇ!... بۇنىڭ نېمىشقا شۇنداقلىقى سىزگە ناھايىتى ئېنىق... ئارگېنتىنالىق فىرما ئىگىسى رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن سىزگە يىللىق پۇل بەردى، بەلكىم ئۇ ھۆججەتكە تاسادىپەنلا: سىز ئۆلۈپ كەتسىڭىزلا، مىراسخورلىرىڭىز ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ... 200 مىڭ فرانكلىق يىللىق پۇل بىر سىزگىلا بېرىلىدۇ... دەپ يېزىپ قويغان بولسىچۇ... شۇنداقمۇ، لىكلاۋاگىن ئەپەندى؟ سىز ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن سىزگە ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك غەمخورلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىسىز...

بۇ بىر ئۇلۇغ ئادەممىدۇ - يا؟

— قەسەم ئىچىمەن، ساقچى باشلىقى ئەپەندى...

— بولدى! ئاخىرى ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈپ قويىدىغان بولدىڭىز. ئاڭلاپ تۇرۇڭ، ھازىرچە سىزنى قولغا ئالمايمەن. ئوبدانراق ئويلاپ بېقىڭ، ئەڭ ياخشىسى ھەممە ئىشنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ... لۇگا... لۇگا...

لۇگا ئىشخانىغا كىرىپ، باشلىقىنىڭ تەرگە چۆمۈپ، ئاچچىقىنى باسالماي قالغانلىقىنى كۆردى.

— لىكلاۋاگىن خانىم كىرسۇن...

بوۋاينىڭ قوللىرى شۇ ئان تىترەپ، يۈز - كۆزىدىن تەر قۇيۇ -

لۇشقا باشلىدى. ئىككى ئايال بۇ بوۋاينى ئۇرغان ئوخشىمامدۇ؟

ــ كىرىڭ خانىم! گەپ قىلماڭ! گەپ قىلماڭ دەۋاتىمەن... بىرنەچچە سائەت ساقلاپ ئاچچىقىڭىز كەلگەنلىكىنى بىلىمەن، بىراق بۇنى، ئۆزىڭىزدىن كۆرۈڭ. گەپ قىلماڭ! مەن سىزنى ئەمەس، ئېرىڭىزنى چاقىرتتىم، ئۇ كىچىك بالا ئەمەس، زەرگەرلەر پىرىستانىغا ئۆزى كېلەلەيدۇ. كېلەر قېتىم سىزنى مەھكىمىنىڭ دەرۋازىسىدىنمۇ كىرگۈزمەيمەن... ئۇنى سىزگە قايتۇرۇپ بېرىمەن... ئۇنىڭغا باشقىچە تەدبىر قوللىنىش ـ قوللانماسلىقنى بىلەلمىدىم... قانداقلا بولمىسۇن... راستلا ئېلىشىپ قالغان ـ قالمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنى دوختۇرغا تەكشۈرتىشىمىز مۇمكىن... قايتىپ كەتسىڭىز بولىدۇ... چىقىپ كېتىڭ دەۋاتىمەن، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ شۇنداق بولسۇن! كىمگە ئەرز قىلسىڭىز مەيلى... خەير ـ خوش، خانىم.

ئۇھ! ئىشىك ئاخىرى يېپىلدى. لۇگا بەكمۇ ھەيران قالدى، ئۇ باشلىقىنىڭ تەرلىرىنى سۈرتۈپ، ئاستا ـ ئاستا تىنچلانغانلىقىنى ھەتتا كۇلۇمسىرىگەنلىكىنى كۆرگەندى.

ــ نېمە بولدى؟

ــ ھېچنېمە، لۇگا ئاغىنە... ھېچقانداق ئىش بولمىدى... بۇ ئايالنى كۆزۈم كۆرمىسە دەيمەن، شۇ! مەن ھەرقانچە زور بەدەل بېرىپ گلانگۇر كوچىسىدىكى ئاشخانىدا ئۇنىڭ ئېرىنى ئەمەس، ئۇنى كۆرۈشكە رازى ئىدىم...

لۇگا كۇلۇۋەتتى، ئۇ مىگرېنىڭ بۇنچىۋالا ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى ھېچقاچان كۆرمىگەنىدى.

ــ بۇ ئىشتىن شۇنى ئويلىدىمكى... ــ ساقچى باشلىقى بىردىنلا

بىرنەرسىنى يادىغا كەلتۈرگەندەك سۆزلىدى.

گەپنى شۇ هامان داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن بولمىغاندەك، ئۇ سىنا دەرياسىدا جۇلالىنىۋاتقان قۇياشقا سانت مىشىر كۆۋرۈكىدە مىغىلداپ كەتكەن ئالا ـ يېشىل كىيىملىك ئادەملەرگە تىكىلدى.

ــ بۇ ئىشتىن نېمىلەرنى ئويلىدىڭىز؟

ــ هېچنېمە... بۇ ئايالىنىڭ جۇمە كۈنى چۈشتىن كېيىن نەگە بارغانلىقىنى بىلىش، قىلچە خاتاسىز ئېنىق بىلىش كېرەك... بۇنى سىز مەسئۇل بولۇپ ئېنىقلاڭ...

ــ سىز نېمە ئۈچۈن ئۇ ئايالدىن يەكشەنبە كۈنى كۈندۈزدىكى ئىشلىرىنى سوراپ باقمايسىز؟

ــ هاجەتسىز!

چۈنكى ئۇ ئايالنىڭ مۇشۇ مەسىلىنى سوراپ قالىدۇ دەپ، گەپ تەييارلاپ قويغانلىقىنى مىگىر بىلەتتى. ئۇ ئايالنى غەزەپلەندۈرۈپ، تىنچسىزلاندۇرۇپ، چىچاڭشىتىپ قويغان ئىشمۇ ئۇنىڭدىن هېچقانداق سوئال سورالمىغانلىقى ئىدى. بۇ چاغدا ئۇ ماشىنىدا تۆرلۈك ئېهتىماللىقلارنى ئويلاپ قورقۇپ كېتىۋاتقاندۇ.

ــ سىزنىڭچە...

ــ مەن هېچنېمىنى ئويلىمىدىم... كىم بىلىدۇ دەيسىز؟... سىز رافىلغا بىر بېرىپ كەلسەممىكىن دەيمەن... يەنە بىر مەخلۇق، ماسكوۋئان دېگەن ئەخمەق قانداق بولدى؟ ئوردا دوختۇرخانىسىغا تېلېفون بېرىپ باقتىڭىزمۇ؟

ــ ئەهۋالى ئادەمنى خاتىرجەم قىلىدۇ. سىڭلىسى يوقلاپ بارغانىدى، تونۇيالمىدى، يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن...

ــ ئۈستى ئوچۇق يېشىل ماشىنا هەيدىگەن ئادەمچۇ؟

www.uyghurkitap.com

— ھېچقانداق خەۋەر يوق... ماشىنىسىنى ئالماشتۇرۇۋەتكەندۇ... ئۈستى ئوچۇق يېشىل ماشىنىدىن 20 نى تاپقان بولساقمۇ، سوت مەھسۇلاتلىرى دۇكىنىدىكى ئايال خىزمەتچى ئەمەس دەپ تۇرۇۋاتىدۇ.

بىرسى ئىشىكنى چەكتى، خىزمەتچى ئىكەن.

— مەھكىمە باشلىقى چاقىرىۋاتىدۇ، ساقچى باشلىقى ئەپەندى.

مېگرې بىلەن لۇگىا ئۆزئارا قارىشىۋالدى. تەكشۈرۈش جەريانىدا بۇ ئەزەلدىن ياخشى ئىش ھېسابلانمايتتى. قانداقتۇ بىر ئىش يۈز بەرگەنلىكىنىڭ بىشارىتى ئىدى، تالاش-تارتىش بولغانمىدۇ، بەزىلەر قارشى چىققانمىدۇ، نېمىلىكىنى كىم بىلسۇن؟ مېگرېنىڭ ئەيىبلەشلەرنى ئاڭلاشقا، ھەتتا تەكلىپلەرنىمۇ ئاڭلاشقا رايى يوق ئىدى. ئۇنىڭ غاڭزىنى چىڭ چىشلىۋېلىشىدىن نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

ئۇ يۇمشاق رەخت بىلەن قاپلانغان ئىشىكنى ئىتتىردى.

— مېنى چاقىرغانمىدىڭىز؟

بۇ چاغدا مەھكىمە باشلىقى گەپ-سۆزسىزلا ھازىرلا تاپشۇرۇۋالغان تېز پوچتىنى ئۇنىڭغا سۇندى. مەھكىمە باشلىقىنىڭ ھالىتىدىن نارازىلىقىنى ياكى باشقىلارنى مەسخىرە قىلغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. مېگرې ئوقۇشقا باشلىدى:

"جىنايى ئىشلار ساقچى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ئەپەندى:

سىزگە بەزى ئىشلارنى ئېيتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغىنىمغا بەك مەمنۇنمەن، سىزنىڭ تارمىقىڭىز ئېنىق گەپنى قىلمىسا، رەسمىي رەسمىيەت ئارقىلىق شىكايەت قىلماقچىمەن.

ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنى ئادىتىم بويىچە سېنا دەرياسى بويىدىكى

مورسانغا دەم ئېلىشقا بىرىپ قايتىپ كەلگىنىمدە، ئىشىك باقار ماڭا ئۆزىنى پۇقراچە كىيىنگەن ساقچى دەۋالىغان بىرەيلەنىنىڭ مەندىن بۇرۇنراق كېلىپ، ئىشىك باقاردىن مېنىڭ پەزىلىتىم، كىرىمىم ۋە ئادەتلىرىم ھەققىدە نۇرغۇن سوئاللارنى سورىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

ئىشىك باقار ئۇنىڭ گۇۋاھنامىسىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئۇنتۇپتۇ؛ مەن ئۇنىڭ يالغان ساقچى ئىكەنلىكىگە تامامەن ئىشىنىمەن.

ۋاھالەنكى، مەن دېرىزەمدىن ئۇنىڭ سانت جورج مەيدانىدىكى «لوپىئېر» دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك قەھۋەخانىدا تۇرۇپ مېنى كۆزىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم.

ئۇ مېنىڭ يالغۇز ياشايدىغانلىقىمنى ھەمدە ئاشخانىدىن غىزالىنىدىغانلىقىمنى بىلسە كېرەك، مەن سىرتقا چىققان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆيۈمدىن نېمىنىدۇ ئېلىپ كەتمەكچىدۇ.

دەرۋەقە، مەن ئۆزەمنىڭ ئاكسىيە بازىرىدا قاراڭغۇ بازار سودىسى قىلىدىغانلىقىمنى سىزدىن يوشۇرۇپ ئولتۇرمايمەن، چۈنكى فرانسىيىدىكى بارلىق پۇقرالار شۇنداق قىلىشى مۇمكىن؛ ئۇنىڭدىن باشقا، مەن ئۆيۈمدە دائىم خېلى جىق پۇل ۋە ئاكسىيە چېكى ساقلايمەن.

مەن يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنى رايونلۇق ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا دوكلات قىلدىم ۋە ساقچى ئەۋەتىپ قوغداشنى تەلەپ قىلدىم. بىردەمدىن كېيىن ساقچى كىيىمى كىيگەن بىر ساقچىنىڭ لۇئايت بوۋى مەريەم موناستىرى كوچىسىغا كەلگەنلىكىنى كۆردۈم.

مېنى پايلاۋاتقان ئادەم ئۇ ساقچى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە گەپلەشتى، ھېلىقى ساقچى مۇرىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە پايلاقچى يەنە شۇ يەردە تۇرۇپتۇ. چىرايى سەت، كىيىمى قاملاشمىغان ئوتتۇرا ياشلىق بىرسى ئۇنىڭ ئالدىغا باردى ۋە سۆزلەشتى، ئىككىسى «لوپنىر»غا كىرىپ بىر ستاكاندىن ئىچىشتى...“

مەھكىمە باشلىقى مىگرنىڭ غەزەپلەنگەن چىرايىغا قاراپ، كۆلكىدىن ئۆزىنى تۇتالمىدى. روشەنكى، خەتتە دىيىلگىنى ساقچى باشلىقى ئىدى.

”...مەن بىر توپ ئادەم ئۇيۇشۇپ مىنىڭ پۇلۇمغا كۆز تىكىپ تۇرغانىمىكىن، دەپ ئويلاپ قالدىم. دۈشەنبە كۈنى كۈن بويى خەقلەر كەينىمگە كىرىۋالدى، ئۇلار ئالمىشىپ تۇردى، چىرايىدىن ياخشى ئادەملەر ئەمەسلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

ئاخىرىدا دەيدىغىنىم، پاۋ ۋە دىلۇئانلار مىنىڭ مەبلەغ سېلىش ۋەكالەتچىلىرىم. مەن ھەر ھەپتىدە ئۇ يەرگە بىرىپ تۇرىمەن. بۇ قېتىم بارغىنىمدا چىرايى سەت، غاگزا چىكىدىغان ھېلىقى ئادەمنىڭ بۇ يەرگىمۇ كېلىپ مىنىڭ مۇشۇ يەرنىڭ ئاساسىي خېرىدارى ئىكەنلىكىم ياكى ئەمەسلىكىمنى سۈرۈشتۈرۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇم.

مەھكىمە باشلىقى ئەپەندى، سىزنىڭ ھەققىي ئەھۋالنى تېزرەك ئېنىقلاپ بېرىشىڭىزنى ۋە مېنى بىئاراملىققا سالىدىغان بۇ ھالەتنى پاتراق ئاياغلاشتۇرۇشىڭىزنى سورايمەن.

جاۋابىڭىزنى كۈتۈپ، ئالىي ئېھتىرام يوللاپ

يىللىق كىرىم ئالغۇچى: ئېمىر بلايدىز.

لۇئايت بۇۋى مەريەم موناستىرى كوچىسى 25 ـ نومۇر...“

ـ ھە! مىگىر ئاغىنە؟

مىگىرنىڭ مەھكىمە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىشتىن ئاۋۋاللا



www.uyghurkitap.com

ئاچچىقى كېلىپ قالغانىدى، ئەمدىلىكتە ئۇ خۇددى غەزەپلەنگەن ئېيىقتەك، تەھدىت ئارىلاش "ھىم" دەپلا قويدى.

— قانداق ئويلايسىز؟ ياكى بۇ بىلايدىن ئەپەندى...

بۇ چاغدا مىگىر ۋارقىراپ كەتتى:

— بىلايدىن ئەپەندى؟ بىلايدىن ئەپەندى؟ بىلايدىن سىزنى كۆزدىن ئېلىپ قويماپتۇ، باشلىق!

— مېنىڭچە، سىزنىمۇ كۆزگە ئىلماپتۇ.

— شۇنداق، مېنى ياراتماپتۇ...

— سىز راستىلا پىلۇ ۋە دېلۇئانلارنىڭكىگە باردىڭىزمۇ؟

— راستىلا... بارغىنىممۇ ئوبدان بوپتىكەن... تەپسىلىي سۆزلىسەم گەپ تولا... ماسكوۋىئان ئېيتقىنىدەك، بىزگە ئاجايىپ سىياھ سومۇرگۇچ قەغەز ئەكىلىپ بەرگەن ھېلىقى ئادەم...بەللى! ماسكوۋىئان پىلۇ ۋە دېلۇئاننىڭ خىزمەتچىسى...

— بىراق بىلايدىن ئەپەندىچۇ؟

— توختاپ تۇرۇڭ! قاتىللىق دېلوسىنى كىم بايقىدى؟ لۇئا خانىم دېگەن مورساندىكى «گۈزەل كەپتەر» مېھمانخانىسىنىڭ ئايال خوجايىنى...

— مەن يەنىلا چۈشەنمىدىم...

— رونا خېنىم دائىم مورسانغا بېرىپ تۇراتتى... بىلايدىنمۇ ھەر ھەپتىدە باردۇ، ئۇ يەردە خەق تۇتۇپ تەييار قىلىپ قويغان چارچورتان بېلىقنى تۇتىدۇ...

— ماڭا ئېيتىڭا، مىگىر، مەن دەسلەپتە...

— مەنچۇ، مەن چۈشىنىشكە باشلىدىم دەپ ئويلايمەن... ماسكوۋىئان قاتىللىق دېلوسى يۈز بېرىشتىن ئاۋۋال بىزگە خەۋەر قىلدى...

روناخېنىم ئالدىن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئولتۇرۇشقا كەلمىدى... لۇئا خانىم بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىنلا جەسەتنى بايقىدى... بىلەيدىز بولسا پىلو ۋە دېلۇئانىڭ، شۇنداقلا لۇئا خانىمنىڭ ئاساسلىق خېرىدارى... پەقەت مۇشۇ لىكلاۋاگىنلا...

مىگىر چوڭقۇر ئويغا پاتتى.

— ئىككى گىرەلىشىش نۇقتىسى بار... پىلو ۋە دېلۇئان، يەنە بىرى مورسان... بۈگۈن كەچتە قارتا ئويناش دەرسىگە بارايمىكىن دەيمەن...

— قارتا ئويناش دەرسى؟

— گراف خانىمنىڭ ئۆيىگە بارىمەن... ناھايىتى ئېسىلزادە خانىمدەك قىلىدۇ، ئۇ پېشكەللىككە ئۇچرىغان، ئۇ پارىژدىكى يەككە - يىگانىلىق ھېس قىلىدىغان ئادەملەرنى ئېھرام كوچىسىدىكى مېھمانخانىسىغا قارتا ئويناشقا تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ، شۇنىڭ بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ... ئەلۋەتتە نەق پۇل سودىسى... ناۋادا بىلايدىز ئەپەندى ئۇنىڭ ئاساسىي خېرىدارى بولسا...

— ھە؟

— ھېچنېمە، بىلمەيمەن... بۇنىڭ بىلەن ھېچنېمىنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ... شۇنداقتىمۇ بۇنىڭ ئاجايىپ ماس كېلىش ئېھتىماللىقىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك - تە، چۈنكى، پىلو ۋە دېلۇئانىڭ خىزمەتچىسى ماسكوۋۇئانمۇ ھەركۈنى كەچتە گراف خانىمنىڭكىگە بېرىپ قارتا ئوينايدۇ... پەقەت لىكلاۋاگىن دېگەن بۇ ھايۋانلا...

مەھكىمە باشلىقى: ”بولدىلا! ھازىر ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىدىغان ۋاقىت ئەمەس...“ دېگەندەك قىلىپ، مۇرىسىنى پىلىنەر - بىلىنمەس قىسىپ قويدى.

ئۇ قولىنى ئۇزاتتى.

— سىزگە ئۇتۇق تىلەيمەن، ئاغىنە! ئۇنداقتا... بۇ بىلايدىز ئەپەندى توغرىسىدا... ئەڭ ياخشىسى ئېھتىياتچان بولساق-مىكىن؟... بۇ ئەپەندى بەك سەزگۈردەك قىلىدۇ، ئىشىمىزدىن چاتاق تاپقۇسى بار ئوخشايدۇ... ئەگەر گېزىت ساھەسىدىكىلەر ئارىلىشىپ قالسا، ئاندىن بىرەر پارلامېنت ئەزاسىنى سۆرەپ كىرگۈدەك بولسا...

ئەلۋەتتە! ئەلۋەتتە! ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك، باشلىق ئەپەندى. ئەمما، روشەنكى، سىز ئاۋۇ پەۋقۇلئاددە لىكلاۋاگىن بىلەن يۈز تۇرانە ئۈچ سائەت سۆزلىشىپ باقمىدىڭىز-دە!

## 6: مىگىرنىڭ پىكپوسنى بايقىشى

تېخنىك خادىملار پىكپوسنىڭ سىرىغا بەكمۇ قىزىقىپ قالدى. نەچچە مىليونلىغان كىشىلەر گېزىتنى ئېچىپ قارا خەتلىك ماۋزۇلار ئىچىدىن بۇ ئىسىمنى ئىزدەيتتى. بۇ ئىسىم ئىشلىتىلىۋېرىپ كونىراپمۇ كەتتى.

— پىكپوسنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— پىكپوس؟ پىكپوس ياخشىمۇ؟

تاكسى شوپۇرلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ قوپال كەسپداشلىرى ئۈچۈن، ئاخىرقى ھېسابتا يېڭىدىن بىر لەقەم تېپىۋالدى.

— ماڭە نېرى، ھە! پىكپوس!

ۋەھالەنكى، بىر چىۋىن، ئاشخانىدىكى ئادەتتىكى بىر چىۋىن كىشىلەرگە مەشھۇر پىكپوسنى تېپىپ بەردى. ئۇ كۈنى ئەتىگەندە،

مىگىر ئادەتتىكىدىن كېيىنرەك تۇردى، چۈنكى سەھەر سائەت ئىككىگىچە ئۇ گراف خانىمنىڭكىدە بولغانىدى. ھاۋا ئادەمگە خۇش ياققۇدەك سالقىن، كۈندۈزى قاتتىق ئىسسىق بولۇشىدىن دېرەك بېرىپ، قۇياش ئۆيگە ئالتۇن رەڭ نۇرىنى چاچاتتى.

مىگىر پارىژلىقلار ئۆز ئۆيلىرىدە يۇيۇنۇپ-تارىنىۋاتقان چاغدا سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كېلىشنى ياخشى كۆرەتتى. بۈگۈن ئۇ رىچارد رىنوۋا كوچىسىدىن چىقىپ زەرگەرلەر پىرىستانىغا بارماستىن، بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ ئايلىنىپ جۇمھۇرىيەت مەيدانىغا كەلدى.

تۈنۈگۈن ئۇ ئېھرام كوچىسىدىكى سالوندا ياخشى ئويىنيالمىدى. نېپىز يېپەك رەختىلەرگە ئورالغان گراف خانىم فرانسىيە تىياتىر-خانىسىدىكى نازىنىنلاردىنمۇ بەتتەررەك بولۇپ، مىگىر كىرىشكىلا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— ئاھ!... سۆيۈملۈك ساقچى باشلىقى ئەپەندى، مەن بىلەن مېڭىڭ، ئۆيۈمدە سىزدەك ئاتاقلىق زاتلارنى كۈتۈۋالغىنىم ئۈچۈن قانچىلىك ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتىمەن دەڭا.

خانىم تىنىماي سۆزلىگەچ ئۇنى كىچىك مېھمانخانىغا ئېلىپ كىردى. ئۇ مىگىردىن ئۆز سالونىدا بىرەر سەت ئىش قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ياخشى تەربىيە كۆرگەن، جەمئىيەتتە موھىم ئورنى بار ئادەملەرنىلا كۈتۈۋالاتتى...

— مەن ھېلىراقتا شاھزادىگە دېۋىدىم...

ئۇ يوغان ئۈزۈك سېلىنغان قوللىرىنى ھېلىدىن-ھېلىغا ساقچى باشلىقىنىڭ تىزىغا قوياتتى. مىگىر كۆپكۆك كۆزلىرى بىلەن بۇ ھاياجانلانغان ئايالغا قارايتتى.

— بىز بىلەن بىر كىچە ئويناشنى راستىنلا خالامسىز؟ ياق، بىلايدىز دېگەن ئادەمنى تونۇمايمەن... قايسى دوستۇمنىڭ سىز تەسۋىرلەپ بەرگەن بىلايدىزغا ئوخشايدىغانلىقىنى ئەسلىيەلمىدىم... چۈنكى بىز بۇ يەردە دوستلاردەك ئۆتىمىزغۇ، شۇنداقمۇ؟... ئەگەر ھەربىر ئادەم ئازراق پۇل تاپشۇردى دېسەك، بۇ قىسىنچىلىق مەزگىلدە بۇمۇ بىر تەبىئىي ئىش - تە...

بەش مىنۇتتىن كېيىن، مىگىرنىڭ سۈرىتى دائىم گېزىتلەرگە بېسىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇ ئۇنى پېنسىيىگە چىققان شاگشياۋ دەپ كۆپچىلىككە تونۇشتۇردى. ئۇ ئۇنى ئۆزىنىڭ قارتا ئۇستىلىگە، يەنى يېڭى كەلگەنلەرنىڭ ئۇستىلىگە باشلاپ كېلىپ، قارتا ئويناشنى ئۆگەتتى. لېكىن ئۇ يەنىلا ھەربىر ئۇستەلگە بېرىپ، ھەربىر ئادەمگە:

— بۇ دېگەن ئاتاقلىق ساقچى باشلىقى مىگىر! ئۇنىڭ سىياقىغا قارىماڭلار... بۇ يەرگە مەندىن ئۆگەنگىلى كەپتۇ...، — دەپ كوتۇلداپ يۈردى.

ھازىر مىگىر كوچىدا. ئۇ ئۇ ياقتىن بۇ ياققا كېتىۋاتقان ئادەملەرگە قاراپ، كۆڭلىدە، پارىژدا مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن مۇشۇنداق غەلىتە، سىرلىق ياكى ئاجايىپ - غارايىپ ئادەملەر ياشايدۇ يۇ، پەقەت بىرەر ئىش يۈز بەرگەندىلا، توساتتىن ئۇلارنى بايقىغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىدى.

ئۇ جۇمھۇرىيەت مەيدانىدىكى «تەنتەربىيە قەھۋەخانىسى»غا كېلىپ، ئىچىگە كىردى. پوكەيدىلا تۇرۇپ ئىچەيمۇ ياكى زالغا كىرەيمۇ؟ ئۇ ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمىدى. ئاخىرى، بولدىلا، جوسى ماسگوۋىئان ئولتۇرىدىغان ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇراي چۇ، دەپ

www.uyghurkitap.com

ئويلىدى. ئۇ ئىختىيارسىز ئويغا پاتتى: پىكپوس! نىمىشقا پىكپوس دەپ ئاتالغان؟ بۇ ئاھالە زىچ بىر كوچىنىڭ ئىسمىمۇ، ياكى پوپ لاشىر قەبرىستانلىقىنىڭ نىرىسىدىكى بىر رايوننىڭ ئىسمىمۇ؟

— كۇتكۇچى!... بىردىم لىتر پىۋا...

— مانا ھازىر، ساقچى باشلىقى ئەپەندى. ھازىرلا قۇيۇپ كېلەي...

يەڭلىرىنى شىمايلىۋالغانلىقىدىن تۈكلۈك بىلەكلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان ناستو زالنى سۈپۈرۈۋاتاتتى. بۇلۇڭدا ياقا يۇرتتىن كەلگەن بىر قىزچاق، بىر كىمنى ساقلاۋاتسا كېرەك، سۈتلۈك قەھۋىنى ئالدىرىماي ئىچىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ يېنىدا چامىدان تۇراتتى.

— ساقچى باشلىقى ئەپەندى، ھېلىقى بىچارە ماسكۇۋىئان ئەپەندى قانداق بولۇپ قالدى؟

ناستو ئېڭىشىپ يېرىم لىتر پىۋىنى بىر پۇتلۇق يۇملاق ئۈستەلگە قويدى. ساقچى باشلىقى ئۇنىڭ تاقىر بېشىغا، تۇغرىراقى پىشانىسىگە قونۇۋالغان چىۋىنغا تىكىلىپ قارىدى، كۇتكۇچى ئۇنى سەزمىگەندەك قىلاتتى.

ئۇنىڭ كۆزى چىۋىنىدىن، تاقىر باشتىن تېخىمۇ يىراقىراققا تىكىلدى؛ تۇساتتىن مېگرې ”ھىم“ دەپلا سەكرەپ تۇرۇپ كەتكىلى تاس قالدى. كۇتكۇچى قورققىنىدىن ئىتتىك كەينىگە ئۆرۈلدى، لېكىن ھېچكىمنى كۆرمىدى، شۇنىڭ بىلەن تەمكىنلىكتە نام چىقارغان بۇ ساقچى باشلىقىنىڭ نىمە ئۈچۈن تۇساتتىن ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئۇ تېخىمۇ چۈشەنمىدى.

مېگرې مانا ھازىرلا پىكپوسنى بايقاپ قالدى! پىكپوس مانا شۇ يەردە، جوسى ماسكۇۋىئان ھەركۈنى كېلىپ ئولتۇرىدىغان يۇملاق

ئۇستەلنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامدا ئىدى، پالچى ئايالنى ئۆلتۈرسەمەن دېگەن خەت مۇشۇ يەردە يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەگەر گېزىت ساھەسىدىكىلەر پىكپوس دېگەن ئادەمنىڭ سۈرىتىنى ئېلان قىلسا، ئاممىنىڭ قانچىلىك كۈلكىسىنى كەلتۈرەر ـ ھە!

تاۋكادىكى ساندۇقنىڭ ئۈستىدە يوغان بىر ئېلان كالىندارى تۇراتتى، بەزى سودىگەرلەر كونا خېرىدارلىرىغا كالىندار سوۋغا قىلاتتى.

ئۆي كۆچسىڭىز خىزمىتىڭىزدە بولىمىز، ھەرقانداق نەرسىڭىزنى سۇندۇرۇپ قويمايمىز، ئىزدىسىڭىز...

رەڭلىرى تەبىئىي چىققان بىر رەڭلىك رەسىمدە يول ـ يول توم يىپلىق پوپايكا كىيگەن خەلق پالۋانى: قىزغۇچ ساقاللىرى پاخپىيىپ كەتكەن، يۈز ـ كۆزى قىپقىزىل، ئولىمپىيە ئىلاھلىرىدەك مۇسكۇللۇق گىگانت ئادەم خېرىدارلارغا كۆز قىسىپ، قېشىنى ئويناتقان ھالدا، ئەينەكلىك كىيىم شكاپىنى ئويناپ تۇراتتى:

بىزنى، پىكپوسنى ئىزدەڭ!

بۇ سۆز يوغان قارا ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان بولۇپ، بىر قاراشتىلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئاندىن، كىچىك ھەرپلەر بىلەن مۇنداق يېزىلغانىدى:

بىرلەشمە يۆتكەش ترانسپورت شىركىتى. پارىژ، پىكپوس كوچىسى 101 ـ نومۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، پىكپوس مەۋجۇت ئەمەس. ئۇ بىر كۈلكىلىك ھەزىلكەشنىڭ ئوبرازى، بىر ئېلاننىڭ لوزۇنكىسى. بىركۈنى كەچقۇرۇنلۇقى بىرسى بۇ يۇملاق ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ بىر باغاقچىنى يازغان. كېيىن ئارىسالدا بولۇپ قالغان. نېمە دەپ ئىمزا قويۇش

www.uyghurkitap.com

لازىم؛ ئۇ ئەتراپىغا قارىغان، كۆزى تامدىكى كالېندارغا چۈشكەن. پىكپوس!

ئىزدەشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇ ئەركىشى — ياكى ئايال — مۇشۇ ئىسمنى ئىمزا قىلىپ قويغان، چىرايىدا بەلكىم مەسخىرىلىك ھالەت بولسا كېرەك: "ئىمزا: پىكپوس."

ئەمدىكى گەپ، كىمنىڭ بۇ ئورۇندا، كىلىونىكا قاپلانغان بۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، «تەنتەربىيە قەھۋەخانىسى»نىڭ مېھمانلار ئۈچۈن ھازىرلاپ قويغان سۆسۈن سىياسى بىلەن سوكال گاگېبى قەلىمىنى ئىشلەتكەنلىكىنى بىلىش ئىدى.

پەقەت مۇشۇ ئىشلا مۇشۇنداق ئىدى، چاتاق يوق، ئۇنىڭغا ئايان!

— قانچە تۆلىشىم كېرەك، كۈتكۈچى؟

مىگر كالىندارنى ئېلىپ كېتەيمىكىن، جىنايى ئىشلار كۆرگەزمىخانىسىغا ئاپىرىپ قويايمىكىن دەپمۇ ئويلىدى، بىراق تەكشۈرۈش ئاياغلاشقان كۈنى كېلىپ ئەكىتىشنى تېخىمۇ لايىق تاپتى.

بۇ يەر گائىن كوچىسىدىن بىرقانچە قەدەملا نېرىدا بولغاندىكىن، نېمىشقا پلۇ ۋە دېلۇئانلارنىڭكىگە كىرىپ ئۆتمەيدىكەن؟ بىرىنچى قېتىم بارغىنىدا ئۇ ئىككى خوجايىن بىلەن كۆرۈشەلمىگەنىدى.

بۇ بىنادا نۇرغۇن ئىشخانىلار بار بولۇپ، پەلەمپەيلىرىنى چاڭ-توپا بېسىپ كەتكەنىدى. ئۈچ قەۋەت بىنانىڭ بارلىق دېرىزىلىرىنىڭ يېرىمىغا يېشىل ئەينەك سېلىنىپ، ئۈستىگە بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان ئىككىسىنىڭ نامى يېزىلغانىدى.

— پلۇ ئەپەندىنى ئىزدەيتتىم.

— پلۇ ئەپەندىنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشمەكچىمۇ؟

— شۇنداق، ئۆزى بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم.
— پىلۇ ئەپەندى بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئاۋۋال ئۆلۈپ كەتتى.
مىگرىنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئۇ كۆرەڭلىگىنىچە كۈلۈپ تۇرغان ئىشخانا خىزمەتچىسىگە دېلۇئان ئەپەندى بىلەن كۆرۈشمەن، دېدى. بىردەمدىن كېيىن، ئۇ دېلۇئاننىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. ئۇ 50 ياشلاردا بولۇپ، ساقچى باشلىقىغا گۇمانىي نەزەر بىلەن قارىدى.
— مەرھەمەت ساقچى باشلىقى ئەپەندى. ئىش ئۈستىلىم ئۈستىدىكى نام - ئەمەل كارتوچكىڭىزنى كۆردۈم، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئېتىراپ قىلالايلى...
— چۈشىنىمەن، دېلۇئان ئەپەندى... شۇنداقتىمۇ بىرنەچچە سوئالىم بار، سورىۋالاي...
— مېنىڭ خېرىدارلىرىم توغرىسىدىكى گەپ بولسا، سىزگە دەپ قوياي، بىز مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلايمىز، بىز ھەتتا ئۆزىمىزنى كەسپىي مەخپىيەتلىك بىلەن چەكلەپ تۇرىمىز دەپ قارايمىز...
دېلۇئان ئەپەندى، سىز جوسىق ماسگۇۋىئاننى سەممىي - سادىق خىزمەتچى دەپ قارامسىز، ئېيتىڭا؟
— ئۇنداق بولمىغاندا، مەن ئۇنى ئىشلەتمەس ئىدىم...
— ئۇنىڭ بۇ يەردىكى ۋەزىپىسى مۇھىممۇ؟
دېلۇئان ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشكنى ئېچىۋەتتى، سىرتتىكىلەر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىيالمايتتى.
— نۆۋەتتىكى ئەھۋالنى ۋە بۇ بىچارە ئادەمنىڭ سىرلىق ھەرىكىتىنى ئويلىسام، سىزگە شۇنى ئىقرار قىلايكى، مەن بۇ ئادەمنى مۇھىم كۆڭۈلچەكلىك قىلىپ ئىشلىتىۋاتىمەن...
— ئۇ سىزنى رازى قىلالمىدىمۇ؟

— مېنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك... كەسپچانلىقىن قارىغاندا، ئۇنى ئەيىپلىگۇدەك ھېچ ئىش يوق... ئەكسىچە! ئۇ ھەممىدىن بۇرۇن كېلىپ، ھەممىدىن كېيىن كېتىدۇ... خىزمەت ۋاقتىدا ھەرگىز يوشۇرۇنچە گېزىت كۆرمەيدۇ، رومان ئوقۇمايدۇ، ھاجەتخانىغا چىقىپ تاماكا چېكىپمۇ كىرمەيدۇ... ئائىلەمدە ئۇنداق، مۇنداق كېلىشمەسلىك بولدى دەپ يالغان ئېيتىپ بىرەر كۈنلۈك رۇخسەتمۇ سورىمايدۇ... ئۇنىڭ ئۆلۈپ قالىدىغان مومىسى، ئاغرىپ قالىدىغان ھاماچىسىمۇ يوق... ئۇ ھەقىقەتەن بەكمۇ ئەستايىدىل...

— سىز نېمە دېمەكچى؟

— ئۇ ئۇچىغا چىققان ئاق كۆڭۈل... بۇنى بەلكىم ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ھاياتى كەلتۈرۈپ چىقارغاندۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئاممىۋى پاراۋانلىق ئىشلىرى ئىدارىسىدىن بېقىۋېلىنغان بالا ئىكەنلىكىنى بىلىمەن... ئۇ ھامان باشقىلار مېنى پايلاۋاتامدىكىن، مەندىن نارازىمىكىن، گۇمانلىنىۋاتامدىكىن دەپ ئويلايدۇ-دە، دائىم شۈبھىلىنىپ يۈرىدۇ. ئۇ تەنقىدكە بەكمۇ سەزگۈر بولغاچقا، ئۇنى زادى تەنقىدلەپ باقمىدىم... ئىشداشلىرى ئۇنى ياقتۇرمايدۇ... ئۇ ئۆزى ئولتۇرىدىغان ئورۇندا ئولتۇرۇپ خىزمىتىنى قىلىدۇ، باشقىلار بىلەن زادى ئالاقە قىلمايدۇ...

— ماڭا ئېيتىپ بېرىڭا، دېلۇئان ئەپەندى، ئۇنىڭ پۇل ساندۇقىدا پۇلنىڭ كەم چىققانلىقىنى بايقاپ قالدىڭىزمۇ؟

بۇ سودا-سانائەتچى بۇ گەپتىن ھەيران قالدى.

— پۇل؟ ئۇنىڭ پۇل ساندۇقىدا؟... لېكىن، ساقچى باشلىقى ئەپەندى، بۇنداق بولۇشى تامامەن مۇمكىن ئەمەس! بىزنىڭ بۇ يەردە ھەرقانداق ئادەم، ھەتتا ئەڭ پىشقەدەم خىزمەتچىلىرىمىز ياكى مېنىڭ

ۋەكالەتچىلىرىمۇ مۇمكىن ئەمەس... بىزنىڭ ماگىزىن پۇل ساندۇقى بار ماگىزىن ئەمەس قولىنى ئۆزۈتۈپلا پۇل ئالالايدىغان... پۇل، نەق پۇل بىزنىڭ بۇ يەردە ئاساسەن يوق... بىز ئۆي جاهازلىرى، قەلئە-قورغان، داچا ۋە پارچە-پارچە يەرلەرنى ساتىمىز، بىزنىڭ سودىمىز نەچچە يۈز مىڭ فرانك، كۆپىنچە نەچچە مىليون فرانكلاپ بولىدۇ... بۇنداق نۇرغۇن پۇلنىڭ ھېساباتىنىڭ چەك ئارقىلىق شۇنداقلا گۇۋاھچى نەق مەيداندا تۇرغان ئەھۋالدا بولىدىغانلىقى ئېنىق... بىز سودا قىلىدىغان ئۆي جاهازلىرىنىڭ سودىسىمۇ ئاساسەن ئوخشاش، ناۋادا چەك ئىشلەتمەي پۇل تاپشۇرۇش توغرا كەلسە، بىزنىڭ ھېساب يىققۇچىمىز بار...

— ئۇنداق بولسا، سىزنىڭچە، سىزنىڭ خىزمەتچىلىرىڭىز بۇ يەردىن مىڭ فرانكنى ئوغرىلاپ كېتەلمەيدىكەن-دە؟

— بۇ پۈتۈنلەي مۇمكىن ئەمەس... ئۇنىڭدىن باشقا، مەن سىزگە ماسكۇۋىئانىنىڭ خاراكتېرىنى ئېيتىپ بەردىمغۇ... ياق، ساقچى باشلىقى ئەپەندى!... سىز مەسىلىگە خاتا نۇقتىدىن قارىغانسىز... بەكمۇ ئەپسۇسلىنىمەن، لېكىن...

ئۇ تېخىمۇ مۇھىم خېرىدار ئۆزىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئورنىدىن تۇردى.

— يەنە بىر كىچىك مەسىلە بار، مېنىڭچە بۇ كەسپىي مەخپىيەتلىك بولمىسا كېرەك... بىلايدىز ئەپەندى سىزنىڭ چوڭ خېرىدارىڭىزمۇ؟

دىيلوئان ئارىسالدى بولدى. ساقچى باشلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا جاۋاب بەردى:

— چوڭ خېرىدار دېگىلى بولماس... ئۇنىڭ بانكىدا خېلى

ئابرويى بار... بۇ ھەقتە ھەرقانداق بىر پۇل-مۇئامىلە ئورگىنى
سىزنى ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتەلەيدۇ... لېكىن، بىرنىڭ چوڭ
خېرىدارىمىزغا كەلسەك، ئەمەس! توغرىراقى، ئادەمنى بىزار قىلى
دىغان خېرىدار ئۇ، بۇ ئۇنى تەنقىدلىگىنىم ئەمەس... دائىم بولۇپ
تۇرىدىغان ئىش... بولۇپمۇ ئاشۇنداق بىكار تەلەپ سۈتخورلار
ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ بىر ئامالى... ئۇ كېلىدۇ...
بولۇۋاتقان سودىنى ئۇقۇشىدۇ، سېتىلىدىغان يەر ياكى ئۆي-جاينى
كۆرۈپ باقىدۇ ۋە خۇددى سېتىۋالىدىغان خېرىداردەك باھا تالىشىدۇ،
كۆپ ھاللاردا بىر قارارغا كېلەلمەيدۇ... قارالڭ... مانا مۇنداق...

ئۇ ئاچ سېرىق ماتېرىيال خالتىسىنى ئالدى، ئۇنىڭغا بىلايدىز
ئەپەندىنىڭ ئىسمى ۋە نومۇر يېزىلغانىدى.

— بەش يىلدىن بېرى ئۇ بىز ئارقىلىق ئۈچ قېتىم سودا قىلدى،
بىر كىچىك داچا، بىرېتانىدىكى بىر پارچە ئىجارە يەر ۋە نېستىكى
بىر يۈرۈش ئۆي... جەمئى 600 مىڭ فرانك... ساقچى باشلىقى
ئەپەندى، مەن سىزگە مۇشۇنچىلىكلا دەپ بېرەلەيمەن... كەچۈرۈڭ،
مېنىڭ ۋاقتىممۇ سىزنىڭكىدەكلا قىممەتلىك.

ئۇ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، قولىنى ئۇزاتمىدى ھەمدە مېگرې
چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىشىكنى يېپىپ قويدى.

نېمىشقا؟ ھە، نېمىشقا ھېچكىممۇ ماسگوۋئاندىن سورىمىسا،
ئۆزى خوجايىنىنىڭ مىڭ فرانك پۇلىنى ئالدىم، دەيدۇ؟

مېگرې كۆڭلى غەش ھالدا ئىشخانىسىغا كەلدى، خىزمەتچى
تەييارلىق سوراق ئېلىپ بارىدىغان سوراقچىنىڭ ئۇنى بىر سائەتتىن
ئارتۇق ساقلىغانلىقىنى ئېيتتى. يەنە بىرسىمۇ كەلدى، ئۇمۇ ئەنزە
بەك سۆرۈلۈپ كەتتى، دەپ تىت-تىت بولغان بولسا كېرەك،

گېزىت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىنكاسى ۋە تەنقىدلىرى ھەققىدە سۆزلەپ، تەدبىر قوللىنىشنى تەلەپ قىلىدىغاندۇ...
مىگىر غاڭزىسىنى چىشلەپ، سوت مەھكىمىسىنىڭ كارىدورىدىن ئۆتۈپ، تەييارلىق سوراق ئېلىپ بارىدىغان سوراقچىلارنىڭ كارىدورىغا كىردى، كارىدوردا جاۋابكارلارنى ساقچىلار تۇتۇپ تۇراتتى، گۇۋاھچىلار ھە دەپ قول سائەتلىرىگە قارىشىپ، دۇملەپ قويغاندەك تىنجىقچىلىقتا كۈتمەكتە ئىدى.
— كىرىڭ! ساقچى باشلىقى ئەپەندى... ئولتۇرۇڭ... تۈنۈگۈن كەچتە يوللىغان دوكلاتىڭىزنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتىم... بۈگۈن ئەتىگەن بىز مۇۋەققەت باش تەپتىش بىلەن مۇزاكىرىلەشتۇق، ئۇ مېنىڭ پىكرىمگە تامامەن قوشۇلدى... بىر بولسا سىزنىڭ لىكلاۋاگىنىڭىز...
نېمىشقا ئۇ "سىزنىڭ" دەيدۇ؟
— بىر بولسا سىزنىڭ ئوكتاۋلىكلاۋاگىنىڭىز راستلا ساراڭ، بىر بولسا، ئۇ گۇناھسىز — بۇ نۇقتىغا گۇمانىم تۇغۇلۇپ قالدى، ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرى دېگەنلىرىدىنمۇ كۆپ... شۇڭا بۈگۈن چۈشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭغا چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە ئىككى نېرۋا بۆلۈم دوختۇرى بىلەن پائۇل دوختۇر بىرلىكتە ئۇنى تەكشۈرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ ئادەم ئەۋەتتىم... بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟
ئۇ بەك كۆرەڭلەپ كەتكەنىدى، ھەتتا ساقچى باشلىقىغا مۇسابىقە ئېلان قىلدى، دېيىشكە بولاتتى. ئۇ خۇددى:
"شۇنداق، ھەممەيلەن سىزنى ئامالى باردەپ قارايدۇ... سىزنىڭ ئامالىڭىزنىڭ ئۈنۈمى بەك ئاستا بولۇۋاتىدۇ، بىچارە مىگىر! بۇ ئامالارنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى! تەييارلىق سوراق ئېلىپ بارىدىغان

سوراقچىسىنىڭ نادان بولۇشى ناتايىن، ئۇ ئىشخانىدا ئولتۇرۇپمۇ ساقچىلار چۈشەنمەيدىغان ئەنزىلەرنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ" دېمەكچى بولغاندەك قىلاتتى.

مىگىر گەپ ـ سۆز قىلماي غاڭزىسىنى چېكىپ ئولتۇرۇۋەردى، باشقىلار ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلالمىدى.

— مەن سېنى راپىل سوت مەھكىمىسىگە لىكلاۋاتقان ئائىلىسىنىڭ ئۇ يەردىكى تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ بېقىشنى ھاۋالە قىلدىم...

مىگىر يەنىلا لام ـ جىم دېمەي ئولتۇرۇۋەردى، بۇنىڭ بىلەن سوراقچى خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىدى. بۇ ساقچى ئەمەلدارى بۇنداق رىقابەتتىن خاپا بولۇپ قېلىپ، ھەممىنى بىر چەتكە تاشلاپ، كارى بولماي قالارمۇ؟

— كەچۈرۈڭ... مېنىڭ كۆز قارىشىمغا قوشۇلىشىڭىز مۇمكىن؛ بۇ ئەنزە بەك سوزۇلۇپ كەتتى، جامائەت پىكرىنىڭ نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، شۇنداقلا...

— ناھايىتى توغرا قىپسىز، سوراقچى ئەپەندى. پەقەت...

— نېمە؟

— ھېچنېمە... بەلكىم خاتالاشقاندۇرمەن...

ئىشلار ئۇنى بىئارام قىلىۋاتاتتى. تۈنۈگۈن ئىشخانىدا بوۋاينى يەنە كۆرۈپ قالدى. بوۋاينىڭ قوللىرى كىرىشىپ، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلەتتى، ئۇنىڭ ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدىغان قاراشلىرى ئۆز خىلىدىكى ئادەمدىن ئازراق رەھىمدىللىك تىلىگەندەك كۆرۈنەتتى.

بەكمۇ غەلىتە، سودىيە خاتا دېمەپتۇ، ئۇ دەسلەپىدىلا "سىزنىڭ ئوكتاۋلىكلا ۋاگىنىڭىز دېدىغۇ...

— ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇشنى سائەت نەچچىدە يەتكۈزدىڭىز؟



www.uyghurkitap.com

— ھە!... ھازىر سائەت 11... خەتنى ئېلىپ بارغان ئادەم سائەت 10 يېرىملاردا بادىنول كوچىسىدىكى ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چەككەن بولسا كېرەك...

— نېرۋىنى نەدە تەكشۈرمەكچى؟

— ئاۋۋال لىكلاۋاگىنىنىڭ ئۆيىدە... ئەگەر بۇ ئەپەندىلەر زۆرۈر دەپ قارىسا، بوۋاينى بۆلۈمگە ئەكىتىشى مۇمكىن... سىزمۇ بارامسىز؟

— مۇمكىن...

— ھە، ياخشى! قەدىرلىك باشلىقىم، بىردەمدىن كېيىن كۆرۈشەيلى...

شۇنداق، مىگىرنىڭ خۇيى تۇتتى: باشقىلار بۇ تەدبىرنى قوللانماقچى بوپتۇيۇ، مەندىن سوراپ بېقىشنى ھاجەتسىز دەپ قاراپتۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ زەرگەرلەر پرىستانىغا كېچىكىپرەك كەلگەچكە، باشقىلار ئۇنى ئىزدەپتىكەن.

بۇنداق قىلىشلا ئۇنى خاپا قىلىۋاتقىنى يوق. ئۇ قانداقتۇر... نېمە دېسە بولار؟... "ئۇنىڭ" لىكلاۋاگىنى... ھە! توغرا... ئۇنىڭچە بولغاندا، بۇ غەلىتە بوۋاينىڭ روھىي دۇنياسىنى پەقەت ئۇلار ئاچالايدۇ... دەسلەپتە، گلانگۇر كوچىسىدىن باشلاپلا بۇ بوۋاي ئۇنى قايمۇقتۇرۇپ قويىدى، قانداقلا ئىشنى قىلمىسۇن، ھامان مۇشۇ بوۋاي ئۇنىڭ يادىغا كېلىۋالدى: بابا قاش - كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ تۇرغان چاكىنا پىكپوسنى بايقىغاندا ئۇ يادىغا كەلدى؛ دېلۇئانىنىڭ ئىشخانىسىدا، قارىماققا ماسگۇۋىنان بىلەن بىلايدىزنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەۋاتقىنى بىلەن، بۇ غەلىتە بوۋاي كۆڭلىدە تۇردى.

— كىرىڭ، لوگا...

لۇگا قوللانغان تەدبىردىن خەۋەر تاپقان بولسا كېرەك، باشلىقىغا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى.

— بۈگۈن چۈشتىن ئاۋۋال بادىنول كوچىسىدا كىم بار؟

— ژان ۋېيىئېر.

مىگر ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەن دېرىزە ئالدىغا كېلىپ تۇردى، مەكتەپتىكى چاغدا يادلىغان شېئىر مىسرالىرى نېمىشقىدۇ خىيالدا ئەكس ئەتتى.

ئاسمان زۇمرەتتەك، دېڭىز جىلۋىدار،
ماتروس ئايالى تۇل قالدى يالغۇز.
تېگى يوق خىيال چىرمىغان ئۇنى،
قەلبىنى ئۆرتەر ئەلەم ھەمدە زار...

بۇ ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا ئازراق ئوخشىشىپ كەتمەمدۇ؟ سېنا دەرياسى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ئاقماقتا. ئادەملەرنىڭ چۆمۈللەر-دەك مىغلداپ يۈرگىنىگە قاراپ، پۈتكۈل پارىژنىڭ ھايات لەززىتىگە چۆمگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر بېلىق تۇتماقتا، سۇ ئۈزۈش كۆلىدە ئادەم تىقما-تىقماق، چوڭ-كىچىك كوچىلارنى ماشىنىلارنىڭ سىگناللىرى قاپلىغان، بۇ ئاۋازلار سارغۇچ چاڭ-توزانلارغا ئارىلىشىپ ئەبەدىي كۆك ئاسمانغا تارقالماقتا.

ئاسمان زۇمرەتتەك...

ئۇنىڭ كەسپى بەكمۇ غەلىتە-دە! ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بىر ئايال دۇمبىسى تەرەپتىن ئىككى پىچاق يېگەن... قورققىنىدىن تەر شۇرقىراپ قويۇلۇۋاتقان بوۋاي... بىر سودا خادىمى يېڭى كۆۋرۈكتە سېنا دەرياسىغا ئۆزىنى تاشلىغان... جۇمھۇرىيەت مەيدانى-دىكى بىر قەھۋەخانىغا چاكىنىلىقتا ئۇچىغا چىققان ئېلان كالىندارى

ئېسىلغان...

— بىز نېمە ئىش قىلىمىز، باشلىق؟

— بىلايدىز ئەپەندى قانداق بولدى؟

— ھازىر ئۇ ھەر كۈندىكىدەك ئاكسىيە بازىرىغا بېرىشۋاتسا كېرەك، لوئايىل پايلاۋاتىدۇ...

ئۇستى ئوچۇق يېشىل ماشىنا ۋە ئىككى تال ئالتۇن چىشى بار قوڭۇر چاچلىق ئادەمدىن خەۋەر يوق. سۈت مەھسۇلاتلىرى دۇكىنىنىڭ ئايال خىزمەتچىسى ئەيما كۈن بويى كوچىغا تەلمۈرۈپ، كېلىشكەن ئادەمنىڭ كېلىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇنىڭغا نۇرغۇن سۈرەتلەر كۆرسىتىلدى، ئەمما ئۇ ھېچقايسىسىنى تونۇمايمەن، دېدى.

— ماگا مادېرىنا كوچىسىدىكى ساياھەت ئىدارىسىنى ئۇلاپ بېرىڭ...

ئۇ غەمگە پېتىپ، تېلېفون تروۋكىسىنى ئالدى.

— ۋەي! بىرىت خېنىممۇ؟ مىگىر... شۇنداق... ياق... ئۇ ناھايىتى ياخشى، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ ئەمدى... ئىشخانىڭىزدىن قاچان چىقىسىز؟ چۈشتە... يېقىنراقتىكى بىر ئاشپۇزۇلدا مەن بىلەن بىللە غىزالىنىشقا رايىڭىز تارتارمۇ؟ نېمە دېدىڭىز، ماقۇل... بىردەمدىن كېيىن كۆرۈشەيلى...

مىگىر بىر تاكسى چاقىردى. ئۇ دەل مادېرىنا كوچىسى بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى كوچىدىكى بارلىق ئىدارىلەرنىڭ خىزمەتچىلىرى بىراقلا چىققان ۋاقىتتا ماشىنىدىن چۈشكەندى. ئۇ قىزىل بۆكلۈك، زىناقلىق، خۇش پېئىل چىرايىنى تېزلا تېپىۋالدى، بىراق ئۇ چىرايىدىن بىر خىل ئەندىشە چىقىپ تۇراتتى.

— سىزگە ۋەدە بېرەلەيمەنكى، ھېچقانداق يامان ئىش يۈز

بەرىدى... سىز بىلەن ئازراق پاراڭلىشايمىكىن دەپ...

كوچىدا كېتىۋاتقانلار بۇ بىر جۈپكە بۇرۇلۇپ قارىشاتتى ۋە ئوتتۇرا ياشلىق بۇ ئەركەكنىڭ ئامىتى بارىكەن، دەپ ئويلىشاتتى...

— سىز سوغۇق سەيلەرگە ئامراقمۇ؟

— بەكمۇ ئامراق...

ئۇ ئاساسەن دائىمىي خېرىدارلارنىلا كۈتۈۋالىدىغان بىر ئاشپۇزۇلنى تاللىدى، بۇ ئاشپۇزۇلنىڭ سەيلىرىنىڭ تەمى ياخشى، تۈرى كۆپ ئىدى. ئۇلار دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى. بۇ راستلا بىر جەم بولۇشقا ئوخشاپ كېتەتتى، مەسىلەن ئالايىتەن ئالىزاس ھارىقىدىن بىر بوتۇلكا ئېلىپ، مۇز ساندۇقىغا سېلىپ قويدى.

— ئېيتىڭا بىرىت خېنىم، ئاتا - ئانىڭىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ماسگۇۋىئان سىزنى ئوقۇتتى...ئازراق موگۇ ئالايمۇ؟ مەن ھېلى... ئۇ سىزنى مەلۇم يەردىكى ياتاقلىق مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردىمۇ؟ دېمەكچىدىم.

— مۇنمۇلاش موناستىرى ئاچقان ياتاقلىق مەكتەپكە.

— بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ نۇرغۇن پۇل خەجلىگەندۇ؟

— شۇڭا مەن خىجالەتچىلىك تارتىۋاتىمەن... ئۇنىڭ تاپقان پۇلىنىڭ كۆپ ئەمەسلىكىنى بىلىمەن... ئەمما ئۇ بىزنىڭ ئائىلىمىزگە كۆپ قەرزدارمەن دەپ قارايدۇ... ئۇ مېنى تەربىيىلەيمەن دەپ بەزىدە تاماق يېمىدىغۇ دەيمەن...

— سىز ئۇ يەردە قانچە ياشقا كەلگىچە تۇردىڭىز؟

18 ياشقىچە... مەن سىزگە دېگەنىغۇ، پۇلنى تېجەپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتمەكچى بولغانىدىم، لېكىن ئۇ زادى قوشۇلمىدى... شۇنىڭ بىلەن... ئۇ تېرنا كوچىسىدىن ئەپچىل بىر

يۈرۈش ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ بەردى...

— جاھازلىرى بار ئۆي بولغىيدى؟

— ياق، ئۇ جاھازلىرى بار ئۆيىنى ياخشى كۆرمەيدۇ... ئۇ ياش قىزلار ئۇچۇن بۇ ياخشى ئەمەس، قانداقتۇر غېرىپچىلىق باسىدۇ، ھېچبولمىغاندا پاكىز ئەمەس، دەيدۇ...

— بۇ ئىشقا بەش يىلچە بولغاندۇ؟... — بوش سورىدى مىگىر.

— شۇنداق ھېسابلاپ بېقىڭسىز - دە... مەن 23 كە كىردىم...

— ئېيتىڭا خېنىم، تاماقتىن كېيىن مەندەك بىر ياشانغان ئادەمنى بۇ ئۆيىڭىزگە باشلاپ بارسىڭىز سىزگە مالال كەلمەسمۇ؟

— ناھايىتى خۇشال بولىمەن... بىراق ئىشىك باقارغا نېمە دېيىشىمنى بىلمەيمەن - دە...

— سىز مېنى ماسكۇۋېئاننىڭ دوستى دەپ قويۇڭ... ئىشىك باقار ماسكۇۋېئاننىڭ سىزنىڭ ئۆگەي ئاكىڭىز ئىكەنلىكىنى بىلىدىغاندۇ؟ قېنى ئېلىڭ... بۇ بىمەنە گەپلەر ئىشتىھايىڭىزنى تۇتۇۋالدى - دە...

ئاشپۇزۇلدا مىگىرنىڭ يېشىدىكى بىر ئەر بىرىتقا ئوخشاش ياش، شۇنداقلا چىرايلىق بىر ئايال بىلەن غىزالىنىۋاتاتتى.

— چوقۇم يەڭ... سىزگە تاتلىق - تۈرۈملاردىنمۇ يېگۈزىمەن تېخى...

بىرسى مىگىر بىلەن سالاملاشتى. ئۇ ئۇنى تونۇمىدى ياكى دەرھال تونۇيالمىدى، شۇنداقتىمۇ سالىمىنى ئىلىك ئالدى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇ ئۇنىڭ سانتى تۇرمىسىگە ئىككى قېتىم ئاپىرىپ بەرگەن، بەكمۇ ئىشەنچسىز بانكىر ئىكەنلىكىنى ئېسىگە كەلتۈردى.

تاكسى...ياش قىز قول سائىتىگە قاراپ قويدى...

— تېز رەك بولايلى... سائەت ئىككىدە ئىشقا چىقىمەن...

ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق تىرنا مەيدانىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، جىمجىت بىر كوچىغا كەلدى.

— مۇشۇ يەر... لىفت بار...

ئالتىنچى قەۋەتتىكى ئۈچ ئېغىزلىق كىچىك ئۆي ياش بىرنىڭ خىنىمىنىڭ مىجەز - خۇلقىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرگەن هالدا يەكمۇ چىرايلىق سەرەمجانلانغانىدى.

— قاراڭ، بەكمۇ ئاددىي... ئۇنى چىقىمدار قىلغۇم كەلمەيدۇ... ئۇ ھەممىسى ئەرزان ماللار، ھەر ئايلىق مائاشىمدىن تۆلەيمەن دەيدۇ...

مىگىر چوڭ ماگىزىنلاردىن سېتىۋېلىنغان جاھازلار بارمىكىن دەپ قاراپ باقتى، يوق. ھەشمەتلىك نەرسىلەر يوق بولغىنى بىلەن، نەرسىلەرنىڭ سۈپىتى يامان ئەمەس... 20 مىڭ فرانكمىدۇ؟ 25 مىڭ فرانكمۇ - يا؟

— ئاشخانامنى كۆرۈپ باقامسىز؟ كەچتە ئۆزەم تاماق ئېتىمەن، قاچا يۇيىدىغانغا ئىسسىق سۇ بار... ئەخلەت ساندۇقى بولسا...

ئۇ ئىپتىخار بىلەن بىر قاپقاقنى ئېچىۋىدى، پاسكىنا نەرسىلەرنى تۆكىدىغان تۇرۇبىنا كۆرۈندى.

— چارەك كەم ئىككى بوپتۇ... دەرھال ئاپتوبۇسقا ئۈلگۈرمىسەم...

— سىزنى تاكسىدا ئاپىرىپ قويىمەن...

— ئىشخانامغىچە ئاپىرىپ يۈرمەڭ،... خىزمەتداشلىرىم باشقىچە ئويلاپ...

ماسكۇۋىئان...لىكلاۋاگىن... ماسكۇۋىئان... لىكلاۋاگىن... مىگىرنىڭ دىققەت مەركىزى ھامان مۇشۇ ئىككىيلەندە ئىدى... چارچورتان

بىلىقنى تۇتقان ھېلىقى ئادەم ھەققىدە ئويلىغىنى بىلەن... بىلايدىز ئەپەندىنىڭ ئوبرازى ساقچى باشلىقىنىڭ مول ئىنسانىي ھېسسىياتىنى قوزغىيالمىدىمىكىن، ئىشقىلىپ ھامان تۇتۇق، ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى.

— بۇنداق مول غىزالىرىڭىز ئۈچۈن كۆپ رەھمەت، ساقچى باشلىقى ئەپەندى، سىز جوسىق چوقۇم...

بەزىلەر يەپ - ئىچكەن مول غىزالىرىنى ئۈستى ئوچۇق بالكوندا تۇرۇپ ھەزىم قىلماقتا، بەزىلەر بولسا ئات بەيگىسى مەيدانىغا بېرىش ئۈچۈن تىقما تىقماق بولۇپ كەتكەن ئاپتوبۇسقا چىقماقتا ئىدى.

مىگىرنىڭ يەنە بىرئاز ۋاقتى بولغاچقا، ئاستا مېڭىپ، مارزىرىبلو ۋە ۋىلىيا كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ، سائەت ئىككى يېرىملاردا بادىنول كوچىسىغا كېلىپ، ئەتراپىغا زەڭ سېلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، ژان ۋېيئېرنى ئىزلىدى.

پۇقراچە كىيىنگەن ساقچى شوپۇرلار غىزالىنىدىغان كىچىك ئاشخانىدا تۇرۇپ ئۇنى چاقىردى. ئۈستەلدە يەپ ئېشىپ قالغان غىزالار بىلەن بىر بوتۇلكا ئالما ھارىقى بار ئىدى.

— ئالما ھارىقىدىن ئىچىپ باقامسىز، باشلىق؟ يامان ئەمەسكەن... بۈگۈن چۈشتىن ئاۋۋال چوڭ ئىش بولمىدى... ھېلىقى قېرى ئادەتتىكىدەك سائەت سەككىز يېرىم بولاي دېگەندە ئۆيىدىن چىقتى، مەن رايوندىكى بىر ساقچىنى ئۆيىنى كۆزىتىشكە قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزەم ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدىم... بىز ئالدىرىماي بىر ئايلىنىپ، ئۇدۇل بىرونېي ئورمانلىقىغا باردۇق، ئاندىن مايۇۋ دەرۋازىسىدىن قايتىپ كەلدۇق... بوۋاي چۈشتە سائەت سەل كەم 12 دە ئۆيىگە قايتىپ كەلدى، ھېچكىم بىلەن پاراڭلاشمىدى...

— رايونلۇق شۆبە ساقچى ئىدارىسىدىن كەلگەن ھېلىقى ساقچىچۇ؟

— نۆۋەت ئالماشتۇرىدىغان چاغدا ئۇنىڭدىن سورىدىم، ئىككى ئايال سىرتقا چىقماپتۇ، بىرەيلەن ئۇلارغا گۆش ۋە سەي ئەكىلىپ بېرىپتۇ. ئۇلار ماگىزىنغا تېلېفون بەرگەن بولسا كېرەك... سائەت ئون بولاي دېگەندە، سوت مەھكىمىسىدىن بىر ۋېلىسىپىتلىك ئادەم كەپتۇ...

— بىلمەن...

— ھە، ھەممىنى بىلدىكەنسىزغۇ... مەن كەچرەك غىزالاندىم، چۈنكى يېقىن ئەتراپتا بىر قۇرۇلۇش ئورنى بار ئىكەن، ھەممە ئىشچىلار مۇشۇ يەردە چۈشلۈك تاماق يەيدىكەن... بوش ئۈستەل يوقكەن... مەن كىرىپ مەيدانىدىن تېلېفون بەردىم... سىزنىڭچە بۇ ئالما ھارىقى قانداقراقكەن؟... سۇ ئارىلاشتۇرماپتۇ، شۇنداقمۇ؟ مېنىڭچە، شوپۇرلار غىزالىنىدىغان ئاشخانىلاردىلا...

بىر كىچىك ماشىنا ئۇدۇلدىكى ئۆينىڭ ئالدىدا توختىدى. مېگرې ئورنىدىن تۇردى.

— پۇلنى ساڭا تۆلەتكۈزىدىغان بولدۇم...بىردەمدىن كېيىن كۆرۈشەيلى...

— مەن مۇشۇ يەردە قالامدىمەن؟

— شۇنداق...

بىرىنچى ماشىنىنىڭ كەينىدىن ئىككىنچى ماشىنىمۇ كەلدى. بىرىنچى ماشىنىدا ئوتتۇرا ياشلىق ئىككى ئەر ۋە ئېگىز بويلۇق يىگىت بار ئىدى، ئۇ سىستىرا بولسا كېرەك، دوختۇرلۇق سومكىسىنى كۆتۈرۈۋاپتۇ. يەنە بىر ماشىنىدىن تەييارلىق سوراق قىلغۇچى بىلەن

قانۇن دوختۇرى پائۇل چۇشتى.

— ۋاي! ياخشىمۇ سىز مىگىر...بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالارمىز دەپ ئويلىماپتىكەنمەن...قانداق؟ ئېلىشىپ قالغانمىدۇ؟ ئېلىشمىغانمىدۇ؟...سىزدە بىر قاراش بولۇشى كېرەك...ياخشىمۇسىز، پروفېسسور ئەپەندى...ياخشىمۇ سىز، دېرۋىنى...ئۇنتۇغاقلىق كېسىلىگە دۇچار بولغان ھېلىقى ئادەمنىڭ ئەنزىسىچۇ؟...يالغاندىن بولۇۋالغانمۇ، ھە؟...

ھەممەيلەننىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى، ئۇلار يولدا ئۆزئارا سالاملىشىپ، ئەھۋال ئىگەللەشتى. ھېچكىممۇ ياشانغان بۇ سۇرلۇك ئادەملەرنىڭ ئوخشاش بىر ئادەمنىڭ ئەركىنلىكىدىن ئىبارەت چوڭ ئىش ئۈستىدە بىر قارارغا كېلىشنى پەرەز قىلالمايتتى.

— يۇقىرىغا چىقمايمىزمۇ؟ ساقچى باشلىقى ئەپەندى، بۇ ئۆينى بىلگەندىكىن، بىزنى باشلاپ چىقىڭا...

پەلەمپەيدىكى ئەينەك رامكىغا ئېلىنغان رەڭلىك رەسىملەرنىڭ رەڭلىرى بەزىلىرى قاندەك قىزىل، بەزىلىرى ئالتۇندەك سېرىق جۇلالىنىپ، كىشىلەرنىڭ يۈز-كۆزىگە چۈشەتتى. مىگىر ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ كۇنۇپكىسىنى باستى، ئۆيدىن بىرى ئۇششاق دەسسەپ، ئالدىراپ كەلدى. ئاخىرى ئىشىك ئېچىلدى.

— مەرھەمەت، ئەپەندىلەر...، — دېدى ساقچى باشلىقى بىرچەتكە ئۆتۈپ تۇرۇپ.

لىكلاۋاگىن خانىممۇ:

— مەرھەمەت...، — دەپ تەكرارلىدى.

— نېمە ئىش بولغاندۇ؟ خانىم جىددىيلەشكەن ھالدا ھەممەيلەننى مېھمانخانىغا باشلاپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆزى

تونۇيدىغان بىرلا مىگىردىن:

— ئۇ نەدە؟ — دەپ سورىدى.

— كىمنى دەۋاتىسىز؟...بىلەمسىز، بۇ ئەپەندىلەر يولدىشىڭىزنىڭ نىرۋىسىنى تەكشۈرگىلى كەلدى...سىز مۇنۇ سوراقچى ئەپەندى ئەۋەتكەن ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدىڭىزغۇ...

— شۇنداقمۇ؟

— ھەي، خانىم...بۈگۈن چۈشتىن ئاۋۋال سائەت ئون بولاي دېگەندە، لىكلاۋاگىن ئەپەندى سەيلىگە چىقتى، شۇ چاغدا ۋېلىسىپىتلىك بىرەيلەن ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ بىر پارچە خېتىنى سىزگە تاپشۇرۇپ بەردىغۇ...

— شۇنداق، بىراق خەت ئېرىمگە يېزىلغان...

— سىز ئېچىپ باقمىدىڭىزمۇ؟ نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى بىلمەمسىز؟

— باشقىلارنىڭ خېتىنى ئېچىپ ئوقۇيدىغان ئادىتىم يوق. مەن كونۋېرتنى — سېرىق كونۋېرتنى، ئېسىمگە كەلدى — مانا بۇ يەرگە قويۇپ قويغاندىم، قاراڭ...، — ئۇ ئىشكىنى ئېچىپ، كۆتۈش ئۆيىدىكى كونا پوسۇندىكى چاي ئۈستىلىنى كۆرسەتتى. دەرۋەقە، چاي ئۈستىلىنىڭ تۆۋەنكى تەكچىسىدە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تامغىسى بېسىلغان سېرىق كونۋېرت تۇراتتى. بىراق كونۋېرت قۇپقۇرۇق ئىدى.

— نېمە ئىش بولدى؟

— بىلمىدىم... ئېرىم ھەرقاچانقىدەك قايتىپ كېلىپ چۈشلۈك تامىقىنى يېدى...

— ئۇ خەتنى كۆرگەنمىدى؟

— كۆرگەن بولسا كېرەك، چۈنكى مەنمۇ، قىزىممۇ خەتنى

ئېچىپ باقمىدۇق... ئۇچەيىلەن بىرلىكتە چۈشلۈك تاماق يېيدۇق...
مەن ھەتتا تاماق ئۈستىلىدىكى قاچا - قومۇچىلارنىڭ ئېلىنغان - ئېلىنمى-
غانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن...ياق...خىزمەتچىمىز دەم ئالغاندى...

ئۇ يەنە بىر ئىشكىنى ئاچتى، ئاشخانىدا ئۈچ يۇرۇش تاماق
قاچىسى، ئازراق مېۋە ۋە ئېچىپ قالغان پىشلاق تۇراتتى.

— قاراڭ...كېيىن، مېنىڭچە، ئوكتاۋ ھۇجرىسىغا ئۇخلىغىلى كىرىپ
كەتكەن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ مىجەزى ئاجايىپ، بەك ئىچى كۆچ-
لۈك، ئىچى كۆچلۈك...

ئۇ باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىدىن ھەقىقەتەن قورقمىسا كېرەك.
ئۇنىڭ ئادىتى بويىچە بوۋاينى ئىنتايىن كەپسىز باشلانغۇچ مەكتەپ
ئوقۇغۇچىسىنى سولاپ قويغاندەك ھۇجرىسىغا سولاپ قويغىنىنى كۆز
ئالدىغا كەلتۈرۈشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە...

— ئۇ ھۇجرىسىدا يوقمۇ؟

— مەن ھېلى بېرىپ قاراپ باقتىم...يوقكەن، ئۇنىڭ پەلتوسىمۇ
ئاسقۇدا يوق تۇرىدۇ...سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك...

— سىز ئەڭ ئاخىرى سائەت نەچچىدە ئۇنى كۆرگەنىدىڭىز؟

— سائەت 12دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە ئۈستەلدىن تۇردۇق...
تاماقنى بالدۇرلا يەۋالدۇق...بىراق، دەپ بېقىڭا، بۇ ئەپەندىلەر...

مىگىر ئوسال بولغان تەييارلىق سوراق سورىغۇچى سوراق-
چىغا مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ قويدى. لىكلاۋاگىن خانىم ھېچقانداق
تەمتىرىمىدى.

— ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سىز مەندىنمۇ ئېنىق بىلىسىز،
چۈنكى ئۆيىمىزنى ئەتىگەندىن كەچكىچە، كەچتىن ئەتىگەنگىچە باش-
قىلار پايلاپ تۇرىدۇ!

ساقچى باشلىقى دېرىزە تۈۋىگە كەلدى، ئۇ ئۇدۇلدىكى ئادەم ماڭىدىغان يولدا ژان ۋېيېرنىڭ چىشىنى كولىغاچ، بۇ بىناغا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

نېرۋا بۆلۈمىنىڭ ئىككى دوختۇرى تاقەتسىزلەندى، چۈنكى تەكشۈرىدىغان ئادەم يوق ئىدى، ئۇلار قايتىپ كېتىپ خىزمىتىنى قىلىشنى تەلەپ قىلىشتى. سوراقچى ئوڭايسىزلانغان هالدا:

— خانىم، ئۇنى چوقۇم ئۆيدە يوق دەپ ئېيتالامسىز؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ دەرھال بىرمۇبىر جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ بويى پاكار بولسىمۇ، ئەمما مەغرۇرانە قىياپەتتە تۇراتتى.

— ئىشنى شۇ هالغا كەلتۈردۈڭلار، ئاختۇرۇپ باقامسىلەر؟

بىر سائەتتىن كېيىن، شۇنىڭغا ئىقرار بولۇشتىكى:

ئوكتاۋ لىكلاۋاگىن ھەمدە ئۇنىڭ قېنىق يېشىل پەلتوسى بىلەن قالپىقى پۈتۈنلەي يوقالغانىدى.

### 7. ساقچى باشلىقى سۈكۈتتە

ياق، تەييارلىق سوراق قىلغۇچى سوراقچى ئەپەندى، مېگىر سىزدىن ئۈچ ئېلىۋاتقىنى يوق. ئۇ قاپىقىنى تۈرۈۋالمىدى، ئاچچىقى كېلىپ، قايناپمۇ كەتمىدى، پەقەت بىئاراملىق ۋە ئىنتايىن ئېغىر بېسىم ھېس قىلدى. ئەمما نېمىشقىدۇ چۈشىنىشكە باشلىغاندەك بولۇپ، گەپ ـ سۆز قىلماي تۇرۇۋالدى.

سىز، سىز گەپ قىلسىڭىزچۇ! بىئاراملىقىڭىزنى يوقىتىشىڭىز ئۈچۈن، ئەڭ ئاخىرى خەقلەرنىڭ سىزنى يولۇققان دېيىشى ياكى

ھېچبولمىغاندا سىزنى خاتالىقى يوقكەن دېيىشى ئۈچۈن بولسىمۇ سۆزلىسىڭىز بولاتتى!

مىگىر سىزنىڭ بۈگۈن چۈشتىن ئاۋۋال ئۆزىڭىزگە ئىشەنگەنلىكىڭىزنى ئىپادە قىلغىنىڭىزنى ئەيىبلىمەيدۇ، سىزنىڭ تەدبىر قوللىنىشنى جاكارلىغان چاغدىكى مەسخىرە ئارىلاش كۆرەڭلىك قىلغىنىڭىزغىمۇ رەنجىمەيدۇ.

"ئاق كۆڭۈل ئادەم ساقچى بولالمايدۇ..."

بىر قاتىللىق ئەنزىسىنىڭ تەييارلىق سورىقىنى بىر قىزغا تاپشۇرۇشقا بولمايدۇ-دە. ۋەھالەنكى، روھىي جەھەتتىن قارىغاندا، مىگىرگە سېلىشتۇرغاندا، سىز ھەقىقەتەنمۇ بىر قىز. كىتابلار سىزگە ئىنسانلارنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سۇدەك يادلىۋالغىنىڭىز بىلەنمۇ بىكار، بۇنى ھېلىراقتا قىزارغىنىڭىز، ئەمدى بولسا تىترەۋاتقىنىڭىز ئىسپاتلاپ قويىدى.

— قاراڭ، مەسگىر... بۇ ئۆيدە تۇرغان ئادەم ساراڭ بولماي نېمە... ئىقرار قىلىڭ...

نېمىشقا؟ نېمىشقا ساراڭ ئىكەن؟ مەسگىر 30 يىل ساقچى بولغان، بۇنداق ئىشلارنى كۆپ كۆرگەن. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل ھېسسىياتلىرىنى، ئالايلى، يامان ئىشلىرى، جىنايەتلىرى، غەلىتە قىلىقلىرى شۇنداقلا ئىنسانلاردا بار بولغان ھاياجانلىنىشنى باشتىن كەچۈرۈپ باققان.

"مۇشۇنداق ئازادە ھەتتا ھەشەمەتلىك دېگۈدەك ئۆيلەردە ياشاپ كەلگەن، ئىلگىرى ناھايىتى ياخشى ۋەزىپىنى ئۆتەپ، پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن ئادەم تۇرۇپ، كاللىسى جايىدا بولىدىغان

بولسا، بۇنداق ئاقىۋەتكە قالاتتىمۇ...“
مگىر ئۈنچىقمىدى.
نېرۋا كېسەللەر دوختۇرى ھەممەيلەن بىلەن قول ئېلىشىپ بولۇپ كەتتى؛ تەييارلىق سوراق سورىغۇچى سوراقچى بىئارام ئولتۇرالماي قالدى؛ لىكلاۋاگىسن خانىم سىلەن قىزى مېھمانخانىدا ئۇنىڭ نېمە تاپىلايدىغانلىقىنى كۈتۈپ تۇردى.
سوراقچى بادىنول كوچىسىدىكى نۆۋەتچى ژان ۋېيېرنى چاقىرتقۇزۇپ كىردى.
— ماڭا دەپ بېرىڭا، دوستۇم، بۇ ئۆيىنىڭ دەرۋازىسىغا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردۇم، دېيەلەمسىز؟ — دەپ سورىدى سوراقچى.
— چارەك سائەتتەك قارىيالىمىدىم... چۈش سائەت 12 دىن 30 مىنۇتتىن سەل ئۆتكەندە...جىنايى ئىشلار ساقچى مەھكىمىسىگە تېلېفون بېرىپ دوكلات قىلدىم...
— ھەي! دوستۇم، خاتا قىلىپسىز... باشقىچە ئۇسۇل تاپسىڭىز بوپتىكەن. قانداق ئۇسۇل تېپىش سىزنىڭ ئىشىڭىز، لېكىن نۆۋەتچىلىك دېگەن نۆۋەتچىلىك ـ تە...
مگىر كۈلۈپمۇ قويمىدى. بۇ قىلچە ئەھمىيەتسىز ئىشلار!
— سىز قىزىقسىنىپ دەرۋازىۋەندىن بۇ ئۆينىڭ باشقا ئىشكى بارمۇ، دەپ سورىدىڭىزغۇ دەيمەن؟
— باشقا ئىشكى يوقكەن، سوراقچى ئەپەندى...
— مگىر، مەن مۇنداق ئويلاۋاتىمەن...مەن سىزنىڭ قول ئاستىڭىزدىكىلەر تېلېفون بەرگىلى كەتكەندە، لىكلاۋاگىننىڭ تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ قېچىپ كەتكەنلىكىدىن گۇمانلانمايمەن...ئەمما مۇشۇنداق جىددىي ئەنزىگە دائىر ھەرقانداق

ئېھتىماللىقتا سەل قاراشقا ھەققىمىز يوق...سىزنىڭ قول ئاستىڭىزدىـ
كىلەر بۇ بىنادىكى بارلىق ئادەملەرگە ئېيتىپ، ھەربىر ئۆينى كۆرۈپ
بېقىشى ــ بۇ ئاختۇرۇش ئەمەس، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ،
كەمتەرلىك بىلەن كۆرۈپ بېقىشى لازىم، دوستۇم...

مىگىر گەپ ـ سۆز قىلمىدى، ئۇنىڭ قوللىرى يانچۇقىغا سېلىنغان، غاڭزىسىمۇ ئۆچۈپ قالغاندى، ئۇنىڭ بۇنداق ھالىتىنى كۆپ ئۇچراتقىلى بولمايتتى. سوراقچى خاتىرجەمسىزلىنىپ ئولتۇرالماي قالغاندا، ئۇ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن پولغا قاراپ ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇردى.

ژان ۋېيىر بىنانى بىرئايلىنىپ قايتىپ كىردى، ھېچقانداق نەتىجە يوق، ئەلۋەتتە. سودىيە نېمە قىلارنى بىلەلمەي قالدى.

ــ بۇ ئادەمنى چوقۇم تۇتۇش كېرەك...مىگىر، ئويلاپ بېقىڭا، بىر ساراڭ، ئادەم ئۆلتۈرگەن ساراڭ پارىژ كوچىسىدا ئۆزى خالىغانچە لاغايلاپ يۈرۈۋاتىدۇ...

ئۇ لىكلاۋاگىن خانىمنى چاقىردى.

ــ ئېيتىڭا خانىم، ئېرىڭىزنىڭ يېنىدا پۇل بارمىدى؟

ــ يوق، سوراقچى ئەپەندى.

ــ كېسىپ ئېيتالامسىز؟

ــ كېسىپ ئېيتالايمەن...

ــ ئاڭلاۋاتامسىز، مىگىر؟ ئۇنىڭ يېنىدا پۇل يوقكەن! بىراق ئۇ تاماق يېيىشى كېرەك. كەچ كىرسە، ئۇنىڭ قورسىقى ئاچىدۇ. تېخى ئۇخلايدىغان بىر يەرنى تېپىشى كېرەك! ئۇ كېرەكلىك پۇلنى قانداق قىلىپ تاپىدۇ؟ مېنىڭ ئويلىغانلىرىمنى چۈشىنىۋاتامسىز؟ خانىم، سىز ماڭا ئېرىڭىزنىڭ بىر سۈرىتىنى بېرەمسىزكىن؟

مىگىر ئۈن ـ تىن چىقارمىدى، ئۇنىڭ سۈكۈتتە تۇرۇشى باشقىـ

www.uyghurkitap.com

لاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. تەييارلىق سوراق قىلىدىغان سوراقچى پەقەت ئاجايىپ بىر ئۇسۇلنى: بارلىق گېزىتلەرگە بۇ سۈرەتنى بېسىپ، نەچچە مىڭ نۇسخا قىلىپ ساقچى، ژاندارما ۋە چېگرا مۇداپىئەسى ساقچىلىرىغا تارقىتىپ بېرىشنى ئويلاپ تاپتى...

ئېرىمنىڭ سۈرىتى بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن...

— ھەي! چوڭ سۈرەت بولمىسىمۇ بولىدۇ، يېقىندا چۈشكەن بولۇشىمۇ شەرت ئەمەس...سىزدە چوقۇم بار...توغرا! ئالايلى، پاسپورتىدىكى سۈرەت...

— ئېرىم 30 يىلدىن بۇيان فرانسىيەدىن ئايرىلىپ باقمىدى، ئۇنىڭ پاسپورتىمۇ ئالماشتۇرۇلمىدى، يوقىلىپ كەتتىمىكىن تېخى. مۇشۇ ئۆيدىن تاپالمىسىڭىز، يوق دېگەن گەپ...

سوراقچى مېگرېگە قارىدى. مېگرېنىڭ كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ كەتتى، لېكىن سودىيە بۇنىڭ مەنىسىنى بىلمىدى، بىلگەن بولسىدى، يەنە داۋاملىق ۋالاقلاۋەرمىگەن بولاتتى.

— مېگرې، دەرھال رازۋېتكا گۇرۇپپىسىغا تېلېفون بېرىۋېتىڭ، ئۇلارغا ئوكتاۋ لېكلاۋاگىنىنىڭ بەدەن ۋە چىراي ئالاھىدىلىكىنى ئېيتىپ بۇيرۇق بېرىڭ...

ئەلۋەتتە! باشقىلار قانداق قىل دېسە، مېگرې شۇنداق قىلاتتى، ئىختىيارسىز قىلاتتى. ئۇ تىراگېدىيىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ قالدى، ھەقىقىي تىراگېدىيە پارىژ كوچىلىرىدىمۇ ئەمەس ئىدى، چېگرىدىمۇ ئەمەس ئىدى.

ئۇ كۆتۈش ئۆيىدىكى تامغا ئېسىلغان تېلېفون تەرەپكە كېتىۋاتقاندا، لېكلاۋاگىن خانىمنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى؛ بىر ئىشكتىن ئۆتۈۋاتقاندا، ئۇ جىسار لېكلاۋاگىنىنىڭ

قارىسىنى كۆرۈپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئويلاپ قالدى...

ئۇ ئويلاپ، تاكسى ماشىنىدا بوۋاينىڭ قولىغا تامچىلاپ چۈشكەن تەر بىلەن پېشانىسىدىكى چىپ-چىپ تەرنى ئېسىگە ئالدى...

بۇ قايسى ۋاقىتتا يۈز بەرگەنىدى؟ تاكسى ماشىنا بادىنول كوچە-سىدىكى ئۇنىڭ ئۆيىگە يېقىنلاپ قالغاندا يۈز بەرگەنىدى!

گلانگۇر كوچىسىدىكى جەسەتنىڭ يېنىدا، قانغا بويىلىپ كەتكەن ئۆيدە ئۇ قورقمىغانىدى. ئۇ ئىچ-ئىچىدىن ئېزىلگەن بولسىمۇ، قورقمىغانىدى.

ئالدىنقى كۈنى، زەرگەرلەر پىرىستانىدىكى مىگرىنىڭ ئىشخانىسىدا ئۇنى قولىغا ئالمىز، دېگەننى ئاڭلاپ، بىر ئۇھ دېگەنىدى.

— ۋەي! رازۋېتكا گۇرۇپپىسىمۇ؟ سىزمۇ مانىيوۋ؟ تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەرنى يېزىۋېلىڭ ھەمدە قائىدە بويىچە ئۇنى يوللىۋې-تىڭ...مۇشۇ ئادەم ئۇچرىغان ھامان قولغا ئېلىڭلار، لېكىن ئېھتىيات قىلىڭلار...شۇنداق، سوراقچى بۇ ئادەم ناھايىتى خەتەرلىك، دېگەننى ئىزاھلاپ قويۇشنى تەكىتلەۋاتىدۇ...

مانىيوۋ سۆزدىكى مەسخىرىدىن بەكمۇ ھوزۇرلاندى، چۈنكى ھەر قېتىم سوت مەھكىمىسى جىنايەتنى تەكشۈرۈشكە ئارىلاشقاندا مىگرىنىڭ قانداق ئويلاردا بولىدىغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى.

— ئۇنى سىز قاچۇرىۋەتتىڭىزمۇ؟

— شۇنداقتەك قىلىدۇ...

ھېلىقى ئايال ئۇنىڭ كەينىدىلا تۇراتتى. مىگرى كەينىگە ئۆرۈ-لۈپلا، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى. بۇ قاراش شۇنداق ئۆتكۈر ئىدىكى، ئايال ئىختىيارسىز جىددىيلىشىپ دىررىدە تىترەپ كەتتى.

سىرتتا، سوراقچى تەكىتلەپ سۆزلەۋاتاتتى:

www.uyghurkitap.com

— بۇ ئادەم مەلۇم بىر يەردە، قوراللىق بولۇشىمۇ مۇمكىن، ھېچنېمىگە پىسەنت قىلماي، ئۆز ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇش قارارىغا كەلگەن بولسا كېرەك. ئويلىسام قورققۇم كېلىدۇ...مىگىر، ئىقرار قىلىڭ، بۇ بىر بەختسىزلىك، سىزنىڭ ساقچىڭىز تېلېفون بېرىمەن دەپ خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلىپ كەتكەن!...ئەسلىدە قاتىل قولىمىزغا كىرگەندى...ئۇنىڭ قاچقانلىقى جىنايىتىنى ئىقرار قىلغانلىقى بولىدۇ...بىراق ھازىر...سىز زەرگەرلەر پىرىستانىغا قايتىپ كېتەمسىز؟

— بىلمەيمەن...

— نېمە قىلماقچىسىز؟

— بىلمەيمەن...

— بۇ نۆۋەت سىزنى تازا قارا باستى، ھە؟

ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ مىگىر گەپ-سۆز قىلماي تۇرۇۋەردى! ئۇسال بولغان ژان ۋېيئېر كوچىدا ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى، شۇنىڭدىمۇ ئۇ ئۈنچىقمىدى. خېلىدىن كېيىن، ئۇلار ئۇدۇلدىكى كىچىك ئاشخانىنىڭ ئۈستى ئوچۇق ئورنىدا پىۋا ئىچىۋاتقان چاغدىلا، ئۇ بوش ئاۋازدا:

— غەم قىلما، ئاغىنە...— دەپ قويدى.

— شۇنداق بولسىدى، ئوبدان ئويۇن چىقاتتى!...

— بار بولسىلا، ئويۇن ئاللىقاچان ئوينىلىپ بولدى...

— سىزدە يەنە قانداق ئوي بار ئىكىن؟

مىگىر سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇردى. ئۇ غاڭزىسىنى تاماكىغا تولدۇرۇپ، تۇتاشتۇردى، ئاستا كۆيۈۋاتقان سەرەڭگىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ كەتتى.

— مەن ۋاقتىم چىقارمۇ دېگەننى ئويلاپ قالدىم...، — دېدى ئۇ،

ئاندىن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، ھېرىپ كەتكەندەك پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزدى.
ـــ قانداق ۋاقىتنى دەيسىز، باشلىق؟
ـــ سېنى رافىلغا بارىدىغان ۋاقىت...
ـــ بىرەرسىنى ئەۋەتسىڭىز بولمامدۇ؟
بۇنداق قىلىشقا بولمايتتى، پۇقراچە كىيىنگەن بۇ ساقچىغا ئېنىق ۋەزىيە تاپشۇرۇش كېرەك. بىراق ئۇنىڭغا قانداق دېسە بولىدۇ؟... ئۇ يەرگە بېرىپ، ئىت ئەخلەت دۆۋىسىدىن سۆڭەك ئىزدىگەندەك، بىر ئامال قىلىپ بىر مەخپىيەتلىكنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇش كېرەكمۇ...
مىگىر بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئۇدۇلدىكى بىر دېرىزىنىڭ پەردىسى مىدىرلاپ قالدى. ئىككى كۆز ئۇ يەردىن كوچىنىڭ بۇ چېتىدىكى ساقچى باشلىقىغا تىكىلدى، بۇ ۋەھىمىگە تولغان ئايالنىڭ كۆزلىرى ئىدى.
مىگىرنىڭ كاللىسىدىن بىردىنلا قانداق پىكىر غىل ـ پاللا ئۆتۈپ كەتكەندۇ؟ ئۇ دېرىزە ئالدىدىكى چىرايغا تىكىلىپ قارىدى. بۇ چىراي دېرىزىدىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچتى. مىگىر ھاياجانلىنىشقا باشلىدى.
ـــ يىگىت، چاپسان ئۇ قاتقا ئۆت...ئىشىكنىڭ ئۇدۇلدىكى پەلەمـ پەيگە يوشۇرۇنغىن، ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ قوزغالما. خەق كۆرۈپ قالسىمۇ ھېچۋەقەسى يوق...ئۇقتۇڭمۇ؟
ـــ ئەگەر ئايالنىڭ بىرەرى چىقىپ قالسىچۇ؟
ـــ چىقىۋەرسۇن...مىدىرلىما!
ئۇ بۇيرۇقنىڭ ئىجرا قىلىنغانلىقىنى ئۆز كـۆزى بىلەن كۆرگەنـ دىن كېيىن، ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

— بۇ يەردە تېلېفون بارمۇ؟

تېلېفون زالدا ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، خېرىدارلار تولۇپ ئولتۇرغان چاغدا، ژان ۋېيېر كىرىپ مەيداندىكى بىر قەھۋەخانىدىكى كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان تېلېفون بوتكىسىغا كىرىپ تېلېفون بېرىدىكەن - دە.

— بۇ سىزمۇ، لۇگا؟ نېمە دەيسىز؟ يوق! ھېچقىسى يوق، ئاغىنە...تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئەپەندىلەر خۇشال بولسىلا بولدى... ماشىنا بىلەن...توغرا...بادىنول كوچىسى...ئۈدۈلدىكى ئاشخانىدا... سىزنى كۈتىمەن...

خوجايىن ئەجەبلىنىپ ئۇنىڭغا قارىدى، بۇ ساقچىنى قايسى ئىش جەلىپ قىلىپ كەلگەندۇ، دەپ ئويلىدى، ئۇ بىر قاراپلا بۇنىڭ ساقچى ئىكەنلىكىنى بىلگەندى.

— ۋەي، خېنىم، ماڭا سېن رافېلنى ئۇلاپ بېرىڭا. نومۇرنى بىلمەيمەن...ئەرز - داۋا ۋەكالەتچىسى رالىنىئان ئەپەندى...مېنىڭ بىلىدىغىنىم مۇشۇ...ساقچىلارنىڭ ئالدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بار...

بۈگۈن تازا پەۋا ئىچىدىغان كۈن ئىكەن. سېن رافېلدىن خەۋەر كەلگىچە، ئۇستى ئوچۇق بالكوندىكى بىر پۈتلۈق يۇملاق ئۇستەلدە چاي قاچىسىدىن تۆتنى تىزىلىپ كەتتى.

— ۋەي!...مەن ئۇنىڭ ئايال خىزمەتچىسى...ياق،...ئەپەندىم... ھەئە، ئەپەندىم... ئەمەس، ئەپەندىم... ئەپەندىم سىرتقا چىقىپ كەتتى... نېمە؟... شۇنداق، ئەپەندىم، دېگىنىز بويىدا رەسمىي سىزدىن ۋاتسا كېرەك...سىز كىم بولسىز؟...ساقچى ئىدارىسى؟ ماقۇل، ئەپەندىم...مەن ھازىرلا بېرىپ چاقىرىپ كېلەي...

شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، ئايال خىزمەتچى يۇپيۇرۇق، ئارامبەخش داچىدىن چىقتى؛ كۆپكۆك دېڭىزدىكى ئاق يەلكەنلىك كېمە قۇياش نۇرىدا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ؛ ئۇ رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئەرز - داۋا ۋەكالەتچىسىنى ئىزدەيمەن دەپ يۈگرەپ يۈرىدۇ؛ ۋەكالەتچى بولسا رەسىم تاختىسىنى دېڭىز بويىغا قويۇۋالغان، ئەتراپىنى نۇرغۇنلىغان ھەۋەسكارلار ئورىۋالغان.

— بىرەر نەرسە ئىچەمسىز، لۇگا؟

... — بىر لىتىر پىۋا ئىچەي، باشلىق...

لۇگا ھازىر گەپ سورايدىغان ۋاقىت ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. بىر سائەت بولاي دەپ قالدى، بىچارە ژان ۋېيىئېر يەنىلا پەلەمپەيدە زارىقىپ كۈتمەكتە. ھەر قېتىم ئۆيلەردىن ئادەم چىقىپ قالسا، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى. تېلېفون جىرىڭلىدى.

— رالىنىئان ئەپەندىمۇ؟...نېمە؟...ياق، رالىنىئان ئەپەندى، ئايالىڭىز خېيىم - خەتەرگە ئۇچرىمىدى...ئايالىڭىزنىڭ نەدىلىكىنىمۇ بىلمەيمەن! ۋېيىشدا جىگەر كېسىلىنى داۋالىتىۋاتامدۇ؟...ناھايىتى ياخشى بوپتۇ...ئېيتىڭا...لىكلاۋاگىن ئەپەندى قاچاندىن باشلاپ... شۇنداق، سىزنىڭ ئاساسىي خېرىدارىڭىز لىكلاۋاگىن ئەپەندى، دېمەكچىمەنكى، ئۇ قاچاندىن باشلاپ سىز پۇل بەرگەن ۋاقتىڭىزدا قول قويمايدىغان بولۇپ قالدى؟ شۇنداق، قارالا، مەن ھەممىنى بىلمەيمەن...قورقماڭ...ئۆزەم ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئادىمى تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن بىر ئاشخانىدىن سىزگە تېلېفون بېرىۋاتىمەن؟ چۈنكى زەرگەرلەر پىرىستانىغا بېرىشقا ئۈلگۈرەلمىدىم...رالىنىئان ئەپەندى، مەندىن گۇمانلىنىۋاتىسىز... ئاڭلاۋاتىمەن، شۇنداق...ئۇن يىلچە بولدى؟...شۇنداق...ئۇنىڭدا كۈتۈلمىگەن ھادىسە يۈز بەرگەن

www.uyghurkitap.com

ۋاقتتىن باشلاپمۇ؟...شۇ ۋاقتتىنمۇ، شۇنداقمۇ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى سىزنى رافېلدىن كېتىپ قالدىمۇ؟...

ئۇ تەرلىرىنى سۈرتتى. جەنۇبتىكى بۇ ئادەمگە تاقابىل تۇرۇش بەك تەسكەن، ئۇنىڭ ئاغزىغا گەپ سېلىپ بېرىپ، ئاران گەپ ئالغىلى بولىدىكەن، تېلېفوندا بۇنداق قىلىش خېلى تەس ـ تە.

ــ سىز قانداق ئۇسۇل ئارقىلىق 200 مىڭ فرانك يىللىق كىرىمنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىۋاتىسىز؟...ياخشى... ھەر يىلى شەخسەن ئۆزىڭىز پارىژغا كېلىۋاتامسىز؟... نەق پۇل بېرىۋاتامسىز؟... تېلېفوننى ئۈزۈۋەتمەڭ، خانىقىز، ئاڭلاشنى خالىسىڭىز، ئاڭلاۋېرىڭ، بىراق خۇدا ھەققى تېلېفوننى ئۈزۈۋەتمەڭ! سىز بارمۇ، رالسىنسان ئەپەندى؟ سىز پۇلنى لىكلاۋاگىن ئەپەندىنىڭ ئۆزىنىڭ قولىغا بېرىۋاتامسىز؟ نېمە دەيسىز؟... چۈشەندىم...بۇ ھەدىيە قىلىش ئىسپاتنامىسىدە بەلگىلەنگەن... روشەنكى، شۇنداق... توغرا...

سېن رافېلدىكى بۇ ئەرز ـ دەۋا ۋەكالەتچىسى تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ گۇمانخور ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشچە، ياكى توغرىراقى، ئۇنىڭ تېلېفوندا ۋارقىرىغىنىچە بولغاندا (چۈنكى ئۇ تېلېفوندا راسا ۋارقىراپ گەپ قىلغاندىلا، ئاڭلاتقىلى بولىدۇ دەپ قارايدىكەن)، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى پۇل تاپشۇرۇپ بېرىش ۋاقتى كەلگەندە، ئۇنىڭ خېرىدارى چوقۇم ھايات بولۇشى كېرەك ئىكەن.

ــ سىز ھەر قېتىم ئۇنى كۆرۈپ تۇرىدىكەنسىز...شۇنداق...چۈشەندىم...ئۇ يېتىپتىمىكەن؟ ياتماپتۇ؟ ئاغرىق تۇرۇپ ياتماپتىمۇ؟ دەل شۇنداق...بەك ئورۇقلاپ كېتىپتۇ...ھەئە......دەۋېرىڭ، قورقماڭ... شۇنداق...روشەنكى، بۇ بەكمۇ غەلىتە...ئاجايىپ...غەلىتە مىجەزلىك

ئادەم، شۇنداق، ئۇنىڭ يېشىغا كەلگەنىدە...روشەنكى...يەنە بىر گەپ...ئۇلار داچىسىنى سېتىۋەتتىمۇ؟...ھازىر ھېچكىم ئولتۇرمى-دىمۇ...ئىككى-ئۈچ يىلدا بىر قېتىم فرانسىيىگە كېلىدىغان ئامېرىكىلىق ئايال؟...ئاچقۇچىنى سىزدىمۇ؟ ئاچقۇچنى مەن ئەۋەتكەن ئادەمگە بەرگەن بولسىڭىز بەكمۇ ياخشى بولاتتى...ھەرگىز قورقماڭ...تەپتىش مەھكىمىسى تېلېگرامما ئارقىلىق بۇيرۇق ئەۋەتىپ سىزنى قوغ-دايدۇ...رەھمەت رالىنسان ئەپەندى...ئەڭ ياخشىسى، ئۆيىڭىزدە تۇرۇپ تۇرۇڭ، سىزگە يەنە تېلېفون بېرىپ قېلىشىم مۇمكىن...

— خوجايىن، يېرىم لىتىر پىۋا بېرىڭ!

ئۇنىڭ چىرايى بايىقىدىن خېلىلا ئېچىلىپ قالغانىدى. ئۇ ئولتۇ-رۇپ، ئۆزىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈۋاتقان لۇگاغا گەپ قىلغان چاغدا، كۈلۈپ قويىدى، بۇنىسى غەلىتە ئىدى.

— تازا كۈلكىلىك ئىش - تە! رالىنسان ئەپەندى لىكلاۋاگىنغا 200 مىڭ فرانك پۇلنى ئەكىلىپ بېرىدىغان كۈنى بۇ قېرىنىڭ نېمە ئىش قىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ئۇ گىرامماتىكا ئۆگىنىپ ئولتۇ-رۇپتۇ! ئۇ خانىمى بىلەن مېھمانخانىدا ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل ئولتۇرۇپتۇ، خانىمى خۇددى ئۇنىڭغا دەرس ئۆتۈۋاتقاندەكمىش، بەلكى ناھايىتى ئاچچىقى كەلگەندەكمىش.

— تازا چۈشىنەلمىدىم...

— توختاڭ، توختاپ تۇرۇڭ...بۈگۈن كەچقۇرۇن غەيچە ھېلىقى ئاتاقلىق تەپپارلىق سوراقچىسىغا تېلېفون بېرىپ قويايمىكىن دەيمەن، ئۇ مېنى پىسەنتىگە ئالمىسىمۇ...

شوپۇرلار غىزالىنىدىغان كىچىك ئاشخانا بەئەينى قوماندانلىق شتابىغا ئايلىنىپ قالدى. مىگرې ئىشكىدىن ماشىنا كىرەلەيدىغان بۇ

كۆلرەك ئۆيدىن بىردەممۇ ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇ يەردە بىر دېرىزىنىڭ پەردىسى تىنماي مىدىرلاۋاتاتتى.

— ۋەي! كەچۈرۈڭ، ئاۋارە قىلدىم تەييارلىق سوراقچىسى ئەپەندى،...ياق، ھازىرچە مۇھىم ئەھۋال يوق...سىز رافىلغا فوتو تېلېفون بىرنۋەتسىڭىزمىكىن دەيمەن. ئەرز-دەۋا ۋەكالەتچىسى رالىنسان ئەپەندىنىڭ يېنىغا بېرىپ مەلۇم بىر داچىنىڭ ئاچقۇچىنى ئالدىغان ئىش ئىدى... ئەڭ ياخشىسى، تامچى ۋە يەر كولايدىغان ئىككى ئىشچىنى بىللە ئېلىپ بېرىش كېرەك...خەتەرلىك؟...شۇنداق...بىلمەن...ئەلۋەتتە، ئۆيىنىڭ ئىگىسى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك تازا جېدەل قىلىدۇ، بىراق، مېنىڭچە بۇ چوقۇم شۇنداق. توغرا......گەمە ۋە بارلىق يەرلەر...ماشىنا قويىدىغان مەيدان، بار بولسا...ئۆگكۈر، بار بولسا...قۇدۇق...ھەممىسىنى، بارلىق يەرلەرنى! ئۇلار بۇ يەرگە تېلېفون بېرىپ، نەتىجىسىنى ماڭا خەۋەر قىلىپ قويسۇن...رەھمەت، تەييارلىق سوراقچىسى ئەپەندى.

يېرىم لىترلىق پىۋىدىن بەش-ئالتىسى ئىچىلىپ بولدى. مىگىر بارا-بارا باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى؛ ئۇنى ھەرىكەتكە كەلدى دېيىشكە بولاتتى، ئۇنىڭ ھەممە ئەزالىرى تېخىمۇ سەزگۈرلىشىپ، كۆچكە تولۇپ، تەمكىنلىك بىلەن ئالغا ئىنتىلىۋاتقاندەك بولۇپ قالدى.

— مەن نېمە ئىش قىلىمەن، باشلىق؟ — سورىدى لۇگا.

— گېزىت سېتىۋېلىپ كېلىڭ...

گېزىتكە ئۇكتاۋ لىكلاۋاگىنىڭ چىراي-شەكىلىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى بېسىلىپ چىققانىدى.



www.uyghurkitap.com

"گلانگۇر كوچىسىدىكى پالچى ئايالنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولۇشى ئېھتىمال بولغان خەتەرلىك سارالڭ پايتەخت كوچىلىرىدا!"
مىگىر مۇرىسىنى قىسىپ قويدى. گەرچە بۇ ئىش تەييارلىق سوراقچىسى، گېزىتخانا ۋە ئەپكار ئاممىنى خۇشال قىلغان بولسىمۇ...
— سىزنىڭچە ئۇ قېچىپ كەتكەنمىدۇ؟
— ياق...
— ئۇنداق بولسا؟
— ھەي! توغرا، ئاغىنە...بەلكىم شۇنداقتۇ...بەلكىم ئۇنداق ئەمەستۇ...
— ئىككى ئايال؟
— بىلمەيمەن...خوجايىن، كېلىڭ، قانچە پۇل تاپشۇرىمەن؟
ناۋادا سىز رافېل ياكى زەرگەرلەر پىرىستانىدىن تېلېفون كېلىپ قالسا، دەرھال ئۇدۇلدىكى ئۆيگە بېرىپ مېنى چاقىرىپ قويۇڭ جۇمۇ.
ئەسلىدە ئۇ بۇنداق تېز ھەرىكەت قىلىشنى ئويلىمىغانىدى، ئاۋۋال كۈتمەكچى ئىدى، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۈتۈپ باقماقچىدى، لېكىن، لىكلاۋاگىن ئۆلمىگەن بولسىچۇ...
— ياخشىمۇ سىز، ئىشىك باقار خانىم...يەنىلا مەن...شۇنداق، ئېيتىڭا، مېنىڭچە ھەربىر ئائىلىنىڭ بىردىن گەمىسى بارغۇ دەيمەن؟ بىزنى باشلاپ ئەچىقىپ كۆرسىتەلەمسىز؟ چىراغ ياقايلىمۇ؟ بەك جۇۋاپ كەتتىڭىزغۇ...بولىدۇ، چىراغ ئەكىلەيلى...
ئۇلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ چۈشۈشتى. كېمىر شەكىللىك ناھايىتى چوڭ گەمىنى ھەربىر ئائىلە قاشالاپ، ئىچىگە كۆمۈر ۋە كونا ساندۇقلىرىنى قويۇشۇۋالغانىدى.

— بولدى، بۇ خانىملارنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمەيلى... قۇلۇپ دېگەن ھېچقانچە سىرلىق ئەمەس، ماڭا ئىشىنىڭ...

ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا، ئۇ قۇلۇپنى ئېچىۋەتتى. ياڭيۇ قاچىلانغان قۇرۇق تاغار، يېڭىلا ئەكىلىنگەن ئوتۇن، بۇلتۇردىن ئېشىپ قالغان كۆمۈرلەر تۇراتتى.

— گۈرجەك بارمۇ، ئىشىك باقار خانىم؟

— ئۇستىبېشىڭىزنى مەينەت قىلىۋالارسىزمىكىن...

ھېچقىسى يوق! مىگىر تەلەي سىناپ باقاي دەپ، كۆمۈرلەرنى كولاپ باقتى، ئاندىن، بايىقىدەك سەۋرچانلىق بىلەن باشقا ئائىلىلەرنىڭ گەمىلىرىنىمۇ ئېكسكۇرسىيە قىلىپ چىقتى.

— بىر ئىش ئېسىمگە كېلىپ قالدى، خانىم... لىكىلاۋاگىنلارنىڭ ئۆيىدە خىزمەتچى يوق، لېكىن ئۇلاردا ئاز دېگەندە بىر ئېغىز ياكى ئىككى ئېغىز خىزمەتچىلەر ياتىدىغان ئۆي بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى بەك چوڭ...

— شۇنداق، 8 - قەۋەتتە ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق ئىككى ئېغىز ئۆيى بار.

— بىز بىلەن بىللە چىقالامسىز؟

— ئاۋۋال گاز ئوچاقنىڭ ئوتىنى كىچىكلىتىپ قوياي، بولمىسا قورۇدىقىم كۆيۈپ كېتىدۇ.

ژان ۋېيىر خاپا ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارغا يول بەردى، ئىشىك باقار كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاراپ، بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشتىن بەكمۇ ھەيران قالدى.

— ئەسلىدە لىفت ئورناتماقچىدى، پەلەمپەي تارراق بولغاچقا ئورناتمىدى...

يۇقىرىدىكى ئەھۋال باشقىچە ئىدى: كارىدور ئۇزۇن، تاملار سىرلانغان، ئىشىكلەرگە نومۇر چاپلانغان، يورۇقلۇق تۆكۈلۈكتىنلا كىرەتتى.

— بۇ ئىككى ئېغىز ئۆي ئۇلارنىڭ: 13 ـ ۋە 14 ـ نومۇرلۇق... بۇلتۇر ئۇلار بۇ ئۆيلەرنى ئىجارىگە بەرمەكچى بولۇۋىدى، بىراق پۇلنى بەكمۇ كۆپ ئالىدىكەن...توختاپ تۇرۇڭ، ئۇنىڭ ئۆي سال ئاچقۇچىمنى سالسام بۇ ئىككى قۇلۇپ ئېچىلامدۇ تېخى.

كەينىدە كېلىۋاتقان لۇگا بىئارام بولۇشقا باشلىدى. بىرىنچى ئۆيدىن چىققان سېسىق پۇراق ئۇدۇل دىماققا ئۇرۇلدى، ئۇ يەردە قاتلىنىدىغان بىر باللار كارىۋىتى، پۇتلىرى سۇنۇپ كەتكەن ئىككى دانە كونا ئورۇندۇق ۋە پارچە ـ پۇرات كىتابلار قاچىلاپ قويۇلغان بىر ساندۇق بار ئىدى.

— خۇددى ئىگىسى يوقتەك...، — دەپ ئىزاھلىدى ئىشىك باقار.

ئىككىنچى ئۆيدىنمۇ ھېچنېمە تېپىلمىدى. ساقچى باشلىقى بۇ يەردىن نېمە تاپماقچىدۇ؟ ھەممە ئائىلىلەردە بولىدىغان ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەردىن باشقا، ھېچنېمە يوق ئىدى. گلوبوس، كىيىم تىككەندە ئىشلىتىدىغان ئادەم مودېلى، يەنە كىتابلار، بولۇپمۇ دوختۇرلۇققا ئائىت كىتابلار، دۆۋىلەپ قويۇلغان ئوپېراتسىيە رەسىملىرى، ھەممىسىگە چىۋىن چىچىۋەتكەنىدى.

— قۇپقۇرۇق ئىكەن، قاراڭ!

— قۇرۇق ئىكەن...، ـ مىگرمۇ ئەكس سادادەك تەكرارلىدى.

شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ بۇ تۇيۇق كارىدوردىن ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتاتتى.

— يەنە بىر گەپ، ئىشىك باقار خانىم، نېمىشقا پەلەمپەيدە بىر

شوتا تۇرىدۇ؟
ــ ئۇنى ئېلىۋېتىشكىمۇ بولىدۇ، چۈنكى ئۇنى ھېچكىم ئىشلىتىپ باقمىغان دېيىشمۇ بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى ئۈچ ئۆينىڭ ئۈستىدە يالغان بالىخانا بارلىقىنى سىزمۇ كۆردىڭىز...ئۇ يەرگە ھەرقايىسى ئائىلىدىكىلەر سىغدۇرالمىغان چوڭ ساندۇقلىرىنى قويىدۇ...ئۇ يەرگە چىقىشتا شوتىنى ئىشلىتىدۇ...
ئۇ لۇگاغا قاراپ قويدى، لۇگا دەرھال شوتىنى قولىغا ئالدى.
ــ مەن چىقىپ باقاي، باشلىق؟
ــ ياق...
مىگىر ئۆزى چىقماقچى بولدى، لۇگا بىرئاز ئەنسىرەپ قالدى.
ــ باشلىق، ئەڭ ياخشىسى سىز...
ئۇ تاپانچىسىنى ئۇزاتتى، ساقچى باشلىقى مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ، تاپانچىنى ئالدى.
مىگىر شوتىنىڭ ئىككىنچى بالدىقىنى دەسسىگەن چاغدا، شوتا لىڭشىشقا باشلىدى. ئۇ قارارىنى ئۆزگەرتىپ، شوتىدىن چۈشتى.
ــ ئۇ ئۆلمىگەن بولسا كېرەك، ــ دېدى ئۇ بوشقىنا.
ــ قانداق دەيسىز؟
ــ چۈنكى بۇ ئىككى ئايالنىڭ مۇشۇ شوتىنى دەسسەپ جەسەتنى يۇقىرىغا ئېلىپ چىقالىشىغا ئىشەنمەيمەن...
ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، دەرەخكە يامىشىپ چىققۇالغان كىچىك بالىنى توۋلاپ چاقىرغاندەك توۋلاشقا باشلىدى:
ــ لىكلاۋاگىن! ھەي لىكلاۋاگىن!...
جىمجىتلىق. ئىشىك باقار بەكمۇ ھاياجانلاندى، ئۇ كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقەنى كۆرۈشكە تەييارلانغان ھالدا، قوللىرىنى كۆكسىگە



www.uyghurkitap.com

قويۇپ تۇراتتى.

— ئاڭلاپ تۇرۇڭ، قېرىنداش، شوتىغا چىقىشنى خالىمايمەن، بۇ شوتا مېنى كۆتۈرەلمەيدىكەن... سىز مېنى شوتىغا مەجبۇرى چىقىراي دەمسىز؟...

يەنە بىردەم تىمتاسچىلىق.

— چىقايمۇ؟...

بىركىمنىڭ بىرنېمىنى ئاستا تۇتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. يۇقىرىدا بىرسى مىدىرلىدى. ئۇ ماڭغاندا، قۇرۇق ساندۇقمىكىن، ئىشقىلىپ ئاۋاز چىقىرىدىغان بىرنېمىگە تېگىپ ئۆتتى. ئاندىن بىر پۇت كۆرۈندى. بۇ پۇت شوتىنىڭ بالدىقىنى ئىزدەۋاتاتتى، قېنىق يېشىل پەلتۇ كىيگەن ئادەم شوتىنى بويلاپ پەسكە چۈشتى.

مىگىرنىڭ بۇ چاغدىكى خۇشاللىقىنى ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ياق، بىرەيلەن تەسەۋۋۇر قىلالايتتى، ئۇ بولسىمۇ لۇگا، ئۇ باشلىقىغا قارىدى، ئۇ قەسەم قىلالايتتىكى، مىگىرنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلگەندى.

مىگىر ئۆزىگە تايىنىپ ھەممىنى بايقىدى، ھېچقانداق ئىز-دېرەك بولمىغان ئەھۋالدا، توغرىراقى، باشقىلار سەل قارىغان ئىز-دېرەككە ئاساسەن، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ تۇيغۇسى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، باشقىلارنىڭ ئەھۋالىنى ھەقىقىي تەھلىل قىلالايدىغان ماھارىتىگە تايىنىپ بۇ ئىشلارنى بايقىدى.

— تەلىيىڭىز بار ئىكەن، لىكلاۋاگىن!...

بۇ ئادەم ئەمدى قورقمىدى. ئۇ بىر ئادەم ئۆمۈر بويى تىرىشىپ-تىرمىشىپ، ئاخىرى خۇدادىن كەلگەننى كۆردۇم، دەپ ئويلىغاندەك، ئۇھ تارتىپ قويۇپ ھاڭۋېقىپ تۇراتتى. بۇ ئۇھ تار-

نش بەلكىم يېنىكلەپ قالغىنى بولسا كېرەك.

— ناۋادا بىز كېلىپ قالمىغان بولساق، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتەتتىڭىز...

ئۇ بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى خاتا چۈشىنىپ قالدىمىكىن، بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— ئۇلارنى قولغا ئالدىڭىزمۇ؟ — دېدى دۇدۇقلاپ.

مىگرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ سوئالنى سورىشى "سىز مېنى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتەتتىڭىز دەۋاتىسىز، ئايالىم بىلەن قىزىم ئۆيدە يوقمۇ، ئۇلار ئۆيدە بولسا، ماڭا يەيدىغان نەرسە ئەكىلىپ بېرەتتى..." دېگەنلىكىمۇ نېمە...

لوگا مۇشۇنداق چۈشىنىپ، ئىنتايىن مەمنۇنلۇق نەزەرى بىلەن باشلىقىغا قاراپ قويدى.

— مەن ئۇلارنى قولغا ئالمىدىم، ئالمىدىم...

بوۋاي ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى.

— قارىغا...كېلىڭ!...

ئۇلار پەلەمپەيگە كېلىشىپ، ژان ۋېيىبېرنىڭ 4 ـ قەۋەتتىكى بوۋاينىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈشتى. ژان ۋېيىبېر ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئىتتىكلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسىز، لىكلاۋاگىن؟...ئۇلار سىزگە يەيدىغان نەرسە ئەكىلىپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ، شۇنداقمۇ؟...شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن ھەرىكەت قوللانمىسام بولمايدىغان بولۇپ قالدى... ئۇنداق بولمىغاندا، قاراپ تۇرۇۋېرىشكە رازى ئىدىم!...

ئىشىك كەينىدىن چاشقان تېپىرلىغاندەك يېنىك شەپە كەلدى. مىگر كۇنۇپكىنى باستى.

— سز ئەمدى دەرۋازىڭىزغا قاراۋېرىڭ، دەرۋازىۋەن خانىم. رەھمەت سزگە...قاراڭ، ھەممە ئىش ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى...

ئىشكتىن كىچىك يوچۇق ئېچىلدى. ئۇچلۇق بۇرۇن، سوزۇنچاق يۈز، لىكلاۋاگىن خانىمنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى، ئۇ تووۇلىۋەتتى.

— ئۇنى تېپىۋالدىڭىزمۇ؟ ئۇ نەدىكەن؟

— كىرىڭ، لۇگا! كىرىڭ، ژان ۋېيېر! سزمۇ كىرىسىڭىز بولىدۇ، قېرىنداش...

ساقچى باشلىقىنىڭ ئۆزىنى تۇنجى قېتىم بۇنداق يېقىنچىلىق بىلەن ئاتىغانلىقىنى ئاڭلاپ، لىكلاۋاگىن تىترەپ كەتتى. بۇ ئۇنى خۇشال قىلغاندى، ئۇنى يېنىكلەشتۈرگەندى.

— قاراڭ، مەندە ئۆتكەنكى گەپلىرىڭىزنى يەنە بىر دەپ بېقىشقا دەيدىغان قائىدە يوق...

بۇ مەرتەم تىترەش نۆۋەتى ھېلىقى ئايالغا كەلدى. ئۇ نېمىسىدۇ سۇنۇپ كەتكەندەك، ساقچى باشلىقىغا بۇرۇلدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— خانىم، ھېچنېمە دېگىنىم ئەمەس...لۇگا، ئۇنىڭغا كۆز-قۇلاق بول!...ژان ۋېيېر، خېنىمنى تېپىپ كەل، ئۇنىڭ بارلىق ھەرىكەتىنى نازارەت قىل...بوۋايغا كەلسەك، بۇنىڭ ھاجىتى يوق...شۇنداق ئەمەسمۇ، دوستۇم، ئەمدىغۇ يۇۋاشلارسىز؟

شۇنىسى ئاجايىپكى، بوۋاي ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق نەزەرى بىلەن قاراپ قويدى.

— پەلتويىمنى سېلىۋەتسەم بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— بولىدۇ، ئەلۋەتتە بولىدۇ...ئەمدى ھېچقىسى يوق...

دەرۋەقە، مېگرې بۇ ھەرىكەتكە ناھايىتى قىزىقىپ قالدى: بەل-

كىم ئۇ ئالاھىدە بىر نەرسىنى بايقاشنى خالىغانىدۇ. نەتىجە ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك ئانچە مۇھىم بولۇپ چىقمىدى. قېلىن پەلتونى سېلىۋەتكەندە، مۇرىسىگە قويغان قاتۇرمىنىڭ ئىنتايىن قېلىن ئىكەنلىكى بايقالدى، چۈنكى بوۋاينىڭ بىر مۇرىسى يەنە بىر مۇرىسىدىن ئېگىز ئىدى.

لوگا بىلەن ژان ۋېيئېر باشلىقنىڭ نېمىسگە شۇنچە خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېچ چۈشىنەلمىدى، ئۇ غاڭزىسىنىڭ كۈلىسىنى گىلەمگىلا قېقىۋېتىپ، يەنە بىر زاپاس غاڭزىسىغا تاماكا توشقۇزدى.

بۇ ئالتەيلەن جاھازلىرىنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن، دېرىزىسىگە يېشىل دوخاۋا پەردە ئېسىلغان مېھمانخانىدا جىمجىت ئولتۇراتتى، پارىژنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى ئۇلارغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار بەئەينى گىرۋان شامدىن ياسالغان ئادەملەر ساربېيدىكى شام ئادەملەردەك، مىدىر-سىدىر قىلماي جىمجىت ئولتۇراتتى، پەقەت لىكلاۋاگىن خانىمنىڭلا ئۆزۈك سېلىنغان قوللىرى ئەسەبىيلەرچە تىترەيتتى.

پەلەمپەيدىن ئېغىر ئەمما ئالدىراش قەدەم تىۋىشى ئاڭلاندى. بىرسى ئىشىك تۈۋىدە بىردەم ئارىسالدى بولۇپ تۇردى. مىگىر تەمكىنلىك بىلەن ئىشىكنى ئاچتى.

— تېلېفون، ساقچى باشلىقى ئەپەندى... سىزنى رافېلدىن كەپتۇ...

بۇ بىر توپ ئادەم ئاغزى ئېچىلىپ، ھاڭۋېقىپ ئاشخانا خوجايىنىغا قاراپ قېلىشۋىدى، خوجايىن خىجالەت بولۇپ قالدى.

مىگىر ئۇنىڭ بىلەن ئىشىك ئالدىغا كەلدى.

— دىققەت قىلىڭلار، باللار...

ئۇ تۇرۇۋېلىپ، لىكلاۋاگىن خانىمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە مىختەك



www.uyghurkitap.com

تىكىلىپ قارىدى.
— كىم بىرىنچى بولۇپ مىدىرىسا، شۇنى...
ئۇ كۆرەڭلىگەن ھالدا تاپانچىسىنى ئۇرۇپ قويدى.
— كېيىن كۆرۈشەيلى!...

## 8. لىكلاۋاگىن خانىمنىڭ ئۆچ ئېلىشى

كۆپچىلىكنىڭ نەزىرىدە، بۇ مىگىر تەكشۈرۈۋاتقان ئەڭ قىزىقارلىق ئەنزىلەردىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى گېزىت ساھەسىدىكىلەر ئىشنى باشلاپ بەرگەندىن كېيىن، گلانىگۇر كوچىسىدىكى پالچى ئايالنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ئەنزىسىگە دائىر كۆپتۈرمە - مۇبالىغىلەر توساتتىن توختىتىپ قويۇلدى. ئەمما جىنايى ئىشلار ساقچى مەھكىمىسىدە ئىش بۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى، ئەنزىنىڭ بارلىق تەپسىلاتلىرىنى، ھەتتا راست ياكى يالغان گەپلەرنىمۇ كۆپچىلىك ئېسىدە ساقلايتتى، بۇنىڭ ئۆزىمۇ مەھكىمىنىڭ ئەنئەنىسى ھېسابلىناتتى.

پارىژدا بىر ئايدىن كۆپرەك قۇرغاقچىلىق ۋە تومۇز ئىسسىق بولغاندىن كېيىن، ئاشۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەش بولاي دېگەندە، ئۇشتۇمتۇتلا قارا يامغۇر يېغىپ كەتتى.

— بۇنداق ياغقان يامغۇرنى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغانىكەنمەن، — دېدى ئەترەت باشلىقى لۇگا، — ئويلاپ بېقىڭلا، دېرىزىسىگە يېشىل دۇخاۋا پەردە تارتىلغان مېھمانخانىنىڭ بىر تەرىپىدە مەن بىلەن ژان ۋېيىئېر ئولتۇردۇق، يەنە بىر تەرىپىدە ئىككى ئايال بىلەن ھېلىقى قېرى ئولتۇردى.

مىگىرنىڭ ئۇدۇلدىكى ئاشخانىسىنىڭ خوجايىنى بىلەن چىقىپ

كەتكىنىگە يىگىرمە مىنۇتچە بولۇۋىدى، لىكلاۋاگىن خانىم بىتاقەت بولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى ۋە بىر قولى بىلەن دېرىزە پەردىسىنى تارتتى، ئۇ پەستىكى پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىنى مارىلىغان چاغدا مۇشۇنداق قىياپەتتە تۇرغان بولسا كېرەك.

شىددەتلىك بوران بادىنول كوچىسىدا ھۇشقۇتۇپ، چاڭ-توزانلارنى تۆتىنچى قەۋەتنىڭ دېرىزىسىگە ئۇچۇرتۇپ كەلدى، قەھۋىخانىنىڭ ئۆگزىسىنى تەۋرەتتى، ئۇشتۇمتۇتلا يامغۇر شارقىراپ يېغىپ كەتتى. ئاسفالت يول بىردەمدىلا ئۆستەڭ بولۇپ قالدى، پىيادىلەر تەرەپ-تەرەپكە چېپىشتى، تاكسى ماشىنا، خۇددى ماتورلۇق كېمە ماڭغاندىكدەك، يول-يول ئىز قالدى.

لىكلاۋاگىن خانىم يۈزىنى دېرىزىگە يېقىن ئاپاردى، گۆڭگا ئۆيدە مۇشۇ چىراينىلا ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى. لۇگا بۇنداق خوتۇننى كىم ئالسا، شۇنى دوملە باسىدۇ، دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا، ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ، غەزەپ بىلەن كوچىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن:

— ئۇ نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى.

دەرۋەقە، مىگىر ھېلىراقتا شوپۇرلار ئىزدىنىدىغان ئاشخانىدىن چىقىپ، پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى ئۆستۈن قىلىپ، كىرىمە مەيدانى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتكەنىدى، بەلكىم ئۇ تاكسى ئىزلىگىلى كەتكەندۇ.

مۇشۇ چاغدا، بۇ ئايال كېيىنچە جىنايى ئىشلار ساقچى مەھكىمىسىدە ھەممەيلەن ئېغىزدىن چۈشۈرمەي دەيدىغان بىر ئېغىز گەپنى قىلدى:

— ئۇ بىزنى ئۇنتۇپ قالمىسا بولاتتى!

بۇ، مۇشۇ قېتىمقى ئۇنتۇلماس كۆتۈش ئىچىدىكى بىرىنچى

قستۇرما ــ كومپىدىيىلىك كىچىك قىستۇرما ئىدى. لۇگا ھەممە جەھەتتە مىگرىنى دوراپ بېقىشتا تىرىشىپ، خاتىرجەملىك بىلەن غاگزىسىغا تاماكا سالدى، بوۋاينىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تاماكا چايناشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ئېسىگە چۈشتى ـ دە، تاماكا خالتىسىنى ئۇنىڭغا سۇندى.

ــ ھاجەتخانىغا باراتتىم...، ــ ئاقۇش كۆزلۈك بوۋاي ئاستىلا سۆزلىدى، ــ مەن بىلەن بارامسىز؟

ئاھ! ئەلۋەتتە لۇگا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ باردى، ھەتتا ھاجەتخانىنىڭ ئىشىكىنى ياپقۇزمىدى.

ــ مىنىڭ ھۇجرامغا كىرىشنى خالامسىز؟

ئۇ تام ئىشكابىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىن كونا پايپاققا يۆگەلگەن، سىپى سۇنۇپ كەتكەن كونا غاگزىنى ئالدى.

ــ بىلەمسىز؟... ئۇلار ئەمدى يەنە گەپ ـ سۆز قىلالمايدۇ! تاماكا خالتىڭىزنى ماڭا يەنە بىر قېتىم بېرىپ تۇرامسىز؟

ئۇ ھەممە ئىشنى مېھمانخانىدا، ئىككى ئايالنىڭ كۆز ئالدىدا قىلىشتا چىڭ تۇردى. ئۇ غاگزىسىغا ئەتەي ئالدىرىماي تاماكا توشقۇزدى ۋە ئەترەت باشلىقى بەرگەن سەرەڭگىدىن بىر تال ئېلىپ ياندۇردى.

لىكلاۋاگىن خانىم چىدىيالماي قالدى:

ــ بىزنى نېمىشقا ساقلىتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيلا قالدىم...

بىراق ئۇ ئازابلىنىشقا باشلىغانىدى. ۋاقىت بىر مىنۇت ـ بىر مىنۇتلاپ ئۆتمەكتە، مېھمانخانىنى كونا غاگزىنىڭ پۇرىقى ئاستا ـ ئاستا قاپلى‐ ماقتا. دېرىزە تامغا ئۇرۇلماقتا، يامغۇر شارقىراپ ياغماقتا، خەق‐ لەرنىڭ بەزىلىرى كوچىدا يەنىلا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ، بەزىلىرى

خەقلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا يامغۇردىن پاناھلانماقتا. بىر سائەت بولاي دېگەندە، بىر تاكسى توختاپ، ئىچىدىن ئادەملەر چۈشتى، پەلەمپەيدە ئىككى ئادەمنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى، ئاندىن ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى. ژان ۋېيىر بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى.

— سىز كەنسىزغۇ سوراقچى ئەپەندى؟... كىرىڭ!... يوق، ئۇ بۇ يەردە ئەمەس... ئۇ ئۇدۇلدىكى ئاشخانىغا تېلېفون بەرگىلى باردى، ئاندىن كىرىپ مەيدانغا يۈگۈرۈپ كەتتى...

تەييارلىق سوراق سوراقچىسى ئېگىز ۋە ئورۇق پۇتبولچى بىلەن بىللە كەلگەنىدى. ئۇ ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، ئىككى خانىم بىلەن ئوڭايسىزلىنىپ سالاملاشتى، ئاندىن ئولتۇردى. مەگەر ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمەستىنلا، پۇتبولچىنى باشلاپ بادىنول كوچىسىغا كېلىڭ، دەپ تېلېفون بەرگەنىدى.

ئادەتتىمۇ ناھايىتى قاراڭغۇ بۇ مېھمانخانا ئەمدى تېخىمۇ قاراڭغۇلاشقانىدى. كۆچلۈك چېقىلغان بىر چاقماق ھەممەيلەننى چۆچۈتەۋەتتى. ئۇلار بەئەينى پويىزنىڭ ۋاگونىدا ئولتۇرغاندەك مىدىر-سىدىر قىلمايتتى، دوختۇرخانىنىڭ كۈتۈش بۆلمىسىدە ئولتۇرغاندەك گەپ-سۆز قىلىشمايتتى. ئۇلار ئۆزئارا قارشى تەرەپكە قارىشىپ قوياتتى. لۇگا تاماكا خالتىسىنى بوۋايغا ئۇزاتتى، ئۇ بىر غاڭزا تاماكىنى چېكىپ بولۇپ، خۇددى كىچىك بالىلاردەك خۇشال بولۇپ، غاڭزىسىغا يەنە تاماكا سېلىۋاتاتتى.

ژان ۋېيىر سائەتكە قاراپ قويدى. بىردەمدىن كېيىن تەييارلىق سوراق سوراقچىسى سائەتكە قارىدى. يەنە بىردەمدىن كېيىن پۇتبولچىمۇ سائەتكە قارىدى. ھازىر سائەتكە قاراش جىمجىتلىقنى بۇزىدىغان بىردىنبىر ھەرىكەت بولۇپ قالدى.

سائەت يەتتە... يەتتە يېرىم... بىردىنلا ئوكتاۋ لىكلاۋاگىننىڭ ئەندىشە ئارىلاش ئاۋازى ئاڭلاندى... ئۇ خۇددى تەييارلىق سوراق سوراقچىسى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ناھايىتى كاتتا ئەربابتەك، لۇگاغا قاراپ:

— بۇ تام ئىشكاپىدا پورت هارىقى بار ئىدى... بىراق ئاچقۇچ ئۇنىڭدا!...— دېدى.

غەزەپكە تولغان كۆزلەر. لىكلاۋاگىن خانىم گەپ - سۆزسىزلا، قول سومكىسىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ، چاي ئۈستىلىگە قويدى.

— پورت هارىقىدىن بىرەر رۇمكا ئىچەمسىز، خانىم؟

— رەھمەت...

قىزچاقنىڭ كۆڭلى بەك بىسەرەمجان ئىدى، ئۇ تۆۋەن ئاۋازدا:

— مەن ئازراق ئىچەيچۇ...، — دېدى.

بۇ، سائەت سەككىزدىكى ئەھۋال. ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولماي قالدى، لۇگا چىراغ ياندۇرۇش قارارىغا كەلدى. لۇگانىڭ قورسىقى ئاچقانىدى، ژان ۋېيېرنىڭمۇ قورسىقى ئاچتى. ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى. ئەترەت باشلىقى بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە بىرىنچى بولۇپ، مېگرىنىڭ پەلەمپەينىڭ تەكشى يېرىدە تۇرۇپ:

— مەرھەمەت، خانىم، — دېگىننى ئاڭلىدى.

ناھايىتى پاكىز كىيىنگەن، ھەتتا ناھايىتى چىرايلىق قارا كىيىملىك ئايال ئارىسالدىلىق ئىچىدە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ رەڭگى ئۇنىڭ ياش - قۇرامىدىكىلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئادەمنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە ياخشى ئىدى. مىدىر - سىدىر قىلماي تۇرغان بۇ ئادەملەر ئۇنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇردى، ئۇ ئەڭ ئاۋۋال لىكلاۋاگىن خانىمنىلا كۆردى. ئۇ قېنىق رەڭلىك پەلەي كىيگەن قوللىرىنى

كۆمۈش قۇلۇپلۇق قول سومكىسىغا قويغان ھالدا ئالدىغا بىر ـ ئىككى چامداپ، بىر ئېغىز گەپ قىلدى، ئاۋازىدىن ئىلگىرىكى، ئەمما ھازىرغىچە ئۇنتۇمىغان ئاغرىنىش چىقىپ تۇراتتى.

— كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، ئانتوۋانىت...

مىگرىنىڭ كىيىمى چىلىق ـ چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن كۆڭلۈكتەك پارقىرايتتى، ئۇ لاكلانغان پولدا ماڭسا، يول ـ يول سۇ تامچىپ قالاتتى. ساقچى باشلىقى ھېچنېمە دېمەيلا تەييارلىق سوراقچىسىغا ۋە پوتۈكچىگە قاراپ بىلىنەر ـ بىلىنمەس سالام بەردى.

— بۇ تەكەللۇپچان ئەپەندى مېنى ئىزلەپ كەلمىگەن بولسا، ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئويلاپ...

لېكىن بۇ چاغدا ئۇ يېنىچە بولۇپ، بوۋاينى كۆرۈپ قالدى. ئۇ سۆزلىمەكچى، ياخشىمۇ سىز دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ، ئاغزىدىن بىر ئېغىزمۇ گەپ چىقىرالمىدى. ئۇ كۆزلىرىنى قىسىپ، تاقىستى تاق بولۇپ سومكىسىنى ئېچىپ، كۆزەينىكىنى ئالدى.

ئۇنىڭ ھېچنېمىنى چۈشەنمەيۋاتقانلىقىنى، ئالدىنىپ قالدىم، دەپ ئويلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى. ئۇنىڭ نەزىرى مىگرىدىن ئانتوۋانىت لىكلاۋاگىنغا، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىگە ئوخشاش ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەيۋاتقان بوۋايغا چۈشتى.

— بۇ ئوكتاۋ ئەمەس، بولدى!... بىلەمسىز، بۇ مېنىڭ ئوكام ئەمەس!... ۋاي خۇدايىم!... مەن دائىم...

— ئولتۇرۇڭ، خانىم... تەييارلىق سوراقچىسى ئەپەندى، سىزگە بىلۇن خانىمنى، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بىلۇن ئەپەندىنىڭ تۇل قالغان خانىمىنى تونۇشتۇرۇش شەرىپىگە ئىگىمەن، قىز ۋاقتىدىكى ئىسمى فامىلىسى كاتېرىنا لىكلاۋاگىن، سېن رافائېلدىكى ساقچى ئىدارىسى

ئۇنىڭ ئۇ يەردە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى... ئولتۇرۇڭ خانىم، مەرھەمەت، سىتۇ ئەپەندى ئۇچۇن قورقۇپ يۈرمەڭ. بىلۇن خانىم يولدىشى ئۆلگەن ۋاقتىدا ھېچنېمىسى يوق دېگۇدەكلا قالغان — ئۇنىڭ يولدىشى سېن دېنى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتچىسى، ناھايىتى ئادىل، توغرا ئادەم ئىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن بىلۇن خانىم پۈتۈنلەي دېگۇدەك مېيىپ بولۇپ قالغان، سىتۇ بوۋايىنىڭ خوجىدارى بولدى. ئۇ سىتۇ بوۋايغا ئىنتايىن كۆڭۈل قويۇپ، ناھايىتى ياخشى قارىدى...

— سىز بىزگە ئۇكىڭىز ئوكتاۋنىڭ ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىشنى خالامسىز، بىلۇن خانىم؟

ئىككى ئايال بىر-بىرىگە ئۆزئارا قۇسۇر تاپماقچى بولغان نەزەردە تىكىلدى. سىتۇنىڭ ئايال خوجىدارى چىركاۋدىن ئۆگىنىۋالغانمىكىن، بوغۇق ئاۋازدا ئالدىرىماي، بىرمۇبىر سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئاتا-ئانىمىز ئانچە باي ئەمەس ئىدى... ئۇلار توغرا، ئادىل ئادەملەر بولۇپ، ئەقلەرنىڭ ئېيتىشىدەك، ئۇلار قان-تەر تۆكۈپ ئىنىمنى دوختۇر قىلىپ يېتىشتۈردى... ئۇ دائىم سىرتلاردا يۈرەتتى. بىر قېتىم تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، ئىنتايىن باي ئادەمنىڭ ئىشىغا ياردەم قىلىپتۇ، ئۇ ئادەم مىننەتدار بولۇپ... شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆيلەندى، ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى، ئۇ بىزگە بەك كەڭ قول ئىدى...

— توختاپ تۇرۇڭ، سىز: ئۇ قەرەللىك تۈردە پۇل ئەۋەتىپ تۇراتتى، دېمەكچىمۇ سىز؟

— قەرەللىك تۈردە، ياق... مېنىڭ مەرھۇم يولدىشىم قوبۇل قىلمايتتى. لېكىن ئۇ بارلىق پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، بىزگە سوۋغا

تەقدىم قىلىپ تۇراتتى... 15 يىلىنىڭ ئالدىدا، مەن ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ئۇششاق كاناي ياللۇغى كېسىلى بىلەن ئاغرىپ قالدىم، ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ سېھىر رافىلدىكى داچىسىغا ئېلىپ كەلدى، كېلىپ بىلدىمكى، بۇ يەردە مەن ئارتۇقچە ئادەم ئىكەنمەن...

ئۇنىڭ لىكلاۋاگىن خانىمغا قارىغان نەزىرىدىن، ھەممەيلەن ھەممىنى چۈشەندى.

— ئۇكام ئۆيدە گەپ ـ سۆز قىلمايتتى، ئۇنىڭ شىركەت ئۇچۇن ئىلگىرى دېڭىزدا سەپەر قىلغان ھاياتىنى ئەسلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم... ئۇ ئۆزىگە بىر كېمە سېتىۋالدى، ئۇنىڭ بىردىنبىر خۇشاللىقى تەنھا ئۆزى دېڭىزغا بېرىپ بېلىق تۇتۇش ئىدى... شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇ بىرئاز ئارام تاپاتتى...

— داچىدىكى تۇرمۇش ئازادىمىدى؟

— مېنىڭچە شۇنداق... توختاڭ... ئىككى خىزمەتچى بار ئىدى...

— ئۇنداق بولسا، 200 مىڭ فرانك كىرىم بار بولغاندىكىن، تۇرمۇش خېلى رەتلىك بولسا كېرەك؟

— بەلكىم شۇنداقتۇ... 200 مىڭ فرانكتىن ماڭا زادى خەجلەپ بەرگىنى يوق...

— ئۇكىڭىزنىڭ سالامەتلىكى ياخشىمىدى؟

— قان بېسىمى يۇقىرىراق ئىدى، بىراق ئۇنىڭ كېسىلى بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن... ئۇ ھازىر قانداقراق؟

ھەممەيلەن بىراقلا لىكلاۋاگىن خانىمغا قارىدى. ئۇ لەۋلىرىنى چىشلەپ، سۇرلۇك قىياپەتتە، گەپ قىلغىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالدى.

— ئۇكىڭىزنىڭ خانىمىنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بىرەر ئاساسى بارمۇ؟

— كىم بىلىدۇ دەيسىز. مېنىڭچە، بولماسلىقى مۇمكىن، چۈنكى پەقەت ئۇ هايات بولسىلا، باشقىلار ئۇنىڭغا يىللىق پۇل بېرىدىغان تۇرسا...

— بىزگە يەنە دەيدىغان گەپ - سۆزىڭىز بارمۇ؟ لىكلاۋاگىن خانىم؟

بۇ چاغدا مىگىر ئەزەلدىن دۈچ كېلىپ باقمىغان دۈشمەنلىك قاراشقا دۈچ كېلىپ، ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى.

— ئۇبدان...، — دېدى ئۇ، — تەييارلىق سوراقچىسى ئەپەندى، سىزگە چۈشەندۈرۈپ قوياي... ماڭا بىر رومكا قۇيۇۋې-تىڭا، لۇگا... بۇ ئۆيدە بۇنىڭدىن كۆچلۈكرەك هاراق يوقمۇ؟

بوۋاي دەرهاللا:

— ئۇنىڭ هۇجرىسىدا يېرىم بوتۇلكا براندى بولۇشى كېرەك، — دېدى.

ئەلۋەتتە، ئانتوۋانىت لىكلاۋاگىنىنىڭ هۇجرىسىدا ئىدى.

— بۇ تىراگېدىيىنى بىرنەچچە جۈملىگە ئىخچاملاشقا بولىدۇ... لىكلاۋاگىن سېن رافېلدا ئارامخۇدا ياشاپ، هەر يىلى 200 مىڭ فرانكنى خەجلىگەن... مەن بانكىغا تېلېفون بەردىم... ئون يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ ئاران نەچچە ئونمىڭ فرانك يىغقان ئىكەن... لېكىن ئۇ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى... كۈنلەرنىڭ بىرىدە، لىكلاۋاگىنىنىڭ تۇل قالغان خانىمى ئۇنىڭ قانداق ئۆلۈپ قالغانلىقىنى بىزگە ئېيتىپ بېرىشنى خالاپ قالار... بىلىق تۇتۇۋېتىپ ئاپتاپ ئۆتۈپ كەتتىمۇ، ياكى مېڭىسىگە قان چۈشۈپ ئۆلۈپ قالدىمۇ؟

— قىسقىسى، ئۇنىڭ خانىمى بىلەن قىزىغا بۇنىڭدىن كېيىن بايلىق، مال - مۈلۈك قالمىدى... تەييارلىق سوراقچىسى

ئەپەندى، بەزىلەر بۇنداق ئەھۋالغا چىداپ تۇرالمىدى...

— دەرۋەقە، تازا ئەپ كېلىپ، گانا پىرىستانىدا، ئانچە ئەقىللىقمۇ ئەمەس، خەتەرلىكمۇ ئەمەس بىر سەرگەردان بار ئىدى، ئۇ ئىلگىرىكى پاراخوت دوختۇرىغا ھەيران قالارلىق ھالدا ئوخشىشىپ كېتەتتى...

يالغان لىكلاۋاگىن پىسسىگىدە كۈلۈپ قويدى، زېھنىي قۇۋۋىتىگە بېرىلگەن باھاغا خاپا بولۇپمۇ كەتمىدى.

— ئەپەندىلەر، مەن تەمىن ئەتكەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، سېر رافېل ساقچى ئىدارىسى ھېلىراقتا داچىسىنىڭ كەمىسىگە يوشۇرۇپ قويۇلغان ھەقىقىي لىكلاۋاگىنىڭ جەسىتىنى تاپتى... توغرىدى... يەنە بار ئىكەن، سىلەرگە مۇنۇ بىر تەپسىلاتنىمۇ ئېيتىپ بېرىشىم كېرەك... بەزىلەر بۇ سەرگەردانغا ئىسىم-فامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ، غەمسىز، ئازادە تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تەكلىپ قىلغاندا، پورت-پىرىستانلاردا قېقىلىپ-سوقۇلۇپ، كوچا-كويىلاردا يېتىپ يۈرگەن، ھاياتىدىن بىزار بولغان بۇ بىچارە ئادەم تەكلىپنى قوبۇل قىلغان. لېكىن، تەسەۋۋۇر قىلىنمىغان توسالغۇ بار ئىدى... ئەرز-دەۋا ۋەكالەتچىسى ھەر يىلى پۇلنى تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىنكى تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتىگە ھېچكىم سېزىۋالالمايدىغان قىلىپ قانداق ئىمزا قويۇش كېرەك؟... ئۇلار ئۇنىڭغا ئۆلگۈچىنىڭ ئىمزاسىنى دوراتقۇزۇپ باقتى، بىراق، قۇرۇق ئاۋارىچىلىق بولدى... ئۇ مىڭ تەسلىكتە قىڭغىر-سىڭغىر قىلىپ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاران يازالدى!...

— شۇنىڭ ئۈچۈن ئوك قولىنىڭ بىگىز بارمىقىنىڭ بىر بوغۇمىنى كېسىۋېتىشكە مەجبۇر قىلىشتى، بۇنداق بولغاندا ئاساس يېتەرلىك بولاتتى...

— كۆپكۆك دېڭىز بويىدا ئۇنى تونۇيدىغانلار بەكمۇ كۆپ ئىدى... شۇڭلاشقا پارىژغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتى...

— لىكلاۋاگىنىنىڭ ئاچىسى بۇ ئالماشتۇرۇش تېخنىكىسىنى بايقاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى: بۇ تۇل خوتۇن بىر ئامالـلار بىلەن ئۇنىڭ غورۇرىغا قاتتىق تەگدى، شۇنىڭ بىلەن، بۇ مەغرۇر ئايال ئاكىسى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بولغان باردى-كەلدىسىنى ئۈزدى...

— بۇ ئايال خەت يېزىپ مېنى قەلەندەر دېدى...، — دەپ غۇدۇرىدى بىلۇن خانىم، — مەن ئۇكامغا خەت يازغانىدىم، ئۇ ماڭا زادى جاۋاب خەت يازمىدى. نېمىشقا ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلىۋاتىمەن... ئۇ چاغدا مەن بۇ ئايال ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتىكەنمەن...

— پۇل، بىلۋاتامسىلەر؟... بۇ ئىش ئىپلاس پۇل مەسىلىسىدىن ئىبارەت. مەن ئىگەللىگەن ئەڭ ئىپلاس نەرسە... ئويلاپ بېقىڭلارچۇ، ئالدى بىلەن بىر جەسەتنى يوشۇرغان... ئاندىن سەرگەردانىنىڭ ناھايىتى ئاۋاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەن، بەختكە قارشى، ئۇنىڭ بىر مۈرىسى ئېگىز، بىر مۈرىسى پەس ئىكەن...

ئۇنى خەت تونۇمايدۇ دېسىمۇ بولىدۇ... شۇڭا ئۇنىڭغا گرامماتىكا، ھېساب دەرسلىرىنى ئۆگىتىش كېرەك... ئۇنداق قىلمىغاندا، باشقىلار ئىلگىرى پاراخوتتا دوختۇر بولغان ئادەمنىڭ بۇنچىلىك ساۋاتسىز ئىكەنلىكىدىن ئەجەبلەنمەي قالمايدۇ... شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى نېرۋىسى جايىدا ئەمەس، غەلىتە ئادەم، يېرىم ساراڭ دېيىشتى... يىراق شەرقتىكى ھاياتى ئىنتايىن ياخشى باھانە-سەۋەب بىلەن تەمىن ئەتتى...

ساقچى باشلىقى ئەتراپتىكى ئادەملەرگە قاراپ، بىردىنلا كۆڭلى ئاينىغاندەك بولدى.

— ئەڭ رەزىل يېرى شۇكى، ئۇلار ھەتتا بۇ پۇلنى خەجلىمىگەن!... ئىككىنچى لىكلاۋاگىن بىرىنچى لىكلاۋاگىنغا ئوخشاش ئۆلۈپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىرىنى تاپقىلى بولماي قالاتتى... شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇلار تۇرمۇشىدا ئىمكانقەدەر يول تاپقان... ھەر يىللىق 200 مىڭ فرانكنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك بانكىغا قويغان... 20 يىلدىن بۇيان بۇ ئىككى ئايال 1 مىليون 500 مىڭ فرانكچە پۇل يىغقان... شۇنداقمۇ؟ لىكلاۋاگىن خانىم؟

سىز بولسىڭىز، پىكار...

بوۋاي ئۆز ئىسمى ئاتالغانلىقىنى ئاڭلاپ ھاياجانلانغاندەك بولدى.

— سىز بىر تەخسە پۇرچاق ئۈچۈن چوڭ ئوغۇلنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى ساتتىڭىز... ئەلۋەتتە، سىز بىر كارىۋاتقا ئىگە بولدىڭىز... خەقلەر سىزگە يەيدىغان نەرسە بەردى، چۈنكى سىز ياشىشىڭىز كېرەك... تاماكا چەكسىڭىز بولمايدۇ، چۈنكى راست لىكلاۋاگىن تاماكا چەكمەيتتى... ھاراق ئىچىشىڭىز چەكلەندى، چۈنكى ئۇ كۈچلۈك ھاراقلارغا ئۆچ ئىدى... ھەممە نەرسىدىن چەكلەندىڭىز!... سىز خۇددى بىرسى يېتىلەپ يۈرگەن ئىتقا ئوخشايسىز، بىردىنبىر ئىچ پۇشۇقىڭىزنى چىقىرىدىغان ئىش ئىلگىرىكىگە ئوخشاش كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرۈش، ئۆيگە قايتقان ھامان، سوراپ قويىدۇ... ھەر يىلى ئەرز - دەۋا ۋەكالەتچىسى كەلگەن ۋاقىتتا، ئۇلار سىزنى ياتقۇزۇپ قويۇپ، غەمخورلۇق قىلىدۇ، سىزنى ئاغرىپ قالدى، دەيدۇ، ھۆجرىڭىزنىڭ چىرىغىنى مۇمكىنقەدەر غۇۋا قىلىدۇ...

— بىراق سىز سىزنى پايلاۋاتقان ئىككى ئايالنى ئالداپ...
بىر مەخپىيەتلىكنى ساقلاپ كەلدىڭىز...
پىكار ھاياجانلىنىپ، بېشىنى تولغىدى. كۆزىدىكى ياشنى باشقى-
لارغا كۆرسەتمەسلىكنى ئويلىغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولاتتى.
— دەسلەپكى ئايالىڭىز سىزگە بىر قىز تۇغۇپ بەردى... ئۇنى
سىز پارىژدىن تېپىۋالدىڭىز... ھەر يەكشەنبە ئۇنى كۆرگىلى باردى-
ڭىز... ئۇ گلانگۇر كوچىسىدا كىشلەرگە پال ئېچىپ جان باقىدۇ...
نەچچە شاخلىق ئاسما چىراغ يورۇقىدىكى چاڭ-توزان ئىچىدە،
يوغان-يوغان سايىلەر ۋە ھەر خىل-ھەر ياڭزا چىراي-شەكىللەر
خىرە-شىرە كۆرۈنەتتى. مېگرې گېپىنى توختىتىۋالدى. تەييارلىق
سوراق سوراقچىسى ئوڭايسىزلىنىپ، بىردەم پۇتىنى ئالماشتۇرسا،
بىردەم ئۇزۇن سوزاتتى، ئاخىرى ئۇ ئارىسالدىلىق ئىچىدە:
— لىكلاۋاگىن خانىم، رونا خېنىمنى سىز ئۆلتۈردىڭىزمۇ؟ —
دېدى.
— بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!
— لىكلاۋاگىن خانىم، سىز يالغان ئېرىڭىز بىلەن بىللە گلانگۇر
كوچىسىغا بېرىپ، 69-نومۇرلۇق بىنانىڭ 2-ئىشىكىگە كىردىڭىزمۇ؟
— بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! — گېپىنى تەكرارلىدى ئۇ.
— ھەقىقىي ئېرىڭىزنىڭ جەسىتىنى سېىن رافېلدىكى داچىنىڭ
گەمىسىگە يوشۇرۇپ قويغانلىقىڭىزغا ئىقرارمۇ سىز؟
— يەنە بارمۇ؟
— سىز ئېلىشقا تېگىشلىك بولمىغان پۇلنى قانۇنسىز تۇردە ئالغان-
لىقىڭىزغا ئىقرارمۇ سىز؟
— بىلمىدىم... بۇ پۇلنى مەن ئالمىدىم...ئەرز-دەۋا ۋەكالەت-

چىسى بۇ ئادەمگە بىۋاستە ئەكىلىپ بېرىپ تۇردى، بۇ ماڭا ئالاقىسىز... مەن ئۆزەمنىڭ تەۋەككۇلچىلىك قىلغانلىقىمنى بىلىمەن...

— تەڭرىم، ئاھ تەڭرىم! — دېدى بۇنداق پوزىتسىيىدىن چۆچىگەن ستۇنىڭ ئايال خوجىدارى دۇدۇقلاپ.

شۇنى ئېيتىپ قىلىش كېرەككى، ئاۋاق ۋە جىلىخور لىكلاۋاگىن خانىم تەمكىنلىك بىلەن بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا، شۇ سورۇندىكى كۆپىنى كۆرگەن ئەرلەرمۇ ھەيران بولۇپ بىر ـ بىرىگە قارىشىۋالدى. بۇ ئايال ئۆز سۆزىنىڭ سالمىقىنى ئۆزى دەڭسەپ باققاندى، ئۇ ھەممە ئەھۋالنى چۈشەنگەن ھەمدە شۇنىڭغا لايىق ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنىمۇ كۆرۈپ قويغانىدى.

— سىلەر ئۇبدان بىلىسىلەركى، ماڭا ئانچە چوڭ خەۋپ ـ خەتەر يوق... 16 فرانكتىن 50 فرانكقىچە جەرىمانە، ئالتە كۈندىن ئىككى ئايغىچە قاماق جازاسى كېلىدۇ... بۇ، جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 368 ـ ماددىسى...

ئۇ بۇنىڭدىن پەخىرلەندى، ھەتتا لەۋلىرىدىكى مەغرۇرانە تىترەكنى باسالماي قالدى.

— مەن بۇ ئادەمنىڭ قىزى بارلىقىنى، قىزىنى كۆرگىلى بارىدىغانلىقىنى ئۇقمايدىكەنمەن... مېنىڭ ئېرىمگە كەلسەك، ئۇ قەبرىستانلىقتا كۆمۈلسىمۇ، باشقا يەرگە كۆمۈلسىمۇ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېچقانچە پەرقى يوق دەپ قارايمەن.

— ئاغزىڭنى يۇم، نومۇسسىز خوتۇن! — بىلۇن خانىم چىدىماي تۇرالماي ۋارقىراپ كەتتى، — ئۆزەڭنىڭ جىن ـ شاياتۇن ئىكەنلىكىڭنى بىلمەمسەن، ئەزەلدىن بىر ئايالنىڭ، ئىگەم ياراتقان مەخلۇقنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق ھەيران قالارلىق گەپنى ئاڭلاپ باقمى-

غانىدىم!... بىچارە ئوكتاۋنى ئويلىسام... ساقچى باشلىقى ئەپەندى...مەن چىدىيالمىدىم... مەن بىر ھاۋا ئالماشتۇرۇۋالاي...

ئۇنىڭ چىرايى تامدەك ئاقىرىپ، تەر تامچىلىرى ئېغىزى ئەتراپىغىچە ئېقىپ چۈشتى. مىگىر دېرىزىنى ئېچىۋەتكەندى، يېشىل دۇخاۋا پەردە شامالدا كۆپۈپ كەتتى. دېرىزىدىن شامال گۈرۈرىدە كىرىپ، قارا يامغۇرنىڭ شىددەتلىك شارقىراشلىرىنى ھەممە جەھەتتە جىمجىتلىققا چۆمگەن مېھمانخانىغا ئېلىپ كىردى.

"ئەندى قانداق قىلىمىز، مىگىر؟" دەپ سورىغاندەك قىلاتتى بۇ ئەنزىگە مەسئۇل بولغان تەييارلىق سوراق سوراقچىسى.

ئۇنىڭغا ساقچى باشلىقى ھەرقاچانقىدەك ئۆز-ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالەتتە تۇرمىغاندەك قىلاتتى. ئۇ تاماكىسىنى ئالدىرىماي چېكىپ، لىكلاۋاگىن خانىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى. ئۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئېگىز ئەمما سۇرلۇك كۆرۈنەتتى.

— توغرا ئېيتتىڭىز خانىم،... سوت سىزنىڭ ئۇستىڭىزدە ھېچقانچە ئەجەبلەنگۈدەك ھۆكۈم چىقارمايدۇ... بىراق مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغىنىمدىن بۇيان پۇلغا نىسبەتەن نەپسانىيەتچىلىكنىڭ مۇشۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى ھەمدە ئادەملەرگە مۇشۇنچىۋالا ئېپلاسلىقلارنى قىلدۇرغانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپ ئولتۇرۇۋېتىمەن... بىرمەھەللىك ئاچچىق بىلەن لىكلاۋاگىننى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىڭىزدەك، مەنمۇ سىزنى...

بىاۋن خانىم تازا چۈشىنەلمەي، مىگىرنىڭ كەينىدە تۇرۇپ تولۇقلىۋەتتى.

— كەچۈرۈڭ، خانىم... بەزى ئىشلارنى دېيىشكە توغرا كېلىدۇ... تەييارلىق سوراق سوراقچىسى ھازىر گىلانگۇر كوچىسىدا زىيانكەشلىككە

ئۇچرىغان بىچارە قىزنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى، ئەھۋال ئادەمنى بەكمۇ ئويلاندۇرىدۇ... ۋەھالەنكى، لىكلاۋاگىن خانىمنىڭ بىر ئېغىز سۆزى ھەممە نەرسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېتىشى، بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن بىر قاتىلنى تۇتالىشىمىز مۇمكىن ئىدى... سۆزۈم خاتا ئەمەستۇ، خانىم؟

خانىم ئۇنىڭغا سەپ سېلىپ، بىر سېكۇنتچە ئارىسالدى بولۇپ قالدى. مۇمكىن بولسىدى، چىرايىنى تېخىمۇ سوغۇقلاشتۇرۇۋالاتتى.

— ياق! — دېدى خانىم.

— ئۇنداق بولسا، قۇلىقىمىز سىزدە...

— مەن ھېچنېمە دېمەكچى ئەمەسمەن... ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

ئۇ بىردىنلا ھازازۇل خوتۇنلاردەك چالۋاقاپ، رەڭگىرويىنى ئۆزگەرتتى.

— قەتئىي گەپ قىلمايمەن، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟... ھېچنېمە دېمەيمەن، چۈنكى سىزنى ئۆچ كۆرىمەن، سىزنى، سىز ئۆزىڭىزنى، ساقچى باشلىقى مىگىر، سىزنى دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسىنى ئۆچ كۆرگەندىنمۇ بەك ئۆچ كۆرىمەن! سىز بىزنىڭ ئۆيگە قەدەم قويغاندىن باشلاپ، سىزنى كۆرگەن كۈنۈمدىن باشلاپ سىزگە ئۆچ بولۇپ كېلىۋاتىمەن! سىزگە ئۆچمەن!... سىزگە ھېچنېمىنى دەپ بەرمەيمەن! سىز ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسىز! مەنغۇ تۇرمىدە ئىككى ئاي ياتارمەن، مەيلى، سىزچۇ... سىز...

— 200 مىڭ فرانكنى كىمگە تاپشۇرۇپ بەردىڭىز؟

— دېمەيمەن...

ئۇ گېپىنى ئوڭلىۋالدى، بىراق كېچىككەندى:

— نېمە 200 مىڭ فرانك؟

— شەنبە كۈنى بانكىدىن ئەكەلگۈزگەنچۇ؟...

ئۇ جاۋاب بەرمىدى.

— يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال سائەت ئوندىن چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتكىچە نەگە باردىڭىز؟

ئۇ زەھەرخەندىلىك بىلەن مەسخىرە ئارىلاش مىگىرغا قارىدى. مىگىر بۇ ئايالنىڭ پو ئاتمايۋاتقانلىقىنى، قانداق سوتلىغان بىلەنمۇ ئاغزىدىن بىرەر ئېغىز گەپ ئالماقنىڭ تەسلىكىنى بىلىپ قالدى.

— تەييارلىق سوراق سوراقچىسى ئەپەندى، خاپا بولماي قولغا ئېلىش قەغىزىدىن بىرنى يېزىۋەتسىڭىز، بۇ ئايالنى ۋە قىزىنى قولغا ئالايلى...

— قىزىمنى؟ قىزىمنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن نېمە ئالاقىسى؟ تەييارلىق سوراق سوراقچىسى ئەپەندى، بىلىشىڭىز كېرەككى، بۇنداق قىلىشقا ھەققىڭىز يوق... مەن ئادەم ئۆلتۈرمىدىم، ساقچى باشلىقىمۇ بۇنى ئېتىراپ قىلدۇ... مەن ئېرىمنى يوشۇرۇنچە كۆمۈپ قويدۇم. بۇ مېنى ئەيىبلىگۈدەك بىردىنبىر ئىش، ئۇ چاغدا قىزىم تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن،... تېخى كىچىك ئىدى، سىزنىڭ ھەققىڭىز يوق، يەنە بىر قېتىم ئېيتاي...

بىردەم بىچارىلىك، بىردەم كۈلكىلىك، بۇ ئىككىسى ھېلىدىن-ھېلىغا ئالمىشىپ تۇرۇۋاتاتتى. كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى چىش-تىرنىقى بىلەن ئۆزىنى قوغداش قارارىغا كەلگەن ئادەم ئىدى...

— مەن ئۇ ئايالنى ئۆلتۈرمىدىم، مەن ئۇنى تونىمايمەن...

— ئەمىسە كىم ئۆلتۈردى؟

— مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن... ھېچنېمىنى دېمەيمەن... سىزگە ئۆچ بولۇپ كەتتىم!... سىز دېگەن ئالۋاستى...

مىگىر ئالۋاستىكەن. ئۇ ئۆزىگە بىر رومكا براندى ھارىقى قۇيدى

ۋە تەرلىرىنى سۈرتتى. تەييارلىق سوراق سوراقچىسى ئارىسالىدى بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى، ھېلىراقتا ئۆزىگە خېلى ئىشەنچ قىلغانىدى، ئەمدىلىكتە بۇ ئەنزىنىڭ بۇنچىلىك قول تۇتىدىغانلىقىنى بىلىپ قالدى.

— لۇگا، مومايىنى ئېلىپ مېڭىڭ...

مىگىر ئەتەي موماي دېگەنىدى، ئايال زەھەرخەندىلىك بىلەن ئالىيىپ قارىدى.

— ژان ۋېيېر... سىز قىزچاقىقا ئىگە بولامسىز؟... دىققەت قىلىڭلار... لۇگا... ژان ۋېيېر...

چۈنكى بۇ چاغدا لىكلاۋاگىن خانىم ئوچۇق تۇرغان دېرىزىنىڭ ئالدىغا بېرىۋالغانىدى. ساقچى باشلىقى ئەنسىرىمىسمۇ بولاتتى، ئۇنىڭدا ئۆلۈۋېلىش نىيىتى يوق ئىدى. ئۇ ئاچچىقىغا پايلىماي بىر سەتچىلىك پەيدا قىلماقچى بولۇپ، چوقان كۆتۈرۈپ، قوتۇلدۇڭلار، دەپ ۋارقىرىماقچى ئىدى. بىراق بادىنول كوچىسىدا مۇشۇك چاغلىق نەرسىنىڭمۇ يوقلۇقىنى، دەرەخلەرنىڭ تۆۋەندىكى ئېرىقلارنىڭ، خۇددى ئىمىر-چىمىر خەرىتىدەك سۇغا تولۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغانىدى.

— كويىزا، لۇگا!... ژان ۋېيېر، دېرىزىنى يېپىڭ!...

كۈلكە، ئېلىشىپ قالغان ئادەمنىڭ كومېدىيىلىك كۈلكىسى. كونا سەرگەردان تاقەت قىلالماي قالدى. ئۇ شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان ئۆزىنى قورقۇتۇپ يۈرگەن ھازازۇلىنىڭ ئەمدىلىكتە پاكار بويلۇق باشلىقىنى ئۇرۇپ، شاپىلاقلاپ، تاتىلاپ ۋە تېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆزلىرىدىن ياش چىققۇچە كۈلۈپ كەتتى.

بۇ كۈنلەرنى ئۇ نېمىشقا ئويلاپ باقمىغان بولغىيدى...

— مەن... مەن ھازىرلا ئادۋوكاتقا تېلېفون بېرىمەن... سىزنىڭ... ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھوقۇقى يوق...

بۈگۈن ئاخشام ھەزىلكەشلىكنى ئۇچىغا چىقارماي مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى. ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى. بىرسى قوڭغۇراق كۇنۇپكىسىنى باسقانىدى. مىگىر ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ، ئىشىكنى ئاچتى.

— كەچۈرىسىز... ئايال دوستۇم؟...

پۈزۈر ياسانغان ئوتتۇرا ياشلىق ئايال بىلەن ئېگىز بويلۇق تارتىنچاق يىگىت كىرىپ كەلدى... ئۇ مېھمانخانىدىكى مىدىر-سىدىر قىلماي تۇرغان غەلىتە مېھمانلارغا ئەجەبلىنىپ قارىدى... لىكلاۋاگىن خانىمنى كۆرۈپ، ھىجىيىپ، خۇشال كەيپىياتتا ئۇنىڭ ئالدىغا باردى...

— مېنىڭ ئانتوۋانىتىم، بۇنداق قاتتىق يامغۇر ياغقان كۈندە...

ئۇ بىردىنلا تۇرۇپ قالدى، ئۇ ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن بۇ قوللارنى تۇتماقچى ئىدى، كويزا تۇرغىنى نېمىسى؟

— بىراق... ئەمما...

ئۇ چۈشەندى: بۇ ئادەملەر ساقچى ئىدى. ئۇچۇ؟ كاسگولان دې نىمۇر بولسا ئوغلىغا ئەپ بەرگىلى تاس قاپتۇ...

— بۇ ياققا كەل، ژىرمان! بۇ... بۇ...

ئۇنىڭ نەزەرىدە ھازىرقى ھېسسىياتىنى ھەرقانداق كۈچلۈك سۆز بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايتتى. بۇ بىر قىلتاق! بۇ... پەقەت مۇخبىر بىلەن فوتوچىلا كەم ئىدى!... ناۋادا ئۇنى كەتكىلى قويمىسا، ناۋادا ئۇنىڭ نامى ئەتىكى گېزىتكە بېسىلىپ قالسىچۇ؟...

ئۇ قىلچە توسقۇنلۇقسىز ئۇچرىماي پەلەمپەينىڭ تەكشى يېرىگە

چىقىۋالدى، بۇنىڭدىن ئۆزىمۇ ئەجەبلىنىپ، دەرھال ئوغلىنى يېتە-لىگەنچە، پەلەمپەيدىن ئىلدام چۈشۈپ كەتتى.

مىگىر غاڭزىدىكى تاماكىنى بىگىز قولى بىلەن ئېزىپ يۇمشاتتى. ئاخىرقى نۆۋەت ئۆيگە يەنە بىر كۆز يۈگۈرتتى ۋە لۇگا بىلەن ۋاڭ ۋېيئېرغا يەنە بىر قارىۋالدى.

— ماڭايلى! باللار...

بىلۇن خانىم بىر چەتتە قېلىپ قالارمەنمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىۋىدى، مىگىر ئۇنى خاتىرجەم قىلدى، ئۇنى ئۇنتۇپ قالمىدى.

— سىزگە كەلسەك، خانىم، خالىسىڭىز بىردەمدىن كېيىن تاكسىدا ئاپىرىپ قويىمەن...

مىگىر ئۇنىڭغا خۇددى ئانىلارغا مېھرىۋانلىق كۆرسەتكەندەك مېھرىۋانلىق كۆرسەتتى.

## 9. سۇڭپىياز سالغان پىشلاق شورپىسى ئىچكەن كېچە

دەل مۇشۇ چاغدا، مىگىردا تولۇپ تاشقان ھۇزۇر — ئىسپكۇرچە ھۇزۇر — بىلەن جىسمانىي ھەۋەسنىڭ قوزغىلىشى، كاللىدىكى كۈچلۈك پىكىر قىلىش بىلەن روھىي دۇنياسىدىكى مۇرەككەپ پائالىيەتلەر ئەجەبلىنەرلىك ھالدا بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەندى.

قاتتىق يامغۇر ياغقان بولسىمۇ، كېچە يەنىلا ئىسسىق ئىدى. كىرىپ مەيداندىكى ھېلىقى چوڭ پىۋىخانىنىڭ بارلىق ئىشىك-دېرىزىلىرى ئېچىۋېتىلگەن. بۇ ئىككۆيلەن زال بىلەن ئوچۇقچىلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يەردە ئولتۇراتتى. ئىچكىرىدە چىراقلار يوپيورۇق بولۇپ، كەيپىيات قىزغىن، كۈتكۈچى ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا چېپىپ



www.uyghurkitap.com

يۇرىدۇ، ھەربىر ئۇستەلدىكى كەچلىك تاماق يېگۈچىلەرنىڭ كەيپىياتى بەكمۇ ئۇستۇن. سىرتتىكى ئۆگزىگە يامغۇر سۈيى تولۇپ قورساق سېلىپ قالغان، سىرتتا مېھمان يوق، پەقەت ئىككى پاھىشە ئايال ئالدىدىكى قۇرۇق ستاكانغا قاراپ ئولتۇرىدۇ. يامغۇر يېغىۋاتقان بولسىمۇ، بايىقىدىن سەل بوشاپ قالغاندى.

ئۇدۇلدا بىلانىش مەيدانى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئېلان تاختىلىرى، يول چىراغلىرى گۈڭگا، تاكسى ماشىنىلار ئۇ يەرگە كەلگەندە سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ، چىلىق ـ چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن ئاسفالت يولدا تېيىلىپ ماڭاتتى، ”قىزىل تۈگمەن“نىڭ ئالدىدا تىنماي چۆگىلەۋاتقان چاقپەلەكنىڭ شولىسى سۇدا ئەكس ئېتەتتى.

گاھ نەمخۇش دىمىق، گاھ راھەت سالقىن؛ پاردىدا ياز تۈگەپ، كۈز يېقىنلىشىپ قالغاندى... بۇ ئىككۆيلەن سۈڭپىياز سالغان پىشلاق شورپىسىنى ئىچىپ بولۇشقا، كۆتكۈچى چىلىغان سەيدىن بىر تەخسە ئەكىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە ئىككى ستاكان پىۋىنى ئالماشتۇرۇپ قويدى. قەيەردىندۇ بىلىنەر ـ بىلىنمەس مۇزىكا ئاڭلىنىۋاتاتتى. بوۋاي سەي ۋە ئۇنىڭ خۇش پۇراقلىرىدىن راھەتلىنىپ، بۇنداق ياخشى پۇرسەتنىڭ ھەربىر مىنۇت ـ سېكۇنتىنى قولدىن بېرىپ قويماي ھۇزۇرلىناتتى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ساقچى باشلىقىغا بەئەينى كەچۈرۈم سوراۋاتقاندەك قارىدى.

يېرىم كېچە سائەت 12 ۋاقتى. لۇگا لىكلاۋاگىن خانىم بىلەن قىزىنى تاكسىغا چىقىرىۋاتقاندا، مىگىر ئۇنىڭ يېڭىنىڭ ئۇچىدىن تارتىپ:

ـــ ئۇلارنى نەگە ئېلىپ بارماقچىسىز، ئەخمەق؟ ـــ دېدى.

ـــ سولاقخانىغا ئېلىپ بارىمەنغۇ، ئۆزىڭىز شۇنداق دېدىڭىزغۇ،

باشلىق...

— ئۇلارنى بىزنىڭ مەھكىمىگە ئېلىپ بېرىڭ، مەن كەلگىچە ژان ۋېئېبر ئەككىڭلار قاراپ تۇرۇڭلار...

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سولاقخانىدا مەھبۇس ماشىنىسىدا ئېلىپ كېلىنگەن پاھىشە ئاياللار بىلەن بىللە تۈنەشتىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئۇلار زەرگەرلەر پرىستانىدىكى قۇرۇق ئىشخانىدا، بىردىن ئورۇندۇقتا، گەپ ـ سۆز قىلىشماستىن، خۇددى مېھمانخانىدا ئولتۇرغاندەك راۋۇرۇس ئولتۇرۇشتى. لىكلاۋاگىن خانىم بولسا چىبىركاۋدا دۇرۇت ئوقۇۋاتقان موماي‌لاردەك، بىردەمدىن كېيىن ئادۋوكاتقا دەيدىغان گەپلىرىنى ئۆزىچە پىچىرلاپ ئولتۇراتتى.

بىلۇن خانىمنى ساقچى باشلىقى ستۇنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى، ئۇ تاكسىدىكى چاغدا ساقچى باشلىقىغا:

— بىر ئايالنىڭ قولىدىن مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىش كېلەرمۇ؟... — دېدى.

ئەمدى بوۋاي قالغاندى. ساقچى باشلىقى ئۇنى كىرىپ مەيدانىغا باشلاپ كېلىپ تاماق يېيىشتى، سۆكپىياز سالغان پىشلاق شورپىسى بىلەن چىلىغان سەي ئۇنى راھەتلەندۈرۈپ، بەكمۇ خۇشال قىلىۋەتكەندى.

— ئۇلار سىزگە ئوبدان تاماقلارنى بەرمەمدۇ؟

— ئۇلار تاماق ۋاقتىدا قائىدە ـ يوسۇننى بىلمەيسەن، دېگەننى باھانە قىلىپ، يەيدىغىنىمنى ھۇجرامغا ئەكىرىپ بېرىشىدۇ... ئاچلىقتىن ئۆلتۈرۈپ قويماسلىقنى چەك قىلىشىدۇ... ئاشقازىنىم ھامان قۇرۇقلا تۇرىدۇ... قىزىم ئانچە يامان ئەمەس، بەزىدە يەيدىغان نەرسىلەرنى يوشۇرۇنچە ئەكىرىپ بېرىدۇ...

— نېمشقا ئۇلاردىن ئايرىلىپ كەتمەيسىز؟

بۇ بىچارە ئادەم مىسگىرغا لاپىپىدە قاراپ قويىدى، بۇ قاراش مەسىلىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيتتى: بۇ ئادەم تۇغۇلۇشىدىن قورقۇنچاق بولۇپ، ئۆزىنى ئازابلاۋاتقانلارغا قارشىلىق قىلىشنىمۇ بىلمەيتتى.

— سىز ئۇنى چۈشەنمەيسىز، ئۇ ماگىا بەكمۇ ۋەھشىيلىك قىلىدۇ. بەزى كېچىلىرى ئۇ كېلىپ مېنى ئۇرۇپ كېتەمدىكىن دەپ قالىمەن... ئۇ ماگا، ناۋادا ساتقىنلىق قىلساڭ، قىلچە ئىككىلەنمەي ئۆلتۈرۈۋې-تىمەن دېگەن... ئۇ مېنى سېنى رافېلدا جەسەتنى يوشۇرۇشقا مەجبۇر قىلغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ئەلپازىنى كۆرگەنىدىم... ئۇ گەمىدە مەن بىلەن خۇددى ئەركىشلەردەك ئىشلىدى... ماگا جەسەتنى، خۇددى ئاددىي بوپىنى يۆتكىگەندەك كۆتۈرۈشۈپ بەردى...

— سىزنىڭ قىزىڭىزنى كىم ئۆلتۈردى، پىكار؟

ئۇ چېلىغان سەينى يەپ بولغاندىن كېيىنلا، مىگىر كوچىدا لاپ-لاپ يېنىۋاتقان چىراغلارغا ۋە چۆگىلەۋاتقان چاقپەلەكنىڭ سۇدىكى شولىسىغا قارىغاچ، ناھايىتى تەبىئىي ھالدا مۇنداقلا قىلىپ بۇ سوئالنى سورىدى.

— قەسەم قىلىمەنكى، ساقچى باشلىقى ئەپەندى... ئۇ ئەمەس... كىملىكىنى بىلمەيمەن... بىلسەم...

ئۇنىڭ ئاۋازى تۆۋەن چىقتى، بەئەينى مۇشۇ گۈزەل مىنۇتلاردا، مۇشۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى يوقىتا چىقارغانلىقىغا ئەپسۇسلانغاندەك قىلاتتى.

— بىر قېتىم مارىي ماگا... مەن ئۇنى شۇنداق چاقىراتتىم، خېرىدارلار رونا دەپ چاقىرىشىدۇ... بىر قېتىم ئۇ ماگا، خالىغان

ۋاقتىڭىزدا مېنى يوقلاپ كېلىۋەرمەڭ، كېلىشتىن ئاۋۋال ماڭا خەۋەر قىلىپ قويۇڭ، دېگەندى... بىراق مەن يەنىلا ئۆزەم خالىغاندا ئۇنى كۆرگىلى بارىۋەردىم. مەن يولنىڭ ئۇ چېتىدە بىرقانچە مىنۇت كىرىپ-چىقىۋاتقانلار بارمۇ-يوق، دەپ ساقلاپ تۇراتتىم... ئۇ كۈنى ئۇ ئۆزى يالغۇز ئىكەن...

بوۋاي شۇنداق بىر كونا غاڭزىسىنى چىقاردىكى، ئۇنى نەلەردىن تېپىۋالغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى، مەگەر ئىككىلىنىپ قالدى، چۈنكى ئۇنىڭ يانچۇقىدا دائىم ئىككى غاڭزا بولاتتى، ئۇ ئۇنچۇقماستىن بىرىنى بوۋايغا سۇندى. بوۋاي غاڭزىغا تاماكا توشقۇزدى. يەنە بىر ئۇستەل يېنىدا ئولتۇرغان ئايال كۈلۈۋاتاتتى، بىر ئەركىشى، ئولتۇرغان ئىككى پاھىشە ئايالنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىگەچكە، قايسىسىنى تاللاشنى بىلەلمەي ئارسالدى بولۇپ، چۆگىلەپ يۈرەتتى.

— ئۇ بىئارام ئىدى... ئۇ، سىز ئىشنى چوڭايتىپ قويىدىكەنسىز، ماڭا ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىدىغان بولدىڭىز... دېدى،... توساتتىن، بىر ماشىنا يولنىڭ چېتىدە توختىدى، ئۇ تىترەپ كەتتى-دە، بالكوندىن قارىدى... دەل شۇ چاغدا ئۇ مېنى ئاشخانىغا ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋەتتى، لېكىن ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويىدىمۇ-يوق، بۇنى ئېنىق بىلمەيمەن...

— كەلگەن ئادەمنى كۆردىڭىزمۇ؟

— ياق... مەن بىرەيلەننىڭ ئاستا گەپ قىلغانلىقىنى خىرە-شىرە ئاڭلىدىم...

— ئەركىشىمۇ؟

— ھەئە... توختاپ تۇرۇڭ...، مارىي ماڭا يەنە بىر ئىشنى ئېيتقاندى... مەن ئويلاپ باقاي... كاللام ئىشلىمەيۋاتىدۇ...

مگىر ئىككى رومكا براندى هاردىقى ئالدى، غاگىزىسنى ئالدىرىماي چىكىپ، ئۇنىڭ گىپىنى كۈتتى.

— توغرا،... ئۇ ماڭا مۇنداق دېدىغۇ دەيمەن... مەن بىر ئادەمنى تونۇيمەن، ئۇ ئىلگىرى كۆك دېڭىز بويىدا سىزنى كۆرۈپتىكەن... ئۇ ھەپتىدە بىر قېتىم پارىژغا كېلىدۇ. بىركۈنى سىز مۇشۇ يەردىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، سىزنى تونۇپ قاپتۇ...

ساقچى باشلىقى يامغۇردىن كېيىنكى ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ، پارىژنىڭ كەچكى مەنزىرىسىدىن ھۇزۇر ئېلىپ، ئۆيدىمەي ئولتۇراتتى. ئۇ تونۇش مەنزىرىلەرنى كۆرگەن ۋاقىتىدا، ئىنتايىن توغرىلىق بىلەن باشقا ئىشلارنى ئەسلەپ چىقاتتى.

بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان، پەقەت ئۇنىڭدىلا بولىدىغان مىنۇتلار ئىدى، بۇ بىر دەملىك خۇشاللىق ئۈچۈن، ئۇ ھەرقانچە ئاۋارىگەرچىلىكلەرگە دۇچ كېلىشكە، ھەرقانداق بىر خىل-بىر قېلىپتىكى تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىشقا چىداشقا رازى ئىدى...

ياشانغان پىكار گانا پىرىستانىدا ئايلىنىپ يۈرمەكتە...

— ئېيتىڭا پىكار، قانداق قىلىپ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭىز؟

— بىلمەيمەن... مەن ئەزەلدىن ياخشى ئىش قىلىپ باقمىدىم... مەن ۋاڭچىلىڭ شەھىرىدىكى ئاياغ كىيىم زاۋۇتىدا قاچىلاش ئىشچىسى بولغانىدىم... ئايالىم مېنى تاشلاپ كەتتى... ئۇنىڭ كىم بىلەن كەتكەنلىكىنى ھازىرغىچە بىلمەيمەن، كېيىن قانداق بولغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن... دەسلەپتە ھېلى ئۇ يەردە، ھېلى بۇ يەردە ئۇ ياقتىن بۇ ياققا قاتىراپ، ئاز-تولا ئىش تېپىپ ئىشلەپ يۈردۈم. كۆڭلۈم بەك پاراكەندە بولۇپ كەتكەندە ياكى غەرق مەس بولۇپ قالغاندا

پويىنزغا چىقىۋېلىپ، قايەر ئۇدۇل كەلسە شۇ يەرگە بېرىپ توختىدىم... مانا شۇنداق!... بىركۈنى، ھېچ ئىش قىلماي يۈرسەم... گانادا... مۇشۇ ئايال...

بۇ ئايالنى ئېغىزغا ئالسلا، ئۇنى قورقۇنچ باساتتى.

— يېشىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى... ھاردىم... بىردەم ئارام ئالاي دېدىم، ياتىدىغانغا ئورۇن، يەيدىغانغا تاماق بولسىلا...

ئۇنىڭ قاراشلىرى سەمىمىي، سەبىي بالىلارنىڭكىگە ئوخشاپ كەتتى، ئۇ:

— سىز ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، دەپ ئىشىنەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— بىلەلمىدىم، پىكار، بىراق بۇ مۇمكىن...

مىگىر چوڭقۇر ئويغا پاتتى... بوۋاي ھالىدىن كەتكەن، ھارغان، تۇرمۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ساتقان... ئانتىۋوا-نىت لىكلاۋاگىن ئەزەلدىن غۇربەتچىلىك تارتىپ كۆرمىگەن، شۇڭا ۋە-ھىمىگە چۈشكەن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى ئويلاپ، ئۆزىگە يېتەرلىك مىقداردىكى پۇلغا ئېرىشىشنى ئويلاپ، مۇشۇنداق قىلىشقا...

— بولدى! ۋاقىت توشتى... كۈتكۈچى، ھېسابات قىلىڭ!

ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ھەقىقىي ياشاۋاتاتتى، ئۇلار دەل مۇشۇ ۋاقىتلاردا ھەقىقىي تۈردە ھايات كەچۈرۈۋاتاتتى. مىگىرچۇ، ئۇ بىرۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۈچ خىل، بەش خىل، ئون خىل ھاياتنى تەڭلا بېشىدىن كەچۈرۈۋاتاتتى: ئۇ بىردەم گانادا، بىردەم سېن رافېلدا، بىردەم بادىنول كوچىسىدا، يەنە بىردەمدە گلانگۇر كوچىسىدا ئىدى...

ئۇلار سىرتقا، يامغۇر ياغقان يەرگە چىقىشتى. بوۋاي ئىنتايىن

ئاق كۆكۈللۈك بىلەن:
— نەگە بارىمىز؟ — دەپ سورىدى.
— كېيىمگە قۇلاق سېلىڭ، پىكار، سىز ئاخىردا تۇرمىدە بىر كېچىنى ئۆتكۈزسىڭىز، بىئارام بولماسسىز؟
— ئايالىلارمۇ شۇ يەردىمۇ؟
— ياق. ئەتە ئەتىگەندە سىزنى چاقىرتىپ كېلىمەن. ئاندىن كېيىنكىسىنى كېيىن كۆرەرمىز...
— ئىختىيارىڭىز.
— تاكسى، سولاقخانىغا.
دەريا بويىدىكى يول ناھايىتى قاراڭغۇ ئىدى. سولاقخانىنىڭ دەرۋازىسىدا قىزىل چىراغ يېنىقلىق ئىدى.
— كەچلىكىڭىز خەيىرلىك بولسۇن، بوۋاي... ئەتە كۆرۈشەيلى... گۇندىپاي! بۇ ئادەمگە قاراپ قويۇڭا، بولامدۇ؟
گۇندىپاي بوۋاينى بىر كىچىك ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، ئاختۇردى، ئۇ بۇ ئادەمنىڭ ھېلىلا ساقچى باشلىقى مىگرې بىلەن بىرلىكتە كىرىپ مەيدانىدىكى پىۋىخانىدا بىللە كەچلىك غىزا يېگەنلىكىنى قىلچە ئويلاپ يەتمىگەنىدى.
زەرگەرلەر پىرىستانىدا پەقەت ئىككى دېرىزىلا يورۇق تۇراتتى. مىگرې ئانا-بالا ئىككىيلەننىڭ ئولتۇرغانلىقىنى، لۇگانىڭ ئەسنەۋاتقانلىقىنى، ژان ۋېيېرنىڭ پىۋا ۋە بولكا ئەكەلگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. ئۇ ئۇ يەرگە كىرسۇنمۇ؟ ئەجەبا...
مىگرې دەريا ياقىلاپ مېڭىپ، كۆۋرۈكنىڭ شالاسىغا بىردەم يۆلىنىپ تۇردى. ھازىر كىشىنىڭ كاللىسىنى سەگىتىدىغان سىم-سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى.

بىر بىرىگە باغلاشمايدىغان ئوي ـ پىكىرلەر... چىن تەگكۈر پالچى ئايال ئۆز تەقدىرىنى ئالدىن كۆرەلەيدى... قانداقلا بولمىسۇن بىرەر ئاۋارىگەرچىلىك بولىدىغانلىقىنى بىلەلەيدى... ئۇ ھەپتىدە بىر قېتىم "پارىژغا كېلىدىغان" ئادەم بارلىقىنى ئېيتتى، پەقەت مۇشۇ سۆزلا ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

جۈمە كۈنى...بىر ماشىنا كېلىپ توختىدى... ئۈستى ئوچۇق يېشىل ماشىنا.. ئېھتىمال...

مىگىر يېڭى كۆۋرۈككە كەلدى. بىر تاكسى كېلىپ قالدى.

— گلانگور كوچىسى.

— نەچچىنچى نومۇر؟

— ۋاقتى كەلگەندە توختا دەيمەن...

ئەسلىدە ئەتىگىچە ساقلىسا بولاتتى، بۇ قانۇنىي بولاتتى. ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى، روشەنكى، نورمال ئەمەس ئىشلار ئىدى. بۇ بىرىنچى قېتىملىقى ئەمەسقۇ، يامان ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەملەرمۇ قانۇنلۇق، قانۇنسىز دەپ ئولتۇرامتى؟

ئۇ ئۆزىنىڭ ئەتە تاڭ ئېتىشنى ساقلاپ ياتالايدىغانلىقىغا كۆزى يەتمىدى. ئامال يوق. ئۇ ئىشەنچكە تولدى.

— توختاڭ... يەنە سەل ئالدىغىراق، سولغا... بىر ئاق دۇكان...

ئۇ تاكسىنىڭ شوپۇرىغا: تۇرۇپ تۇرۇڭ، دەپ قويۇپ، بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ كۇنۇپكىسىنى باستى. ئۇ ئۈچ قېتىم باسقاندۇ، قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن ئۆيدىن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاڭلاندى. ئاخىرى قۇلۇپنى ئاچقان ئاۋاز ئاڭلاندى. مىگىر ۋېكلىۇچاتىلىنى تېپىپ، ئاندىن ئىشىك باقارنىڭ دېرىزىسىنى چەكتى.

— سۈت مەھسۇلاتلىرى دۇكىنىدىكىلەر قەيەردە تۇرىدۇ؟

— نېمە؟... نېمە ئىش؟

ئۇ ئۇيقۇسىنى ئاچتى ۋە غەلىتە بىر چىراي كۆرۈندى، بېشىغا چاچلىرىنى بۇدۇر قىلىدىغان قىسقۇچلار قىسىلغاندى.

— سۇت مەھسۇلاتلىرى دۇكىنىدىكىلەرنى ئىزدەيتتىم... نېمە دەيسىز؟... ئۇلار دۇكاننىڭ كەينىدە ياتامدۇ؟... ئىشىك قوڭغۇرىقى يوقمۇ؟... ھېلىقى پاكار خىزمەتچى ئەيماچۇ؟...

بەللى! 8 - قەۋەتتە، خوجايىن ئۇ يەردىن ئۇنىڭغا بىر ئېغىز خىزمەتچىلەر ياتىقى ئىجارە ئېلىپ بەرگەنىدى.

— رەھمەت، خانىم...ئەندىشە قىلماڭ... ئاۋاز چىقارمايمەن...

تۆتىنچى قەۋەتتىن باشلاپ، ۋېكلىيۇچاتىلىنى تاپالماي، سەرەڭگە يېقىپ ماڭدى. بىرسى سەككىزىنچى قەۋەت، 3 - ئىشىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەندى. ئۇ ئىشىكنى ئاستا چەكتى ۋە قۇلىقىنى ئىشىككە ياقتى. ئۇ خورسىنىش ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك، ئاندىن تاتلىق ئۇخلا-ۋاتقان بەدەننىڭ قوپاللىق بىلەن ئۆرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندەك بولدى.

ئۇ ئىشىكنى يەنە چەكتى، ئۇيقۇسىرىغان ئاۋاز:

— نېمە ئىش؟ — دېدى.

ئۇ ئەتراپتىكى قوشنىلارنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، بوشقىنا:

— ئىشىكنى ئېچىڭ... مەن... ساقچى باشلىقى...، — دېدى.

بىرسى يالاڭغىداق يېتى پولدا ماڭدى. چىراغ ياندى. بىركىم ئۇ ياقتىن - بۇ ياققا مېڭىپ، ئاخىرى ئىشىكتىن بىر يوچۇقنى ئاچتى. ئىچ كىيىملىك سېمىز قىز كۆرۈندى، قىزنىڭ كۆزلىرى ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۇنىڭغا تىكىلدى، قىزنىڭ ئۇيقۇسى تېخى ئېچىلمىغاندەك قىلاتتى.

— نېمە قىلماقچىسىز؟

بۇ يەردە كىشى يېرىم كېچە بولۇپ قالغاندەك ھېسقا كېلەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئايالـلارنىڭ ھۆجرىـسى، يۇمـشاق كارىۋات، ئەتىـر ۋە سوپۇنىـنىڭ پۇراقلىرى...

— نېمە قىلماقچىسىز؟

— ئۇنى تۇتۇۋالدىم.

— كىمنى؟

— قاتىلنى... ئۇستى ئوچۇق يېشىل ماشىنىدىكى ئادەمنى...

— نېمە دەيدىغانسىز؟

قىز بارا-بارا سەگەكلەشتى، كۆزلىرى تورلاشتى.

— ئۇنى ھېلىلا تۇتۇۋالـدىم... مەن بىلەن زەرگەرلەر پىرىستانىغا بېرىپ ئۇنى تونۇپ بېرىڭ، دېمەكچىمەن...

— تەڭرى، ئاھ تەڭرىم! — دەپ كەتتى ئۇ.

— كىيىمـلىرىڭىـزنى كىيىـڭ... قورقـماڭ... مەن تام تەرەپكە قاراپ تۇرىمەن...

ساقچى باشلىقى ئۇنىڭ كەينى تەرىپىـدە مېڭىـپ يۈرگەنلىكىنى، ئورۇندۇقتىكى كىيىملىرىنى ئىزدەشتۈرۈپ تاپقانلىقىنى، كارىۋاتـنىڭ ئاستىدىن ئۇزۇن پايپىقىنى تاپقىنىنى ئاڭلىدى.

— تەڭرىم! ۋاي ئىگەمەي!... — دەۋەردى ئۇ.

ئۇ يىغلىدى، ئۇنچۇقماي مىشىلداپ يىغلىدى. ئۇ ئەللىك قېتىمچە "ئىگەمەي..." دېگەندۇ، ئاندىن كېيىن:

— بۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟... — دېدى.

مىگىر كەينىـگە ئۆرۈلگەنـدە، ئۇ يەنىـلا قىزىل ئىچ كۆڭلەكچان پېتى پايپىقـىنى كىـيىۋاتاتـتى. مىگىر بۇنـداقـلارنى كۆپ كۆرگەن! ئەيىمامۇ ئۆزىنىڭ بىر ئەركىشـىنىڭ ئالدىدا كىـيىم كىيىۋاتقانلىقـىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى.

— سىز ئۇنى تونۇيالايسىزغۇ، شۇنداققۇ؟
— ئۇنى كۆرۈشۈم كېرەك ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشىم كېرەك...
ئۇ ئۆكسۈكسىنىپچە كارىۋاتقا ئۆزىنى ئېتىپ، بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ، قايتا ـ قايتا:
— خالىمايمەن! خالىمايمەن!... مېنىڭ سەۋەبىمدىن سىز ئۇنى قولغا ئالالىدىڭىز!... — دېدى.
فوتو ئاپپاراتچى مىگىرنىڭ مۇشۇ پەيتتىكى سۈرىتىنى تارتىپ ئالالىغان بولسا ئىدى! ئۇ ئۆز قامىتىگە ماس كەلمەيدىغان كىچىك ئۆيىدە، ئېگىشىپ تۇرۇپ ئىچ كۆينەكچان سېمىز قىزنىڭ ھال رەڭ مۇرىسىگە ئاستا ئۇرۇپ پەپىلەۋاتاتتى!
— ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ،... بالام... ماگايلى! ۋاقىتى بولۇپ قالدى...، — دەيتتى.
قىز كارىۋاتنى قويۇۋەتمەسلىك قارارىغا كەلگەندەك، يوتقان كىرلىكنى چىشلەپ، ھە دەپ بېشىنى چايقايتتى.
— سىز بۇنداق ئەخمەقلىقلەرنى كۆپ قىلدىڭىز،... ھازىر مەن كەلمىگەن بولسام، سىزمۇ تۇرمىگە باراتتىڭىز...
بۇ سېھرىي كۈچكە ئىگە سۆزلەر بىردىنلا ئۇنى تىنچلاندۇردى، ئۇ بېشىنى كۆتۈردى ۋە:
— تۇرمىگە بارامتىم؟ — دەپ سورىدى.
— شۇنداق، بەلكى ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ياتاتتىڭىز... چۈنكى سىزنىڭ ئىشىڭىزنى بىرلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزدى دېيىشكە بولىدۇ... نېمىشقا مەن سۈرەتلەرنى سىزگە كۆرسەتكەندە، ئۇنى تونۇپ بەرمىدىڭىز؟
ئۇ ئاستىنقى لېۋىنى قانىتىۋەتكۈدەك چىشلىدى، چىرايىدىن

ئېغىنمۇ جاھىللىق چىقىپ تۇراتتى.

— ئېيتىڭا... نېمىشقا؟

— چۈنكى، ئۇنى ياخشى كۆرىمەن!

— بىراق مۇشۇ چاغدا، ۋاقتىمىزنى ئىسراپ قىلىۋاتىمىز... ئۇ قېچىپ كېتىشى مۇمكىن، بىز بەلكىم بىر بىگۇناھ ئادەمنى خاتا تۇتۇۋالارمىز... كېيىنىڭ...مېنى پەستىكى ساقچىلارنى چاقىرىشقا مەجبۇر قىلماڭ...

ئۇلار قاراڭغۇ پەلەمپەيدىن ئالدىرىماي چۈشۈشتى. تازا غەلىتە بىر جۈپتە! تاكسى پەستە ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

— ماشىنىغا چىقىڭ!...

ماشىنىدا ئەيما بىرئاز ئويلانغاندەك:

— ئۇ نېمىشقا ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ؟... ئۇنىڭ ئاشىنىسىمكەن، شۇنداقمۇ؟... ئۇ باشقا ئەرلەرنىڭ خىزمىتىدە بولغان بولسا،... ئۇ كۈنلەپتىمۇ؟...، — دېدى.

— بەلكىم شۇنداقتۇ...

— شۇنداقلىقىغا ئىشىنىمەن... ئۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ...

مىگىر ئۇنىڭ بىلەن جىنايى ئىشلار ساقچى مەھكىمىسىنىڭ پەلەمپىيىدىن چىقىپ، كارىدورغا كىردى، ئۇ يەردە بىر چىراغ كېچىچە يېنىپ تۇراتتى. ژان ۋېيىر ئاۋازنى ئاڭلاپ ئىشخانىدىن چىقتى ۋە باشلىقىنىڭ شۇنچە كەچ بولۇپ كەتكەندىمۇ سۈتچى ئايال بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— ئۇلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى ساقچى باشلىقى.

— قىز ئۇخلاپ قالدى...ئۇ تېخىچە ساقلاۋاتىدۇ...

مگىر ئىشخانىغا كىردى، ژان ۋېيئېرمۇ كىرىپ كەتتى ۋە ئىشىكنى ياپتى.

— ئۇ نەدە؟ — سورىدى ئەيما.

— ئالدىرىماڭ... بىردەمدىن كېيىن كۆرىسىز... ئولتۇرۇڭ...

بىچارە سېمىز قىز، ئادەتتە قىزىلگۈلدەك قىپقىزىل ئىدى، بۈگۈن ئاخشام تاتىرىپ، قان دېدارى قالماپتۇ!

— قاراڭ...خوجايىنىڭىز سىزنى بىرىنچى قېتىم ئەۋەتكەندە، مۇشۇ سۈرەتلەرنى كۆرسەتكەنىدىم، شۇنداققۇ؟

ئۇ سۈرەتلەرنى قالايمىقان پېتى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويماستىن، بىر ـ بىردىن ئۇنىڭ ئالدىغا تىزىپ قويۇپ، خالىغان بىر ئىسىملارنى ئاتاۋەردى:

— بەدىنىگە گۈل چېكىۋالغان ژۇستان...مونپېلىئېلىق بىبار... راكاي...

بۇ ئىككىيلەنىنىڭ ئىچىدە ئەڭ جىددىيلەشكىنى مگىر ئىدى، چۈنكى هازىر بارلىق ئىش بەلگىلىنىدىغان پەيت ئىدى. ئۇ قىزغا توغرىدىن ـ توغرا قاراشقا پېتىنالمىدى، ئەمما ئۇنى چۆچۈتۈپ قويمايدىغانىنىڭ ئۇسۇلىنى تاپتى: قىزنىڭ قوپال، توم، تىرناقلىرى يېرىلىپ كەتكەن قوللىرىغا تىكىلىپ قاراپ ئولتۇردى، چۈنكى بۇ قوللارنىڭ بىرى ئىش ئۇستىلىدە بولۇپ، يەنە بىرى مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان رەسىمنى تۇتۇشقا تەييارلانغان هالدا تۇراتتى.

— بېرۋېردىكى كىچىك لۇئى... ژۇستان...

مگىر دىمىقىپ قالدى، بىردىنلا كۆكرىكى چىڭقىلىپ كەتتى، ئاخىرى نەپەس ئالدى، سىدىر ـ سىدىر قىلالمايدىغان ئازابلىق

ھالەتتىن ئاخىرى قۇتۇلدى. چۈنكى قىزنىڭ ئىككى قولى تەڭلا تارتىشىپ قالغاندەك يىغلىپ قالدى.

— مۇشۇغۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟... ژۇستان... تۇلۇنلۇق ژۇستان...

ئۇ بىردىنلا شامال تەگكەندەك، تىترەپ كەتتى. ئۇ ساقچى باشلىقىغا قاراپ ئۆكۈپ كەتتى ۋە دەسلىپىدە باللارچە:

— سىز ئۇ ئىكەنلىكىنى بىلمەمتىڭىز؟... ئۇ قەيەردە؟... — دېدى.

ئاخىرىدا، ئۇ ھەممىنى چۈشەندى ـ دە، بىردىنلا ئاچچىقى كېلىپ، سەكرەپ تۇرۇپلا ساقچى باشلىقىغا ئېتىلدى:

— ھازىر دېگەنلىرىڭىز يالغانكەن!... ئۇنى تۇتالماپسىلەر... ماڭا تۇزاق قۇرۇپسىلەر، مەن... مەن! مەن!... مەن...

— ئاستاراق، بالام... ئاۋايلاڭ!... سىزگە كاپالەت بېرەيكى، ژۇستان دېگەن ئۇچىغا چىققان بۇزۇق...

— مەن،... مەن!...

— بولدى،... ھېرىپ كەتتىڭىز... بەك سەھەر تۇرۇپ كەتتىڭىز... سىزنى ئاپىرىپ قويسۇن...

ئۇ قوڭغۇراق كونۇپكىسىنى بېسىپ، ژان ۋېيىنېرنى چاقىردى.

— ئاغىنە، بۇ قىزنى ئاپىرىپ قويۇڭ... ئالدىراتماڭ... تام ئىشكاپىدا ئازراق بىرنېمە قالغان بولسا، ئۇنىڭغا بىرەر رومكا قۇيۇپ بېرىڭ، ئۆزىنى روسلىۋالسۇن...

ئەيىمانىڭ ھېلىمۇ تەلىيى بار ئىكەن، ژۇستان ئۇنى ئۆزىگە بەكمۇ قارىتىۋالماپتۇ.

www.uyghurkitap.com

## 10. ئېھتىياتچان سەممىيەتسىز ئادەم

— ۋەي! جىنايى ئىشلار ساقچى مەھكىمىسىمۇ؟ مەن مىگىر خانىم. ئىېرىم بارمۇ؟

— بار، قەدىردان دوستۇم...

— ئۆيگە قايتمامسىز؟

— ئەتە... ئەتىگىچە...

ياۋاش مىگىر خانىم سەھەر سائەت تۆتتە چۆچۈپ ئويغىنىپ، يېنىدا ھېچكىم يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن، خاتىرجەم بولالمىغانىدى.

— ياق... يىراقتا بارمايمەن... يېقىن ئەتراپتىكى بىر يەرگە بېرىپ كەلمەكچىمەن... ئوبدان ئۇخلاۋەرگىن...

مىگىر يالغۇز ئۆزى ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ، خۇددى ئوركېستىرنىڭ دىرىژورىدەك بىر قاتار تېلېفونلارنى بەردى.

— بولمايدۇ، ساقچى باشلىقى ئەپەندى... ئۈچ - تۆت كۈنگىچە ماسكۇۋېئاننى سوراق قىلىشقا بولمايدۇ...

ئەمدىكىسى تۇلون ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن نىس ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسى.

— ژۇستان... توغرا... ھەرقانچە بەدەل كەتسىمۇ؟... چوقۇم!

لۇئايت بۇۋى مەريەم موناستىرى كوچىسىغا ئەڭ يېقىن بولغان ساقچى ئىدارىسى ئارقىلىق، ئۇ بىلايدىزنىڭ ئىشكى ئالدىدا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان لولاسقا خەۋەر بەردى.

يولغا چىقىش كېرەك!... ياق، دەرھال مېڭىپ كەتكىلى

www.uyghurkitap.com

بولماس... ئۇ ئاچقۇچ سالىدىغان تۆشۈكتىن ئورۇندۇقتا راۋۇرۇس ئولتۇرغان لىكلاۋاگىن خانىمغا قارىدى، لۇگا دىگەن بىخەستە خورەك تارتقىلى تۇرۇپتۇ.

تاڭ يورۇدى، ھاۋا يەنىلا نەمخۇش، يامغۇر توختىمىغانىدى، كوچىلار دەرەخ يوپۇرماقلىرى ۋە پارچە-پۇرات قەغەزلەر بىلەن تولغان.

— تاكسى!... مىنىڭىز يىراق يولغا يېتەمدۇ؟

سائەت سەككىز. ئانتوۋانىت لىكلاۋاگىن ھېرىپ ھالى قالمىغان بولسىمۇ، ئۆزىنى تېتىك تۇتۇپ ئولتۇرماقتا. ئۇ ئۇمۇۋالىنىكتا يۈزىنى يۇيۇۋاتقان لۇگادىن:

باشلىقىڭلار بىزنى بۇ يەردە خېلى ۋاقىتقىچە تۇتۇپ تۇرامدۇ، نىمە؟ — دەپ سورىدى.

— ئەمىسە، دەرھال تۇرمىگە بىرىشنى خالامسىز؟

— شۇنداق بولسىمۇ مەيلىدى.

قىزنىڭ چاچلىرى بىر تەرەپكە يېتىپ، يۈزىنى توسۇۋالغانىدى. ژان ۋېيىبىر كۇتۇش ئۆيىدىكى ئۇزۇن بەندىڭدە ئىككى سائەتچە ئۇخلىۋالدى. جىنايى ئىشلار ساقچى مەھكىمىسى جانلىنىشقا باشلىدى.

سائەت توققۇزدا، ساقچى باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى مەھكىمە باشلىقىغا كۇندىلىك خىزمەتلىرىنى دوكلات قىلىشقا كىرىشتى، پەقەت مىگرىلا يوق ئىدى.

— ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى قايسىڭلار بىلىسىلەر، ئەپەندىلەر؟

ئۇ نىس ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسى ئەۋەتكەن تىپىفون ئۇقتۇرۇشىنى ئوقۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭدا، دىڭىز بويىدىكى

قىمارخانىدا ژۇستان ئىسملىك بىرەيلەننى قولغا ئالدۇق، ئۇ ئەتىگەن سائەت يەتتىدە قىمارخانىدىن چىقىپ كېلىۋاتقاندا قولغا ئالغانىدۇق، بۇ ئادەم قارشىلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ، دېيىلگەنىدى.

— بۇ مىگىرغا كەلگەن تېلېفون بولسا كېرەك...

— ئۇ ئىشخانىسىدا يوقمۇ؟

مەھكىمە باشلىقى ئىشخانىسىنىڭ ئىشكىنى ئېچىپ، چۆچىگەن هالدا كىچىچە مۇشۇ يەردە تۇنىگەنىدەك كۆرۈنگەن ئىككى ئايالنى كۆردى، ئادەمنى بىزار قىلىدىغان لۇگا ئۇلارغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئىختىيارسىز هالدا ئۇلار بىلەن ئامانلاشتى.

— بۇ خانىملار...

لېكىن ئىككى ئايالدىن ياشانغان بىرسى ئورنىدىن ئېتىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىۋىدى، ئۇ كەينىگە داجىدى.

— بۇ كىم؟

— مەھكىمە باشلىقى...، — دەپ جاۋاب بەردى لۇگا.

— ئۇنىڭغا دەڭ، مەن چوقۇم... مېنىڭچە... مەن...

— بولمايدۇ! بۇ دېگەن دوكلات قىلىدىغان ۋاقت...

پارىژنىڭ بىر تاكسى ماشىنىسى مورسان بىلەن خونتېيېنبىلۇ ئارىلىقىدا، ئېنىقراقى، مورسان تومىسى بىلەن سىدانگىت تومىسى ئارىلىقىدىكى لاي ـ پاتقاق يولدا كېتىۋاتاتتى. ماشىنا ئۇ يەردىكى ئىككى مېھمانخانا ئىشىكى ئالدىدا ئىككى قېتىم توختىدى.

— ئېيتىڭا، خوجايىن، شۇنداق بىر توغرا كېلىپ قېلىپ...

مىگىر ئۇنىڭغا سۇرەتلەرنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر سۇرەتنى كۆرسەتتى...

مىگىر كىچىك بىر رومكىدا ئىچىۋالدى...

ۋاي! قاتتىق يامغۇر ئارىلاش شامال بىر توپ دەرەخنى دەل يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۆرۈپ تاشلاپتۇ ئەمەسمۇ! يول ياسايدىغانلار كېلىپ، پالتىلىرىنى ئىشقا سالدى.

— ئېيتىڭلارچۇ، دوستلىرىم...

كۆپچىلىك ھەممە ئەزايى لايغا مىلىنىپ كەتكەن سېمىز ئەپەندىنى كۆرۈپ بەكمۇ ھەيران قېلىشتى، ئۇ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن، غاڭزىسىغا كەينى-كەينىدىن تاماكا تولدۇرۇپ ئۇلاپ چېكەتتى.

ئاقىۋەت، بىرەيلەن:

— بۇ ئادەم، ئەلۋەتتە... ھەر يەكشەنبە كۈنى دېگۈدەك، قاراڭ، ئاۋۇ يەردىكى قۇم تاسقايدىغان مەيداننىڭ ئەتراپىدا بىر ماشىنا تۇرامدۇ...، — دېدى.

بۇ تەييارلىق سوراقچىسىنىڭ ئۈچىنچى قېتىم مىگىرنىڭ ئىشخانىسىغا تېلېفون بېرىشى ئىدى.

— يوق، سوراقچى ئەپەندى... كەلمىدى... بىراق چارەك سائەتتىن كېيىن بارىمەن دەپ تېلېفون بەردى... شۇنداق... بىلايدىز ئەپەندى؟... ئۇ پوقراچە كىيىنگەن ساقچى دولاس بىلەن يەنە بىر ئىشخانىدا... ئۇ باشلىقنى ئىزدەيمەن، دەيدۇ... شۇنداق... ياق، بىلمەيدىكەنمەن... لىكلاۋاگىن خانىممۇ، دائىم شۇ بىرخىللا... ھەئە، مەن قەھۋە بىلەن بولكا ئەكەلتۈرۈپ بېرىۋىدىم... موماي بولكىنى يېمەي، قەھۋىنى ئىچتى...

ھەممەيلەن مىگىرنى كۈتمەكتە. مەھكىمە باشلىقىمۇ تىنىچسىزلانماقتا، چۈنكى ئۇ ھەرقايسى تەرەپلەردىن كەلگەن نارازىلىق خەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالغانىدى. مىگىر تېز پوچتا ئارقىلىق چاقىرتقان



www.uyghurkitap.com

بېرىت خېنىم قىزىل بۆكنى كىيىپ كۈتۈش ئۆيىدە ياۋاشلىق بىلەن ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرماقتا.

بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى، جۈملىدىن تۇرمىدە ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان قېرى پىكارمۇ، ناۋادا ساقچى باشلىقىنىڭ مۇشۇ ھالىتىنى كۆرگەن بولسا، چوقۇم بەك ھەيران قالغان بولاتتى.

ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ تاكسىدا ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ياق، پۈتۈنلەي يۇمۇۋالماي، ئىككى ياندىكى مەنزىرىلەرنى كۆرگۈدەك ئېچىپ قويدى، ئۇ ھېلىمۇ سۇ تامچىلاۋاتقان ياپيېشىل دەرەخلەرنى كۆرۈپ ياتتى.

ئۇ غاڭزىسىنى شورىماقتا!... چوڭقۇر ئويغا پاتماقتا... ئۇ ئاجايىپ غەلىتە بىر شاھمات ئوينىماقتا، بۇ شاھماتتا ھەربىر ئادەم بىر پېشكا، ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن ئورۇقلارنى يۆتكىمەكتە.

بۇ شۇ قەدەر ئاددىي... يىغىپ ئەكەلگەندە بولسا، شۇ قەدەر مۇرەككەپ!... بۇ ھاماقەت ھەممىنى قالايمىقان قىلىۋەتمىگەن بولسىدى...

ئۇ يەنىلا ئوردا دوختۇرخانىسىدا باش-كۆزىگە داكا ئورالغان ھالدا ياتقان ماسگۇۋىئاندىن ئاغرىناتتى... ئۇ بولمىغان بولسا...

بىراق مىگىر ئۇنىڭغا بەكمۇ كەڭ قولاۋۇق قىلدى... چۈنكى كۆلسە زىناق چىقىدىغان ھېلىقى ياش خانقىز بېرىت بار-دە... ئۇ نەقەدەر ساددا-ھە!

ماسگۇۋىئان دېگەن بۇ سەممىيەتسىز، ئەمما ئېھتىياتچان ئادەمنى چۈشەنگەندىلا، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئۇ خاتالىق ئۆتكۈزدىيۇ، ئەمما ئىچ-ئىچىدىن ئازابلاندى...

ئۇنىڭ كىرىم-چىقىمىنى بوغالتىرلاردەك ھېسابلاشقا توغرا

كېلىدۇ: بىر تەرەپتىن، پىلو ۋە دېلوئانىڭ بۇ خىزمەتچىسىنىڭ قانچىلىك پۇل تاپالايدىغانلىقىغا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ بېرىت خېنىمىنىڭ تەربىيىسى ۋە ئولتۇرلاق ئۆيى ئۈچۈن قانچىلىك پۇل خەجلەيدىغانلىقىغا قاراپ بېقىش كېرەك...

ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ مائاشى ئانچە كۆپ ئەمەس...

دېلوئان ئەپەندى قەيت قىلدىكى، بۇ خىزمەتچى پۇل ئىشكاپىدىن پۇل ئالمىدى...

ماشىنا ھەربىر كاتاگدىن ئۆتكەندە، مىگىر بىر سىلكىنىپ كېتەتتى، ئۇ غاگزىسى ئاغزىدا چىشلەگلىك پېتى، ئۆز خىيالىدىن بىردەممۇ ئايرىلمايتتى. ئۇ ھەممە يىلەن، بارلىق پىشكەللار تولۇق يىغىلىپ بولغاندا، زەرگەرلەر پىرىستانىدىكى ئىشخانىسىدا ئۇلارغا مۇنداق دېمەكچى:

"شۇنداق، تەييارلىق سوراق سوراقچىسى ئەپەندى، ھەممە ئىش ئاشۇ يەردىن باشلانغان... ماسكوۋىئان ئىزىپ تومۇشۇقىدىن ئىلىنىپ قالغان... ئۇنى كىم ئازدۇردى؟ ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ بىر دائىمىي خېرىدارى، ئۆزى ئۇششاق سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئەمما باشقىلارنىڭ سودا ـ سېتىقىغا قىزىقىدىغان دائىمىي خېرىدارى...چۈنكى سىز بۇ ئادەمگە قاراپ بېقىڭ، بۇ بىلايدىغىز ئەپەندى ئەڭ ۋەھشىي زەھەرخەندە، ئەڭ ھىيلىگەر ئالدامچى..."

ئۇ نەقەدەر ئەپچىللىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان ـ ھە! ئۇنىڭ شېرىكى بار، لېكىن ھېچكىممۇ ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بىللە تۇرغىنىنى زادى كۆرۈپ باقمىغان! ئۇ لۇئايىت بۇۋى مەريەم موناستىرى كوچىسىدىكى ئۆيىدە ھېچقانداق ئادەمنى كۈتۈۋالمايدۇ، ئۇ يەردە ئۇ مول يىللىق كىرىمگە ئىگە تىپىك شەخس

ھېسابلىنىدۇ.»

”مورساندىكى ‹گۈزەل كەپتەر› مېھمانخانىسىدا، ئۇ باشقا خېرىدارلار بىلەن كارى يوق، پەقەت بېلىق تۇتۇشقا ھەۋەس قىلىدىغان ئادەم...“

”ئۇ چارئىت بېلىقى تۇتىدۇ... باشقىلار كۆرەلمەيدىغان دەريانىڭ سول قىرغىقىدىكى ئوت ـ چۆپلۈكتە چارئىت بېلىقى تۇتىدۇ...“

بۈگۈن ئەتىگەن ئىسدور مىگىرگە مۇنداق دەپ ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدى:

ـــ سىزنىڭچە قانداق قىلسام بولاتتى... ئۇ بىرىيەرگە ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغان بىر ئايالنى كۆرگىلى بارىدۇ، ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلمەيمەن... ئۇنى زادى كۆرۈپ باقمىدىم... ئۇ باشقىلارغا بىلدۈرۈشنى خالىمايدۇ... مەن پەقەت... قولاي بولۇشى ئۈچۈن... ئۇنى تىرىك بېلىق بىلەن تەمىن ئېتىمەن.

مورسان تومىسى بىلەن سىدانگىت تومىسى ئارىلىقىدا كىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدىغاندۇ؟

ئوبدان ئويلاش كېرەك! بلايدىز ئەپەندى بەكمۇ ئېھتىياتچان، ھەرقانداق سودا ـ سېتىقتا ئۆزى ئەزەلدىن ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ. ئۇنىڭغا كىم كېرەك؟ ئۇنىڭغا بىر چوماقچى كېرەك...

بۇ دەل ژۇستان!... ئۇ كۆپكۆك دېڭىز قىرغىقى بىلەن پارىژ ئارىلىقىدا قاتناپ يۈرۈپ... ”خېرىدار“ لارغا ”يانچۇق كولىمايدىغان بولسا“... دېگەننى بىلدۈرۈشكە مەسئۇل...

ژۇستان ۋە ئۇنىڭ ئۈستى ئوچۇق يېشىل ماشىنىسى...

بلايدىزغا يەنە كىم كېرەك؟ ئۇنىڭغا ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئاز ـ تولا گۇمان ئارىلاشقان سودا ـ سېتىق ئەھۋالىنى يەتكۈزۈپ

تۇرىدىغان ئادەم لازىم...

ماسكۇۋىـئان، ئېھتىياتچان ماسكۇۋىئان قانداقلارچە بۇ ئورنىغا چۈشكەندۇ؟ ئۇ بىر ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ خىزمەتچىسى تۇرسا. ئۇ يەردە يەر ـ زېمىن، ئۆي ـ مۈلۈك قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىش ۋە سېتىش سودىسى بولۇپ تۇرىدۇ، شەھەرنىڭ بەزى پارلامېنت ئەزالىرى ۋە باشقا ئاتاقلىق ئەربابلارمۇ بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ...

بىلەمسىز، دېلۇئان ئەپەندى؟ سىز خىزمەتچىلىرىم بىر تىيىن پۇلنىمۇ ئوغرىلاپ كېتەلمەيدۇ، دەپ توغرا ئېيتتىڭىز، لېكىن باشقىلارنىڭ خەت ـ چەكلىرىنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنى ئوغرىلاپ كېتەلەمدۇ ـ يوق؟

مانا مۇشۇنى ماسكۇۋىئان تەمىن ئەتكەن! مانا بۇ ئۇنىڭ سىڭلىسىغا بېرىدىغان ۋە ئۆزىنى قامدايدىغان پۇلنىڭ كېلىش مەنبەسى...

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرالماي قالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، باشقىلار ئۇنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. بۇ ياۋاش ئادەم بىر خاتالىشپلا، ئۆمۈربويى سەممىيەتسىز ئادەم بولۇپ قالدى.

ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئازابلاندى... ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان گراف خانىمنىڭ ئۆزىگە قىلغان رەھىمسىزلەرچە سوغۇق مۇئامىلىسىدىن ئازابلاندى...

بۇ، دەككە ـ دۈككىدە يۈرۈيدىغان مۈرەككەپ ئادەم... دېلۇئان مۇنداق دېگەن... بۇ خەق مەندىن گۇمانلىنىدۇ دەپلا ئويلايدىغان ئادەم ئىدى، ئاخىرى ئاچا يولغا كىرىپ قالدى...

— نېمە؟... نېمە دەيسىز؟ سوراقچى ئەپەندى...

ماشىنا پارىژ شەھەر رايونىغا كىردى، مىگىر ماشىنا دېرىزىسىنىڭ ئەينىكىنى چېكەتتى. ئۇ يەر زەرگەرلەر پىرىستانى، ھەممەيلەن ئۇنى كۈتمەكتە.

— ماشىنىنى توختىتىڭا، شوپۇر... ئۇسساپ كەتتىم...

ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئاغزاكى دوكلات ئۈچۈن تەييارلىق ۋاقتىغا موھتاج ئىدى.

"لېكىن رونا خېنىم، ھېلىقى پالچى ئايالچۇ؟" دەپ سوراپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى تەييارلىق سوراقچىسى.

"ئۇ شېرىكى..." دەپ جاۋاب بېرەتتى مىگىر.

"كىمنىڭ شېرىكى؟"

"ئۇنى بىر قوشۇمچە ئادەم، بىلايدىز ئەپەندىنىڭ ياردەمچىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ... بىر ساختىپەز جىنايەتچىگە كىپىنوز پالچى ئايال ئەڭ ياخشى كۆز-قۇلاق ھېسابلىنىدۇ... كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئۆز ئىستىقبالىنى سۈرۈشتە قىلىپ، بارلىق ئىچ سىرلىرىنى تۆكۈۋېتىدۇ... خۇرۇستال شارچە ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئالداپ ئېلىنغان بۇ سىرلارنىڭ ھەممىسىنىلا پاكىز دېگىلى بولمايدۇ، ھەر ھەپتىدە ژۇستان، ئۇستى ئوچۇق يېشىل ماشىنىدا ئولتۇرىدىغان ئادەم بۇ سىرلارنى مورسانىغا ئېلىپ كېلىپ، كاتتىبېشى بىلايدىز ئەپەندىنىڭ تاللىشى ۋە پايدىلىنىشىغا سۇنىدۇ... ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسىز؟ سوراقچى ئەپەندى!"

"نېمە دەيدىغانسىز؟... رونا خېنىم قانداقلارچە... زادى بىلەلمىدىم... ئانىسىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى، دادىسىنىڭ سەرگەردان بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماڭ، ئۇ مۇشۇنداق تەقدىردىن قۇتۇلۇشنى ئويلىدى، لېكىن سودىسى ئاقمىدى... ئۇ

www.uyghurkitap.com

چىرايلىق، كېلىشكەن ژۇستاننى ياخشى كۆرۈپ قالدىمۇ ـ قانداق؟... بۇ سۈيىقەستتە ئۇ پۇلغا ئىگە بولۇشنىلا ئويلىدىمۇ ـ قانداق؟...“

”قارىغاندا، پۇللا بولسا، بىلايدىز ئەپەندىگە مەخپىيەتلىكنى ساتىدىغانلارنى يەنە تېپىشى مۇمكىن، بىلايدىز بۇ ئارىدىن يەنە جىق پۇل ئوندۇرۇۋالدۇ...“

”ژۇستان يالغان لىكلاۋاگىننىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى بايقىغاندىن كېيىن، بادىنولدىكى ھىلقى ئۆيىنىڭ سىرىنى ئاچتى...“

”نۇرغۇن پۇل تاپقىلى بولىدىغان چوڭ سودا ـ دە! لىكلاۋاگىن خانىم پۇل چىقىرىشى كېرەك! بۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئوبيېكت! ئۇ 200 مىڭ فرانك كىرىمگە ئىگە بولماقچى بولىدىكەن، غايەت زور بەدەل تۆلىشى كېرەك...“

مىگىر قاۋاقخانىنىڭ پوكىيى يېنىدا ئولتۇرغاندا، شوپۇر ئۇنى ئۇخلاپ قېتىپ قالدىمىكىن دەپ ئويلىدى.

”سىزگە كېپىللىك قىلايكى، سوراقچى ئەپەندى، ئىشنىڭ جەريانى مانا مۇشۇنداق...رونا خېنىم ئۇلارنىڭ لىكلاۋاگىن خانىمنى شۇلمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن دادىسىنىڭمۇ جاپا تارتىدىغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، ئۇلارغا يالۋۇرۇپ باققان بولسا كېرەك، ئاندىن كېيىن، ھەممىنى دەيمەن، بۇ گۇرۇھنى پاش قىلىمەن، دەپ تەھدىت سالغان بولسا كېرەك.“

”بۇ چاغدا، بۇ ئادەملەر پالچى ئايالنى ئۆلتۈرۈش قارارىغا كەلگەن!“

”ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسىز؟ رونا باشقىلارنى ئوبدان بىر سودا بىلەن تەمىنلەپ قويغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمىگەن، ئۇ بولغاچقىلا، ھىلقى ئادەملەر گۆھەر تۇغدىغان بۇ مىكىياننى تۇتۇۋالغان...

لىكلاۋاگىن خانىمدىن ئاۋۋال قانچىلىك پۇل ئېلىش كېرەك؟ ئاۋۋال 200 مىڭ فرانكنى، يالغان دوختۇرنىڭ بىر يىللىق كىرىمنى ئېلىش كېرەكمۇ؟"

"رونا خېنىم گەپكە كىرمەيدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ شورى."

"ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش..."

"مۇشۇنداق دەيدىغان بولسام، سوراقچى ئەپەندى، 'ھەقىقىي سەممىيەتسىز' ئادەمنى تاپماق بەكمۇ تەس."

"ماسگۇۋىئانغا ئوخشاشلا، رونامۇ بۇ ئۆلچەمگە توشمايدۇ..."

"بىلايدىز ئەپەندىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىز زەرگەرلەر پىرىستانىدا 'كەلسە ـ كەلمەس' ئادەم دەپ ئاتايدىغان ئاشۇ ئادەملەردىن پايدىلىنىش."

"جۈمە، سائەت بەشتە، پالچى ئايال ئۆلتۈرۈلدى..."

زەرگەرلەر پىرىستانىدا ھەممەيلەن كۈتۈۋېرىپ، بىتاقەت بولۇشۇپ كەتتى. تەييارلىق سوراق سوراقچىسى ئۆز ئىشخانىسىدىن چىقىپ مىگرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئولتۇردى. ساقچى باشلىقىنىڭ شوپۇرىمۇ تاقەتسىزلەندى، چۈنكى ئۇمۇ بىر كېچە"ئىشلىگەن" بولۇپ، بىردەم يېتىۋالغۇسى كېلىپ كەتكەندى.

ـــ يەنە بىر رومكا ئالما ھارىقى بېرىڭا، خوجايىن...

"ئادەم ئۆلتۈرمەكچى! بۇ بىرنېمىلەر ئادەم ئۆلتۈرمەكچى! بىچارە ماسگۇۋىئان بىلىپ قالدى! ئۇلار بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتتى، بەلكىم ئۇنى تېخىمۇ تىزگىنلەشنى ئويلىغاندۇ! لېكىن ئۇ ھەر - قانچە زور بەدەل تۆلەپ بولسىمۇ بۇ پاجىئەنىڭ يۈز بېرىشىنى توسماقچى بولدى.

ئۇ جۇمھۇرىيەت مەيدانىدىكى ئۆزى دائىم بارىدىغان ھېلىقى قەھۋەخانىغا باردى...

مىگىرنىڭ ئاچچىقى تۇتتى! ئاچچىقىدا مۇشتۇملىرى چىڭ تۈگۈلدى! چۈنكى، بۇ بىرنېمە بۇ قەدەر مۇرەككەپ بولمىغاندا ئىدى...

روشەنكى ئۇنىڭدىن: "مەن جىنايەتچىلەر گۇرۇھىنىڭ ئەزاسى... ئەتە سائەت بەشتە گۇرۇھىمىز بىر ئەنزە تۇغدۇرۇپ، ئىسىم-فامىلىسى ۋە تۇرار جايى ماڭا نامەلۇم بىر پالچى ئايالنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ..." دەپ ساقچى ئىدارىسىغا كېلىپ ئەھۋال ئېيتىشنى تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ-دە.

"ئۇ ئويلاندى، مېڭىسىنى ئىشقا سالدى، سىياھ سۈمۈرگۈچ قەغەز ئويۇننى ئورۇنلاشتۇردى، پىلانلىدى، ئىجاد قىلدىيۇ، ئۆزىنى چەتكە ئالدى، شېرىكلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەتتا مىڭ فرانك ئوغرىلىغانلىق ھەققىدىكى ھېكايىنى توقۇپ چىقىرىپ، ئۆزىنى بىر مەزگىل قولغا ئالغۇزىدىغان بولدى..."

"مانا شۇنداق، سوراقچى ئەپەندى!"

پىكپۇس!... ھا... ھا! ئىمزا قويىدىغان چاغدا، ماسكوۋىئان مۇنداقلا ئالدى تەرەپكە قاراپ، ئەينەكلىك كىيىم ئىشكاپىنى بىر قولدا ئوينىتىپ، خۇشال كېتىۋاتقان پالۋانغا كۆزى چۈشتى...

ئىمزا: پىكپۇس...

بۇ ھاماقەت قاتىللىق ئەنزىسى يەنىلا يۈز بەرگەنلىكىنى بىلگەن ۋاقىتتا، ئۆلۈۋېلىشنىلا ئويلىدى،...

— ھەي!... باشلىق!

شۇپۇر پوكەيدە ئۇخلاپ قالغان مېھماننى ئىرغاڭلاتتى. مەگەر كۆزىنى ئاران ئاچتى.

— سىزنى نەگە ئاپىرىپ قويىمەن؟

— زەرگەرلەر پىرىستانىغا.

— ھە؟

— جىنايى ئىشلار ساقچى مەھكىمىسىگە...

ئۇ راستىلا ئۇخلاپ قالدى، يول ئاز قالغاندى، ئۇ ئۇيقۇسىنى ئىچىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پىسكپوس ئەنزىسى ئاياغلاشقانىدى، ئەمدى جاپالىق ئىش باشلىنىدۇ: ئۇ سودىيەگە چۈشەندۈرىدۇ، ئاندىن كېيىن...

بىردىنلا ئۇ سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ لىسكلاۋاگىن خانىمنىڭ ئۇبرازىنى ئېسىگە كەلتۈردى، ئىقرار قىلىش كېرەككى، ئۇ ئۇ ئايالغا ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆچ ئىدى. بىلايىدىن ئەپەندى بولمىسىمۇ، گلانگۇر كوچىسىدىكى قاتىللىق دېلوسى بولمىسىمۇ، ئۇ ئاشۇ ئىپلاس ھىيلە ـ نەيرەڭىنى داۋاملاشتۇرىۋېرەتتى؛ 200 مىڭ فرانكلىق يىللىق كىرىمنى تاكى سەرگەرداڭ ئۆلگىچە داۋاملىق يىغىۋېرەتتى، ئۇ بولسا ئۇنى تاماكا چېكىشتىن چەكلەپ، ھۇجرىسىغا سولاپ قويۇپ يۈرىۋېرەتتى!

— ئىپلاس نەرسە!...

جىنايى ئىشلار ساقچى مەھكىمىسى... مەگەر كۆڭۈلسىز ھالدا پەلەمپەيگە چىقتى.

— ھەممەيلەن سىزگە قاراپ قالدى، ساقچى باشلىقى ئەپەندى...

— بىلىمەن... بىلىمەن...

چۈش سائەت 12 . ھەممە ئادەم ئۇنى كۈتمەكتە، ھەممە

www.uyghurkitap.com

ئادەم ئۇنى ئەيىبلىمەكتە، بولۇپمۇ تەيىيارلىق سوراق سوراقچىسى، ئۇنىڭچە، ئۇنىڭ ئابرويى...

تاكى سائەت ئۇچكىچە دوكلات داۋاملاشتى.

— ئىسپاتلاش كېرەككى... — دېدى بلايدىز ئەپەندى سوغۇق كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ھەممىسى تولۇق ئىسپاتلىنىپ بولدى...نىس ساقچى ئىدارىسى ژۇستاننى سوراق قىلدى، ئۇ...

بۇ راست ئىدى. ئۇ يەردىكىلەر يۇمشاق قوللۇق ۋاستىلەر ئارقىلىق ژۇستاننى ئىقرار قىلدۇرغانىدى. ھەر دائىمقىدەك، ئۇ ئۆز كاتىپىشىنىڭ جىنايىتىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، ئۆزىگە يېنىكرەك جازا كېلىشىنى ئۈمىد قىلدى.

مىگىر خانىم تېلېفوندا:

— ئۆيگە يەنە قايتىمامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— بىر سائەتتىن كېيىن... كەچلىك تاماقتا نېمە يەيمىز؟...

يەنە بىر قېتىم مېگىشقا توغرا كېلىپ قالدى. چۈنكى تەيىيارلىق سوراق سوراقچىسى، لىكلاۋاگىن خانىمنى ئالداپچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزدى دەپ ئەيىبلەش ئۈچۈن، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئەرزى بولۇشى كېرەك، دەپ ھېسابلىغانىدى.

زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بولسا ھېلىقى ئارگېنتىنالىق ئادەم، ئۆز قىزىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان كىشىگە يىلىغا 200 مىڭ فرانك پۇل بېرىشكە كاپالەتلىك قىلغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆلگەن.

ئۇنىڭ قىزى جەنۇبىي ئامېرىكىلىق نۇرغۇنلىغان مىراسخور پۇلدار ئادەملەردەك، بىر چەت ئەللىك شاھزادىگە تۇرمۇشقا چىقىپ، پارىژدا تۇرۇۋاتاتتى.

مىگىر يۈلتۈز مەيدانىدىكى ئالاھىدە بىر مېھمانىدا قىسقا شىم كىيگەن خىزمەتچىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ھەشەمەتلىك مېھمانخانىدا كۈتۈپ ئولتۇردى. ئۇ بىر سائەت كۈتتى، بىچارە مىگىر خانىم! يەنە بىر سائەت كۈتتى ۋە ئۇخلاپ قالدى.

— كەچۈرىسىز، ساقچى باشلىقى ئەپەندى... سىزنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ... ئۇنىڭدىن باشقا، مەن بىلەلمىدىم...

ئىلگىرى دوختۇر لىكلاۋاگىسن داۋالاپ قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ياش قىزچاق ئەمدىلىكتە ئەللىك ياشلاردىكى خانىم ئىدى. ئۇ ياش قىزلاردەك ياسانغانىدى. ئۇ ھۆسىن تۈزەش ئورنىنىڭ باي دائىمي خېرىدارى ئىكەن ـ دە. ياش يىگىت خۇددى چەۋەندازلاردەك ئۇنىڭ يېنىدا ھەمراھ بولۇپ تۇراتتى.

— سىز بەلكىم... سىز بەلكىم دادىڭىزنىڭ بىر دوختۇرغا يىلىغا 200 مىڭ فرانك بېرىۋاتقانلىقىنى بىلەمسىزكىن دەيمەن، بۇ دوختۇر...

— ھە! راست... مەن ئۇ چاغدا كىچىك بولغانىدىم... روست، مېنىڭ كىچىك بولۇپ قالغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز...

— ۋەھالەنكى، بۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتتى...

— ۋاي بىچارە!... ئۇ ياش بولسا كېرەك...

— شۇڭلاشقا ئۇ...

بولدىلا! ئەڭ ياخشىسى بۇ ئۆيدە ياشنىڭ گېپىنى چىقارمىغان تۈزۈك!

— ئۇنىڭ ئايالى... يىللىق كىرىمىنى قولدىن چىقىرىپ قويماسلىق ئۈچۈن... گانا پورتىدىن ئۆز يولدىشىغا ئوخشايدىغان بىر سەرگەردانىنى تېپىپ ئەكەپتۇ...

www.uyghurkitap.com

— تازا قىزىقكەن!... ۋاي خۇدايىم، روست، ئەجەب قىزىق ـ ھە!... ئېيتىڭا، ساقچى باشلىقى ئەپەندى... ئۇ بۇ سەرگەرداننى بىلەن ... بوپتۇمۇ؟ قىسقىسى، ئۇ ئۇنى ھەققىي ئېرىشىم دەپ قاراپتىمۇ؟ ئۇلار پەزرەنتلىك بوپتۇمۇ؟...

— بۇ بىر ئالدامچىلىق ئەنزىسى، سىز بولسىڭىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى، شۇڭا يۇقىرىغا ئەرز سۇنامسىز ـ يوق، سوراپ باقاي دەپ كېلىۋېدىم...

— ئەرز سۇنۇش؟... نېمىشقا؟

— چۈنكى ئۇن يىلدىن بۇيان ھەرىيلى سىزدىن نۇرغۇن پۇلنى ئالداپ ئېلىۋاتىدۇ...

— بىچارە ئايال! ئۇ ماڭا خەت يازغان بولسا... مەن يىللىق پۇل ھەققىدىكى ئىشنى ئۇنتۇپلا كەتتىم... بۇ ئىشنى ۋاكالەتچىم باشقۇرىدۇ... لېكىن، ياق، ساقچى باشلىقى ئەپەندى... ئېيتىڭا... مۇشۇنداق ئايال بىلەن تونۇشقان بولسام ناھايىتى خۇشال بولغان بولاتتىم... تازا قىزىق ئىكەن!... يەنە بىر يولدىشى ئەسلىدىكىگە ئوخشايدىكەن!... روست، سىزنىڭچە بۇ ئىش ئادەمنى ھاياجانلاندۇرمامدۇ؟... ئۇنىڭغا ئېيتىڭ، ماڭا تېلېفون بەرسۇن، كېلىپ بىرەر ئىستاكان چاي ئىچىپ كەتسۇن...

— ئاخىرى قايتىپ كەلدىڭىز ـ دە!... كەلدىڭىز، مىگىر! سىز تېلېفوندا دېگەندىكىن، مەن كالا گۆشىگە چوشقا مېيىنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىق قىلىپ قويدۇم...

لېكىن، مىگىر ئىشىك ئالدىدا تۇرۇۋېلا چاپىنىنى سېلىپ، گالستۇكى، يالغان ياقىسىنى ئالغاچ، چۈشىنىكسىز تۇردە:

— ئۇخلايمەن...، — دېدى.
— ھە؟... تاماق يېمەمسىز؟ سىز...
ئۇ ئاڭلىمىدى، ئۇدۇل ياتاق ئۆيگە كىردى-دە، ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، كىيىملىرىنى سالغاچ:
— ئەخمەق!... قارىمامسەن، خەقلەر تازا ئەخمەقكەن! ... — دېدى.
ئۇ كارىۋاتنىڭ پۇرژىنىسىنى غىچىرلىتىپ، ياستۇقتىن بېشى پاتقۇدەك ئورەك ھازىرلىدى. ئۇ ئۇخلاپ قالغان بولسىمۇ، ئۆزىچە:
— ئۇلار ئۇنىچىۋالا ئەخمەق بولمىسا، ساقچى لازىم بولمايتتى... — دەۋاتاتتى.

تەرجىمە قىلغۇچى: سائادەت ئىمىن
تەرجىمە مۇھەررىرى: ئايشەم تاۋار

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

جاۋابكار مۇھەررىر: ئابدۇللا ئابلىز
جاۋابكار كوررېكتور: خۇدا بەردى خېلىل

## گۈلستان (23)

(ئەدەبىي تەرجىمىلەر)

تۈزگۈچى، نەشر قىلـ- غۇچى ۋە تارقاتقۇچىسى: مىللەتلەر نەشرىياتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
1991-يىل 1-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1991-يىل 1-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 2.05 يۈەن

**花坛（23）**

（文学译丛）

（维吾尔文）

民族出版社编辑出版发行
各地新华书店经销
民族印刷厂印刷

开本：850×1168毫米 1/32 印张：8 3/4
1991年1月第1版
1991年1月北京第1次印刷

印数：0001—1,500册
ISBN 7—105—01200—5/I·239

民 文 （维 34） 定价：2.05元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ISBN 7—105—01200—5/I·239
民 文 (维 34) 定 价：2.05元